# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

1

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

(1 ـ توم)

تۈزگۈچىلەر: ئادىل مۇھەممەت
روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ
بېكىتكۈچى: ئوسمان ئىسمايىل تارىم

<u>بۇ يەرنى چېكىپ مۇندەرىجىنى كۆرۈڭ</u>

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔谚语集成(1)：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德，如则麦麦提·穆太力普编. -- 乌鲁木齐 ：新疆文化出版社，2016.9
ISBN 978-7-5469-8734-7

Ⅰ.①维… Ⅱ.①如… Ⅲ.①维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第216862号

---

**责任编辑**：迪丽努尔·阿布都热合曼
**特约编辑**：哈斯亚提·依不拉音
**责任校对**：克尤木·吐尔逊
**制　　版**：阿卜来提·阿伍提
**责任复审**：阿迪力·穆罕默德
**责任决审**：艾尼瓦尔·库迪力克
**封面设计**：努尔买买提·艾买尔
**责任印制**：刘伟煜

**书　　名**：维吾尔谚语集成(1)
**编　　者**：阿迪力·穆罕默德　如则麦麦提·穆太力普
**出　　版**：新疆文化出版社
**地　　址**：乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号
**发　　行**：新疆新华书店
**印　　刷**：北京新华印刷有限公司
**开　　本**：880毫米 × 1230毫米 1/32
**印　　张**：23.25
**版　　次**：2016年9月第1版
**印　　次**：2017年1月第1次印刷
**书　　号**：ISBN 978-7-5469-8734-7
**定　　价**：68.00元

---

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

# ئاتىلار سۆزى ـــ ئەقىلنىڭ كۆزى

ـــ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى توغرىسىدا چۈشەنچە

ئوسمان ئىسمائىل تارىم

ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزدىنىش ۋە جاپالىق ئەمگەك نەتىجە-سىدە «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈ-رۈش كىتاب نەشر قىلىندى. بۇ ئۇيغۇر ئەل ئىچى مەدەنىيىتى-نى قېزىش، توپلاش ۋە قۇتقۇزۇش ساھەسىدە قولغا كەلگەن خۇشاللىنارلىق نەتىجە. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ بىر يۈرۈش كى-تاب ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسى-لىرى توپلاملىرىنىڭ ئەڭ تولۇقى. شۇڭا مەن بۇ ئەمگەكنى يو-رۇققا چىقىرىش ئۈچۈن ئەجىر قىلغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىز-نى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن!

مەن مەزكۇر توپلامنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك چۈ-شەنچە بېرىپ ئۆتىمەن.

## 1. ماقال ـ تەمسىلنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئالاھىدىلىكى

ماقال ـ تەمسىل خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدىغان ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرى. ئۇ بىر خىل بىلىم قىممىتىگە ۋە پەلسەپىۋى

چۈشەنچىگە ئىگە تارقىلىشچان ئەقلىيە سۆز.
ماقال ـ تەمسىل خەلق تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇنى ئادەتتە كىشىلەر ئۆز نۇتقىدا دائىم قوللىنىدۇ. ئەمما، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تىلى ئەمەس، بەلكى خەلق تىلىنىڭ تاۋلىنىپ چىققان مېغىزىدۇر. بىز ئۇنى تىلنىڭ جەۋھىرى ـــ مېغىزى دېگەندە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى تۆت خىل ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز:
1) ماقال ـ تەمسىل چوڭقۇر مەزمۇنلۇق تىلدۇر. ماقال ـ تەمسىلدىكى چوڭقۇر مەزمۇن ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا ھاسىل قىلغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، تېبابەتچىلىك ھەققىدىكى بىلىملىرى، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرى ۋە ئەخلاقىي كۆزقاراشلىرى كەڭ كۆلەمدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ خىل بىلىم ۋە تەجرىبىلەر ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىنىپ، بىر خىل مەڭگۈلۈك ھەقىقەتكە ئايلانغان.
2) ماقال ـ تەمسىل ئوبرازلىق تىلدۇر. ماقال ـ تەمسىلنىڭ ئوبرازچانلىقى ـــ ئۇنىڭ پىكىرنى ئابستراكت ئۇقۇم، نەزەرىيەۋى چۈشەنچە ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى كونكرېت، ھېسسىي، جانلىق ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىتىلغان. مەسىلەن، ماقال ـ تەمسىللەردە «كىم جىنايەت ئۆتكۈزسە، جاجىسىنى شۇ تارتىدۇ» دېگەن پىكىر «ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر» دەپ، «ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش كېرەك» دېگەن پىكىر «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دەپ، «ساختا قىياپەتكە كىرىۋالساڭ، ھامان چاندۇرۇپ قويىسەن» دېگەن پىكىر «كۆلەڭگەن نېمەڭگە ھىجايما» دەپ ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقىسى

ئابستراكت خۇلاسە — يەكۈن بولسا، كېيىنكىسى ئوبرازلىق ھېسسىي شەكىلدۇر. دېمەك، ئۇ پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدا جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3) ماقال - تەمسىل يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىخچام تىلدۇر. ماقال - تەمسىلنىڭ ئىخچاملىقى ئۇنىڭ تۇرمۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئىپادە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىخچاملاش ئىقتىدارى ھەرقانداق ئەدەبىي شەكىلدىن يۇقىرى بولۇپ، ئىنتايىن ئاز سۆز بىلەن ئاجايىپ چوڭقۇر مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، «ھەق ئېگىلەر سۇنماس»، «ياش تۆككۈچە، مۇشت تۈگ»، «پۇل تاپقۇچە، ئەقىل تاپ» دېگەن ماقاللار كۆپ يىللىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ناھايىتى قىسقا سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەربىرىنى ئادەتتىكى سۆز بىلەن شەرھلىسەك، نەچچە ئون جۈملە بولۇشى مۇمكىن. ماقال - تەمسىل ئەنە شۇنداق ئىخچام شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۇ يەنىمۇ قىسقارتىشقا بولمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەن.

4) ماقال - تەمسىل ئاھاڭدار تىلدۇر. ماقال - تەمسىلنىڭ ئاھاڭدارلىقى — ئۇنىڭ قېلىپلاشقان ۋە تۇراقلىق شېئىرىي رىتىمغا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەر كۆركى — ساقال،
سۆز كۆركى — ماقال.

ياخشى سۆز تاشنى يارار،
يامان سۆز باشنى يارار.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قاپىيە شەكىللىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاياغ قاپىيە («يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن»)، باش قاپىيە («مېھنەتتىن قاچماي، مىننەتتىن قاچ»)، ئىچ قاپىيە («ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار»)، ئارىلاش قاپىيە («ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن»، «ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە، كېرىلگەنگە كېرىلگىن بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە») شەكىللىرىدە بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىلنىڭ مۇنداق ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان، تارقىلىشى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ماقال ـ تەمسىل خەلق تىلىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق، ئىخچام ۋە ئاھاڭدار شەكلىدۇر.

خەنزۇ خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەن ھەم ئورتاقلىق، ھەم پەرقلىق تەرەپلەرگە ئىگە. خەنزۇ تىلىدا ماقال ـ تەمسىل «谚语» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ماقال بىلەن تەمسىلنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «不怕人老,就怕心老» (تەن قېرىغاندىن كۆڭۈل قېرىغان يامان) دېگەن ئىبارە ئۇيغۇر تىلىدا «ماقال» دېيىلىدۇ. «野狼看见小羊,没有不咬的» (پاقلاننى يېمەيدىغان بۆرە يوق) دېگەن ئىبارە بولسا «تەمسىل» دېيىلىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خەنزۇ تىلىدا «谚语» دەپ ئاتىلىپ، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۇرۇلمەيدۇ. خەنزۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا «歇后语» دېگەن بىر ژانىر بولۇپ، ئۇمۇ ماقال ـ تەمسىلگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئەمما ئىنچىكە كۆزەتسەك، ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىن ماقال ـ تەمسىلدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. «歇后语» ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى قىسمى ۋاستە بولغۇچى سۆز، كېيىنكى قىسمى بولسا مەقسەت ئىپادە-

لەنگەن سۆزدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى بىلەن كې-
يىنكى قىسمى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئالدىنقى قىسمىدا
بىرەر شەيئى تەسۋىرلىنىدۇ ياكى بىرەر ھادىسە ئوتتۇرىغا قويۇ-
لىدۇ، كېيىنكى قىسمىدا ئەنە شۇ ئالدىنقى قىسمىغا ئاساسەن
تەبىئىي يوسۇندا خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى
بولمىسا، كېيىنكى قىسمىدىكى پىكىر تومتاق بولۇپ قېلىپ،
ئۇنىڭ نېمىگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەكسى-
چە كېيىنكى قىسمى بولمىسا، ئالدىنقى قىسمىدىن تولۇق ئا-
ياغلاشقان مەنە ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىنى بىر - بى-
رىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىن-
قى قىسمى ئوخشىتىش سۆزى بولسا، كېيىنكى قىسمى ئەنە شۇ
ئوخشىتىشنىڭ شەرھىيسى، ئېنىقلىمىسى بولىدۇ. مەسىلەن،
«黄鼠狼给鸡拜年，没安好心» (ئاغمىخاننىڭ توخۇنى ھېيتلە-
شى — ياخشى نىيەتتىن ئەمەس)، «快刀切豆腐，两面光» (ئۆت-
كۈر پىچاقتا توغرالغان دۇفۇ — كۆركەم بولىدۇ). ئېنىقكى، بۇن-
داق شەكىلدىكى ژانىر ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ياكى تىل ئىس-
تېمالىدا مەۋجۇت ئەمەس. ئادەتتە تەرجىمانلار «歇后语»نى ئۇي-
غۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەشكە
ئەھمىيەت بېرىپ، شەكلىنى ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللى-
رىنىڭ شەكلىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ماقال - تەمسىل بىر مىللەت تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى
بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۆز ۋە جۈملىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك
خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ. نۇتۇق پائالىيەت-
لىرىمىزدىكى ماقال — تەمسىللەر بەزىدە سۆز، بەزىدە سۆز بى-
رىكمىسى ۋە بەزىدە جۈملە رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر
بىز «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن تەمسىلنى يالغۇز ئىش-
لەتسەك، ئۇ تولۇق ئاياغلاشقان جۈملە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز
ئۇنى مەلۇم بىر جۈملىنىڭ ئىچىگە قويۇپ «جىننىڭ قەستى
شاپتۇلدا، ئىككەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ» دەپ ياكى «جىننىڭ

قەستى شاپتۇلدا، دېگەندەك، ئۇ ماڭا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ پۇ-
لۇمغا دوست» دەپ ئىشلەتسەك، ئۇ ھالدا ئۇ جۇملە تەركىبىدە
سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ كېلىدۇ. ماقال - تەمسىل
ئەنە شۇنداق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسى-
لەن، «پولۇ قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن»)، كۆچمە مەنىدى-
كىسى بولىدۇ (مەسىلەن، «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ»)، كەڭ مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن، «چىقماقنىڭ چۈش-
مىكى بار، ئالماقنىڭ بەرمىكى»)، ئەكس مەنىدىكىسى بولىدۇ
(مەسىلەن، «مۇزلىساڭ مۇزدا يات») ۋە مەنداشلىرى بولىدۇ
(مەسىلەن، «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ
بار» — «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بۆز خالتاڭنى قويۇپ بار»)،
شۇنداقلا زىت مەنىدىكىلىرىمۇ بولىدۇ (مەسىلەن، «ئاتمىشقا
كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما» — «چوڭنىڭ ئەقلىمۇ
چوڭ»).

ماقال - تەمسىللەر كۈچلۈك مىللىي خاراكتېرگە ئىگە بو-
لىدۇ. بۇنداق مىللىي خاراكتېر ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش
ۋاسىتىلىرىدە ئەڭ روشەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «بەزى ئادەملەر
مەلۇم ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى يوقى-
تىپ قويىدۇ» دېگەن بۇ پىكىرنى ئالساق، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا
«ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەن ماقال بىلەن ئىپادىلەنسە،
خەنزۇ تىلىدا «和尚见钱经也卖» (راھىب پۇلنى كۆرگەندە
نومنىمۇ سېتىۋېتىدۇ) دېگەن ماقال ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دې-
مەك، بۇ يەردە ئوخشاش بىر پىكىر ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى، خەن-
زۇلاردا بۇددا دىنى ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. دەل مۇشۇ
سەۋەبتىن، بەزى ماقال - تەمسىللەرنى باشقا مىللەتنىڭ تىلىغا ئۇ-
دۇلمۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلغاندا مەنىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگىلى
بولمايدۇ. ئالايلى، ئەگەر بىز «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن بۇ
تەمسىلنى خەنزۇ تىلىغا «鬼魂的企图在桃子上» دەپ تەرجىمە

قىلىساق، خەنزۇلار بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيدۇ. دې-
مەك، ماقال ــ تەمسىل مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تە-
پەككۇر ئۇسۇلى، پسىخىكىسى، ياشاش شارائىتى، دىنىي ئېتىقا-
دى، ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، ئېستېتىك كۆزقاراشلىرى، ئۆرپ ـ
ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئەڭ ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان
ئەدەبىي شەكىلدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ
مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۆزنىكىدۇر.

## 2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ توپلاپ رەتلىنىشى ۋە پايدىلىنىشى

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ خاتىرىلىنىش تارى-
خىمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن. بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ئا-
لىم مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىش ئېھتى-
ياجى بىلەن ھەرقايسى يۇرتلاردا دالا تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇر-
غۇن ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلىغان ۋە بۇ ماقال ـ تەمسىللەر-
دىن 279 پارچىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزگەن.
بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلىگۈچى
مەھمۇد كاشغەرىي بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى
توپلاش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش جەھەتتە ئۇنىڭ تۆھ-
پىسى بىباھادۇر.

مەھمۇد كاشغەرىيدىن كېيىنكى كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىز
گەرچە ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاپ، ئەسەرلىرىدە مەخسۇس
ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىدە ماقال ـ تەمسىللەردىن
كەڭ تۈردە پايدىلانغان.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ئۇزۇق ئېلىش ۋە
ئۇنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈش جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ
گەۋدىلىك ئورۇندا تۇردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ

بىلىك» ناملىق داستانىدا بىز ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەرنى تالايلاپ ئۇچرىتىمىز. ئۇنىڭ «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقار» دېگەن ماقالنى «ئورۇن سۈت بىرلە ئىزگۇ قىلىق، ئۆلۈم تۇتماغۇنچە بۇزۇلماس ئېرىك» دې-گەن شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلىشى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن-دۇر. شائىر ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستا-نىدا ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنى گۈزەل شېئىرىي مىسرالار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇ تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئەخلاق ئۆلچەملىرى بى-لەن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ماقال - تەمسىل-لەردىكى ئەخلاقىي كۆزقاراشلاردا روشەن ئوخشاشلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەم-سىللىرىنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەس. شائىر ئەلىشىر نەۋا-يى ماقال - تەمسىللەردىن پايدىلىنىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇ-غۇللىنىشنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن:

ئىشق ئوتۇڭنى يوشۇردۇم، ئەل ئارا يايدى رەقىب،
كىم ئىستىمىسىنى نىھان تۇتسا، قىلۇر مەرگ ئايان.

بۇ مىسرالاردا «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن ماقال ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

يەردىن دېسە قېزىپ چىقىراي، يەر ئىرۇر قاتتىق،
كۆك كاندىن دېسەكى ئۆلەي، كۆك يىراق ئىرۇر.

بۇ پارچىدا «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق» دېگەن تەمسىل ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

يۇقار يامانلىغ ئاڭا كىم، كىرەر يامان ئەل ئارا،
كۆمۈر ئارا ئىلىك ئۇرغان قىلۇر ئىلىكنى قارا.

مەزكۇر غەزەلدە «يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى» دېگەن ماقال ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

ئوخشاشلا ھىرقىتى، زەلىلى، نىزارى، غېرىبى، نازىمى قاتارلىق داڭلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرى ماقال - تەمسىللەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدىكى كۆزقاراشلارنى چوڭقۇرلاشتۇرغان ۋە پاكىتلاشتۇرغان. ماقال - تەمسىللەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز»دەك يارىشىپ، بۇ ئەسەرلەرنى تېخىمۇ ئوبرازچانلىققا، جانلىقلىققا، ئېنىقلىققا ۋە جازىبىدارلىققا ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ئىلمىي ھالدا توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن باشلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە رادلوف، پانتۇسوف، كاتانوف، مالوف، گۇننار ياررىڭ قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش جەھەتتە پانتۇسوفنىڭ ئەمگىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ 1871 ـــ 1889 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجا رايونىدىن نۇرغۇن ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى توپلىدى. بۇ ماتېرىياللار ئىچىدە زور مىقداردىكى ماقال - تەمسىللەر بولۇپ، ئۇنىڭ «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرى» ناملىق كىتابىغا 500 گە يېقىن ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن. پانتۇسوف ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى «خانلار ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەر»، «ياخشى ۋە يامان خوتۇنلار ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەر»، «تالاشلار ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەر»، «ئۆلۈكلەر ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەر» دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرغان.

ئاكادېمىك رادلوف 1862 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئىچىدە تەكشۈ-رۈشتە بولۇپ، بىرقىسىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى ئۆزىنىڭ «شىمالىي تۈرك قەبىلىلىرى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابى-نىڭ 6 ـ تومىغا كىرگۈزدى. قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پرو-فېسسورى كاتانوف 1889 ـــ 1892 ـ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ قومۇل ۋە تۇرپان رايونلىرىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ بۇ جەرياندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىگە تەۋە ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى كىتابلىرىدا تىل پا-كىتلىرى سۈپىتىدە ئېلان قىلدى. رۇس ئالىمى مالوفمۇ ئۇي-غۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش ساھەسىدە نۇرغۇن خىزمەت قىلدى. ئۇ 1912 ـــ 1914 ـ يىلىغىچە شىن-جاڭغا كېلىپ تىل تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل شېۋىلىرى»، «لوپنۇر تىلى» قا-تارلىق كىتابلىرىدا بىرقىسىم ماقال ـ تەمسىللەر بار.

جۇڭگودا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىلمىي توپلاش خىزمىتى پەقەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا سىستېمىلىق ئىشلىنىشكە باشلىدى. ئەينى دەۋردە بىرقىسىم ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى خەلق ئىچىگە چوڭقۇر چۆ-كۈپ، چۆچەك، قوشاق، لەتىپە ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى كەڭ تۈردە توپلاپ، ھەرقايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپلا قالماي، مەخسۇس توپلاملارنىمۇ نەشر قىلدى. 1957 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن مۇھەممەد زەئىدى نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ناملىق كىتاب مەيدانغا كەلدى. يەنە شۇ يىلى زۇنۇن قادىرى ۋە مۇھەممەت رەھىم تۈز-گەن «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ناملىق توپلام شىن-جاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بولۇپمۇ ئې-

لىمىزدە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن
كېيىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش ساھەسى-
دە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەر قاتارىدا، ماقال - تەمە-
سىللەرنى توپلاپ نەشر قىلىش خىزمىتىمۇ ياخشى ئىشلەندى.
بۇ جەھەتتە ئەدىب مۇھەممەت رەھىمنىڭ ئەمگىكىنى ئالاھىدە
تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا
باشلىغان خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1979 - يىلىدىن كې-
يىن، «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» نامىدا يەنە ئارقا -
ئارقىدىن بىرنەچچە توپلام كىتاب تۈزدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللى-
رى گوۋۇيۈەننىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەملىكەت
مىقياسىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتى كەڭ قا-
نات يايدى. ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلەر ئۆز تەۋەسىدە تارقى-
لىپ يۈرگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى جىددى
توپلاپ، ئارقا - ئارقىدىن «ئۈچ توپلام» (قوشاق، چۆچەك ۋە ما-
قال - تەمسىل توپلاملىرى)لارنى نەشر قىلدۇردى. نەتىجىدە
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
40 نەچچە ناھىيە - شەھىرىدە مەخسۇس ماقال - تەمسىل توپ-
لىمى تۈزۈلدى. بۇ توپلاملاردا گەرچە ئېغىر تەكرارلىق ھادىسىسى
ساقلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى-
نى قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىگە مىسلىسىز تۆھپە قوشتى.

پېشقەدەم ئەدىب مۇھەممەت رەھىم توپلىغان ماقال - تەمە-
سىللەر ۋە يەرلىكتە تۈزۈلگەن ماقال - تەمسىلنىڭ 40 تىن
ئارتۇق توپلىمى 2005 - يىلى ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار
تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى — ماقال -
تەمسىل قىسمى» (7 - قىسىم) ۋە 2007 - يىلى ئېزىز ئاتا-
ۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»
ناملىق كىتابىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مۇھىم ئاساس بولدى. يۇ-
قىرىقىلاردىن باشقا يەنە يېقىنقى يىللاردا مەتبەلى سايىت، ئا-

لىم قادىر، ئابدۇراھمان زۇنۇن قاتارلىقلار تۈزگەن ماقال - تەمسىل توپلاملىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. بىز بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۆھپىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالالمايمىز.

## 3. قەدىمكى زامان ماقال - تەمسىللىرى ھەققىدە

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللاردا ماقال - تەمسىللەرنىڭ نەمۇنىلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بىز ئۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ماقال - تەمسىللىرى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا، تەكرارلانغان ماقال - تەمسىللەرنى چىقىرىۋەتكەندە، 279 پارچە ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن. بۇ ماقال - تەمسىللەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ. تەتقىقاتچى ئابدۇشۇكۇر تۇردى بۇ ماقال - تەمسىللەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 69 پارچە ماقال - تەمسىلنىڭ ئۆز پېتى ياكى ئۆزگەرگەن ھالەتتە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋردىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ماقال - تەمسىللەردىن مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەر ھازىرقى زامانغىچە ئەينەن ساقلانغان. مەسىلەن:

ئاچ نە يەمەس، توق نە تەمەس.
(ئاچ نېمە يېمەيدۇ، توق نېمە دېمەيدۇ.)

بەش ئەرڭەك تۈز ئەمەس.
(بەش قول بىردەك بولماس.)
بۇغداي قاتىنىدا سارغاچ سۇۋالۇر.
(بۇغداينىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.)
ئىككى قوچقار باشى بىر ئاشىقتا پىشماس.
(ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىماس.)
كىشى ئالاسى ئىچىن، يىلقى ئالاسى تاشىن.
(ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.)
كۆككە سۇدىسا، يۈزكە تۈشەر.
(ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ، يۈزۈڭگە چۈشەر.)
كۆسەگۈ ئۇزۇن بولسا، ئەلىگ كۆيمەس.
(كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەيدۇ.)
كۆزدەن يىراسا يەمە كۆڭۈلدەن يىرار.
(كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.)
قارى ئۆكۈز بالدۇغا قورقماس.
(قېرى كالا پىچاقتىن قورقماس.)
ئۇپغۇر يىغاچ ئۇزۇن كەس، تەمۈر قىسقا كەس.
(ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس.)

ئىككىنچى، بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولغان، بۇنداق ماقال - تەمسىللەردىكى بەزى سۆزلەر ياكى بۆلەكلەر ئۆزگەرگەن ھالەتتە بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن:

ئاچ تەۋەك، توق تۆلەك.
(قورساق توق، كۆڭۈل شوخ.)
بىرىن - بىرىن مىڭ بولۇر، تاما - تاما كۆل بولۇر.
(تاما - تاما كۆل بولۇر.)
ئىكى بۇغرا ئىكەشۇر، ئوترا كۆكەگۈن يانچىلۇر.
(ئىككى ئات تېپىشسە، ئارىدا ئېشەك ئۆلۈر.)

قورقمىش كىشىگە قوي باشى قوش كۆرۈنەر.
(قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش.)
قۇش قاناتىن، ئەر ئاتىن.
(ئەر قانىتى ئات.)

ئۈچىنچى، يەنە بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەردىكى سۆز ۋە مەنە ئىپادىلىگۈچى ۋاستىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش بولغان، ئەمما ئۇلارنىڭ مەنىسى ئۆزگەرمىگەن. مەسىلەن:

بار باقىر، يوق ئالتۇن.
(يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن.)
قۇتسىز قۇدۇققا كىرسە، قۇم ياغار.
(يېتىم قىز سۇغا چىقسا، بېشىدىن يار كېتىپتۇ.)
سۇۋ ئىچىرمەسكە سۇت بەر.
(تاش ئاتقانغا ئاش ئات.)
تاپۇغ تاش يارار، تاش باشىغ يارار.
(ياخشى سۆز تاشنى يارار.)
يىپارلىق كەسۈرگۈدىن يىپار كەتسە، يىدى قالۇر.
(ھەسەل ئالغان قاچىنىڭ يۇقى قالار.)

ئابدۇشۈكۈر تۇردى«دىۋان» دىكى ماقال - تەمسىللەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى بىلەن بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇگۈنگىچە ئەينەن ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن 31، ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرگەنلىرىدىن 22، شەكلى ئۆزگىرىپ مەنىسى ئۆزگەرمىگەنلىرىدىن 16، جەمئىي 69 پارچە ماقال - تەمسىلنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئۆز پېتى ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالەتتە بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىشى، ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي گېن سۈپىتىدە مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد

داۋاملىشىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ئەمما «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ماقال ـ تەمسىللەردىن 200 دىن كۆپرەكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە ئاغزاكى شەكىلدە يېتىپ كېلەلمىگەن، يەنى ئۇلار ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان. بۇنداق ماقال ـتەمسىللەرنىڭ ئىستېمالدىن قېلىشىمۇ بىر خىل مۇقەررەر ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئەندىزىلىك قانۇنىيىتىدۇر.
مېنىڭچە بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىستېمالدىن قېلىشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار:
1) ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىر قىسىم ماقال ـتەمسىللىرىمىز ئىستېمالدىن قالغان. مەسىلەن، «قۇل ياغى ئىت بۆرى»(قۇل دۈشمەن، ئىت بۆرە) دېگەن ماقالنى ئالساق، مەھمۇد كاشغەرىي «بۇ ماقال قۇلنىڭ غوجايىنىغا ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ، چۈنكى، قۇل پۇرسەت تاپسىلا قېچىشنىڭ كويىدا بولىدۇ» دەپ ئىزاھلايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ماقال قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر قارىمۇ قارشىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بېرىلگەن. كەم دېگەندىمۇ ئۇ فېئودال ئاقسۆڭەك تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ چاكارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چاكارلارغا بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماقال قۇللۇق ياكى يانچىلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن تەبىئىي ھالدا ئىستېمالدىن قالغان. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە «ئىم بىلسە ئەر ئۆلمەس» دېگەن ماقالنى ئىزاھلاپ «ئىم ـــ ھەربىي قوشۇنلاردا باش قوماندان تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن، ئۆز ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مەخپىي بەلگە» دەيدۇ. بىز بۇ ئىزاھاتتىن «ئىم»نىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى «پارول» ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. «ئىم بىلسە ئەر ئۆل-

مەس» دېگەن ماقال ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا «پارول»نىڭ نەقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەينى دەۋردە ھەرقايسى جايلاردا كىچىك خانلىقلار ھۆ-كۈم سۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇلار دائىم ئۆز ئارا يۇت تېپىشىپ تۇراتتى. بۇ خانلىقلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى پەقەت قول ئاستى-دىكى ئارمىيەگە تايىنىپلا ساقلاپ قالاتتى. كىشىلەر يول يۈر-گەندە ۋە باشقا يۇرتلارغا بارغاندا داۋاملىق يەرلىك ئارمىيە تە-رىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىش، ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىگە دۇچار بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىم بىلسە ئەر ئۆلمەس» دېگەن بۇ ما-قال ئۆز ۋاقتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە ھەربىي تۈزۈمدىكى يەرلىك خانلىقلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن بۇ ماقالنىڭ ئەھمىيىتىمۇ تەبىئىي ھالدا يو-قالغان. «يەر باسرۇقى تاغ ، بودۇن باسرۇقى بەگ» (يەر باستۇ-رۇقى تاغ، خەلق باستۇرۇقى بەگ) دېگەن ماقال يەرنى تاغ بې-سىپ تۇرغانغا ئوخشاش خەلقنى بەگ بېسىپ تۇرغاچقا تىنچ تۇ-رىدۇ، چۈنكى خەلقنى بەگلەر يولغا سالىدۇ، دېگەن مەنىدە بو-لۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرى تەبىقە فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ قاراشلىرى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ماقالنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىستېمالدىن قېلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئە-مەس. «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن «تۇتۇشمە گىنچە تۇزۇلمەس، تو-پۇرمەنگىنچە ئاچىلماس» (تۇتۇشمىغۇچە ئارا تۈزۈلمەس، شامال چىقمىغۇچە ھاۋا ئېچىلماس) دېگەن ماقال ھەرقايسى قەبىلە، قە-بىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە پارچە خانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش-تالاش قىلىش، «چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يۇتۇۋېلىش» ھا-دىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، «ئىنگەن ئىگرىسا بوتو بوزلار» (ھىنگان ئىگرىسا، بوتا بوزلار)، «تەگمە كىشى ئۆز بول-ماس، يات ياغۇق تۇز بولماس» (ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس، يات بىلەن تۇغقان تەڭ بولماس) قاتارلىق ماقاللار ئۆز ۋاقتىدى-كى كۈچلۈك ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ۋە جەمەتچىلىك كۆز قاراش-

لىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىز يەنە «قاڭداش قوما ئۇرۇر، ئىكدىش ئۆرۈر تارتار» (ئاتا بىر ئانا باشقا پېتىشالماس، ئانا بىر ئاتا باشقا ئاجرالماس) دېگەن ماقالدىن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئىزناسىنى كۆرەلەيمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال - تەمسىللەر ئىچىدە فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىك قانۇن - تۈزۈمى ئىنكاس قىلىنغان ماقاللارمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، «قارا بۇلتىغ يەل ئاچار، ئۇرۇنچ بىلە ئەل ئاچار» (قارا بۇلۇتنى شامال ئاچار، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىكىنى پارا ئاچار)، «قالىن بۇلۇتۇغ تۇپى سۇرەر، قاراڭغۇ ئىشىغ ئۇرۇنچ ئاچار» (قېلىن بۇلۇتنى بوران ئاچىدۇ، ھەل بولمىغان ئىشنى پارا ھەل قىلىدۇ)، «تامۇغ پۇغىن ئاچار تاۋار» (پارا دوزاخنىڭ ئىشىكىنىمۇ ئېچىۋېتىدۇ) قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقاللاردىن ئۆز ۋاقتىدىكى ھۆكۈمران ئەمەلدارلار ئىچىدە پارا قوبۇل قىلىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئاشكارا ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، پۇل، مال - دۇنيانىڭ قانۇننىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك، قەدىمكى ماقال - تەمسىللىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇرۇق - قەبىلىچىلىك تۈزۈمى، ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمى، قۇللۇق - يانچىلىق ۋە فېئودال مۇستەبىتچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىنكاس قىلىۋاتقان ئەنە شۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمال ئىقتىدارىنى يوقاتقان.

2) ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىر قىسىم ماقال - تەمسىللىرىمىز ئىستېمالدىن قالغان. بۇنداق ماقال - تەمسىللەر ئەسلىدە قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇنداق ئادەتلەردە ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ماقال - تەمسىللەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى

يوقاتقان. مەسىلەن، «پۇشماسار بوز قوش تۇتار، ئەۋمەسەر ئىۋ-
رۇڭ قوش تۇتار» (ئىچى پۇشمىسا بوز قوش تۇتار، ئالدىرىممىسا
ئاققوش تۇتار)، «ئاۋچى نەچە ئال بىلسە، ئازىغ ئانچا يول بىل-
لىر» (ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ)
دېگەنگە ئوخشاش ماقاللار ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەج-
رىبە - ساۋاقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، «قالىن قۇلان
چۇفغاسىز بولماس» (قۇلان پادىسى يول باشلىغۇچىسىز بول-
ماس)، «كىشى سۆزلەشۇ، يىلقى يىدۇلاشۇ» (ئادەم سۆزلىشىپ،
ھايۋان پۇرىشىپ تېپىشىدۇ)، «يۇند باشىن يۇلارلاپ كەگىلىدى»
(ئاتنىڭ بېشىنى نوختىلاپ يە) ، «تەۋە مۇنۇپ قوي ياشماس»
(تۆگە مىنىپ قوي ئارىسىغا يوشۇرۇنالماس)، «ئاغىلدا ئوغلاق
تۇغسا ئارىقدا ئۇتى ئۇنەر» (ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا
ئوتى ئۈنەر)، «ئەندۇز بولسا ئات ئۆلمەس» (ئەندىز بولسا ئات
ئۆلمەس)، «ئۆز كۆز ئەر قىشلاغ» (ئۆز - ئۆزىگە غوجا ئادەم،
قىشلاقا ئىگە ئادەمگە ئوخشايدۇ) قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر
ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەجرىبە -
ساۋاقلىرىنى ۋە ھايۋانلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ
تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلار تۇرمۇ-
شىدا ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ
بېرىشى بىلەن ئاستا - ئاستا ئىستېمالدىن قالغان. «يۇك كۆ-
تۇرسە قامىچ يەمە كۆتۈرۈر» (يۈك كۆتۈرگەن تۆگە، چۆمۈچنىمۇ
كۆتۈرىدۇ)، «تاز ئات تافاچى بولماس» (چىپار ئات يۈك كۆتۈ-
رەلمەس)، «ئالىپ ئەرگ ياۋرىشما، ئىقىلاچ ئارقاسىن ياغرىتما»
(باتۇرلارنى خار قىلما، يۇگۇرۇك ئاتنى يېغىر)، «ئوزۇقلۇق ئا-
رۇق ئارماس» (ئوزۇقلۇق ئادەم ھارماس) قاتارلىق ماقاللار ئەج-
دادلىرىمىزنىڭ ھايۋانلارنى ۋاستە قىلغان قاتناش -ترانسپورت
ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، «سارتنىڭ ئازۇقى ئارغ
بولسا، يول ئۆزەيەر» (سودىگەرنىڭ ئوزۇقى ئېرىغ بولسا، يول
ئۈستىدە يەر)، «يىراق يەر ساۋىن ئارقىش كەلتۈرۈر» (يىراق

يەرنىڭ خەۋىرىنى كاۋان كەلتۈرۈر) دېگەنگە ئوخشاش ماقاللار توپ - توپ كارۋان ئارقىلىق شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مال توشۇپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان سودىگەر ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «تەڭرىمىزدە تەگمىرمەن تورغۇرسا ياراغىمىزدا يار بارىر» (ناباب جايغا تۆگمەن قۇرسا، كۆتمىگەندە يار كېتەر) دېگەن ماقالدا سۇ تۈگمىنى ھەققىدە گەپ بولۇنسا. «تاي ئاتاتسا ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەرەزسە ئاتا تىنۇر (تاي بولسا ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەر بولسا ئاتا تىنۇر). «ئاتا تونى ئوغۇلغا ياراسا، ئاتاسىن تىلەمەس» (ئاتىنىڭ تونى ئوغلىغا يارىسا ئاتىسىنى خالىماس) قاتارلىق ماقاللاردا مىراسخورلۇق ئادەتلىرى ئىپادە قىلىنغان. «قالىڭ بەرسە قىز ئالىر، كەردەك بولسا قىز ئالىر» (قالىڭ مال بەرسە قىز ئالار، كېرەك بولسا قىممەتكە ئالار). «تۈنلەر يۈرۈپ كۈندۈدۇز سەۋنۇر، كىچىكدە ئەۋلەنىپ ئۇلغازۇ سەۋنۇر» (كېچىلەپ يۈرسە كۈندۈزى سۆيۈنەر، كىچىك ئۆيلەنسە ياشانغاندا سۆيۈنەر) قاتارلىق ماقاللاردا سېتىۋېلىپ توي قىلىش، كۆپ خوتۇن ئېلىش، كىچىك خوتۇن ئېلىش ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلسە. «قىلىنۇ بىلسە قىزىل كەزەر، يارانۇ بىلسە ياشىل كەزەر» (قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر، ياراي دېسە يېشىل كىيەر) دېگەنگە ئوخشاش ماقاللاردا ئاياللارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ئىپادە قىلىنغان. «كۆندە ئەرۈك يوق، بەگدە قىيىق يوق» (كۆندە يېرىق يوق، بەگدە يېنىۋېلىش يوق) دېگەن ماقالدا ئاغزىدىن چىققان سۆزگە قەتئىي ئەمەل قىلىدىغان قەدىمىي ئېسىل ئادەت ئەكس ئەتتۈرۈلسە. «ئىگىلىك تۈترۈغى ئاز بولار» (ئاغرىقنىڭ ۋەسىيەتى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى) دېگەن ماقالدا ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى، «ئەگىر بولسا ئەر ئۆلمەس» (ئېگىر بولسا ئەر ئۆلمەس) دېگەن ماقالدا بولسا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

دېمەك، يۇقىرىقى ماقال - تەمسىللەر ئاتا - بوۋىلىرىمىز-

نىڭ ھەرخىل ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇخىل ئادەتلەردە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقال ـ تەمسىللەرمۇ تەبىئىي ھالدا ئىشلىتىلمەيدىغان بولغان.

3) ھەرخىل ئېتىقاد ـ چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللىرىمىز ئىستېمالدىن قالغان. بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇماي ئىلاھىغا چوقۇنۇش، ئاسمان جىسىملىرىنى، تاغۇتاشلارنى مۇقەددەس بىلىش، ئۆلۈغلاش ۋە ئۆزلىرىنىڭ تىلىغا چوقۇنۇش ئادەتلىرىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ بىزگە بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلەردىن ئۇچۇر بېرىدۇ. مەسىلەن، «ئۇمايغا تابىنسا ئوغۇل بولۇر» (ئۇمايغا تېۋىنسا ئوغۇل تاپار) دېگەن ماقالنى ئالساق، ئۇنىڭدا كىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئېغىرئاياغ ئايالللارنىڭ ئۇماي ئىلاھىغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ئىپادە قىلىنغان. «تۈنلە بۈلىت ئۆرتەنسە ئەۋلۈك ئۈرى كەلدۈرمىشچە بولۇر، تاڭدا بۈلىت ئۆرتەنسە ئەۋگە ياغى كىرمىشچە بولۇر»(تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولار، تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە ئۆيگە يىغا كىرگەندەك بولۇر) دېگەن ماقالدا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ دەپ قارىغان. «كىمنىڭ بىلە قاش بولسا ياشىن ياقماس» دېگەن ماقالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل گۆھەر تاشلارنى سىرلىقلاشتۇرۇپ قارايدىغان، بۇ خىل تاشلار ھەر خىل كارامەتلەرنى پەيدا قىلالايدۇ دەپ چۈشىنىدىغان ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. «تىلىن تۈگمىشنى تىشىن يازماس» (تىل بىلەن تۈگۈلگەن، چىش بىلەن يېشىلمەس) دېگەن ماقالدا ئىنسانلارنىڭ ئۆز تىلىغا بولغان چوقۇنۇشى روشەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، ئۇ ئېغىزدىن بىرەر سۆز چىققانىكەن، ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ، گەپ ـ سۆزنىڭ ئۆزى سىرلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە دەيدىغان ئىپتىدائىي چۈشەنچىنى ئاساس

قىلغان. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇزاق ئىسلام دىنى شارائىتى ئاس-
تىدا يۇقىرىقى ئېتىقاد ـ چۈشەنچىلەرگە چەك قويۇلغاچقا، بۇ
خىل ئېتىقاد ـ چۈشەنچىلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان ماقال ـ تەم-
سىللەرمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا يۈز تۇتقان.
4) بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەر شۇ ماقال ـ تەمسىل
ئىپادە قىلىنۇاتقان شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئىستېمالدىن
قالغان. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ـ جېدەل ۋە بىر ـ
بىرىگە بولغان سەلبىي كۆز قاراشلارنى ئەكس ئەتتۇرگەن
ماقال ـ تەمسىللەر دەل ئەنە شۇنداق تەقدىرگە يولۇققان. مەس-
لەن، «تاتنىڭ كۆزرە، تىكەننىڭ تۆپدە» (تاتنىڭ كۆزىگە ئۇر، تى-
كەننىڭ تۆۋىگە) دېگەن ماقالنىڭ كەينىگە مەھمۇد كاشغەري
مۇنداق ئىزاھ بېرىدۇ: «تات ـــ مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر، بۇ
ئۇيغۇرلار ۋاپاسىز كېلىدۇ، شۇڭا تىكەننى يىلتىزىدىن كېسىش
لازىم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرنىڭمۇ كۆزىگە ئۇرۇش لازىم دېمەك-
چى». كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ماقالنى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار
مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ ئىجاد قىلغان.
شۇڭا كېيىنچە بۇ ماقالمۇ ئىستېمالدىن قالغان. «يەر ياۋۋزى
قازغان، بودۇن ياۋۋزى بارىسغان» (يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان،
خەلقنىڭ ئەسكىسى بارىسغان) دېگەن ماقالدا بارىسغانلار ھەققى-
دە سەلبىي كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ بۈ-
گۈنكى كۈندە ئاللىقاچان ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان. ئۇنىڭدىن
باشقا «تەۋە بەدۈك ئەرسە ماياقى بەدۈك ئەرمەس» (تۆگە چوڭ
بولسىمۇ، مايىقى چوڭ بولماس) دېگەن ماقال مەھمۇد كاشغەرى-
نىڭ ئىزاھلىشىچە، ئېسىلزادىلەرنىڭ چاكارلىرىغا قارىتىلغان
بولۇپ، «چوڭلۇق ساڭا ئەمەس، ئىگەڭگە يارىشىدۇ» دېگەن مە-
نىدە ئىكەن. ئەلۋەتتە، چاكارلارنىڭ يوقىلىشى بۇ ماقالنىمۇ يو-
قىتىۋەتكەن. «قىز بىرلە كۆرەشمە، قىسراق بىرلە ياراشما»(قىز
بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما) دېگەن ماقال
خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى

تېپىپ يىقتىتۇەتكەنلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. «قارا مۆك كەلمەگىنچە قاراپ يالغا كەچمە» (قارا كۆن كەلمىگۈچە قارا يالغا كەچمە) دېگەن ماقال «قارا يالغا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تىك داۋان ھەققىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇنداق ماقالالار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەبئىي ھالدا ئەھمىيىتىنى يوقىتىدىغانلىقى ئېنىق.

يۇقىرىدا بىز ئىستېمالدىن قالغان قەدىمكى ماقال ـ تەمسىللىرىمىزنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە كۆرسەتكىنىمىز قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئەھمىيىتى يوقالغان ماقال ـ تەمسىللەردۇر. بىراق «دىۋان»دا خاتىرلەنگەن يەنە بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەر مەزمۇن جەھەتتىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا كىشىلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ قالغان. مەسىلەن: «كۆپ سۆگۈتكە قۇش قونار، كۆركلۈگ كىشىگە سۆز كەلىر» (بۈك ـ باراقسان سۆگەتكە قۇش قونار، چىرايلىق قىزغا سۆز كېلەر)، «تاغ تاغقا قاۋۇشماس، كىشى كىشىگە قاۋۇشار» (تاغ تاغقا قوۋۇشماس، كىشى كىشىگە قوۋۇشار)، «يازماس ئاتىم بولماس، ياڭىلماس بىلگە بولماس» (خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولماس، يېڭىلىشمەيدىغان دانىشمەن بولماس)، «ئالىپ چەرىكدە، بىلگە تەرىكدە» (باتۇر سەپتە سىنىلار، دانا يىغىندا)، «قۇش بالاسى قۇسۇنچىغ، ئىت بالاسى ئوخشادچىغ» (قۇش بالىسى يىرگىنچلىك، ئىت بالىسى يېقىملىق)، «تەشۇك سۈۋدا بەلگۈرەر» (تۆشۈك سۇدا بىلىنەر)، «قۇرۇتقا بوزىك بىلمەس، يەرىم تار دەر» (موماي ئۈسۈل بىلمەس، يېرىم تار دەر). بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىستېمالدىن قېلىش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىشەنچلىك پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمايمىز. ئېھتىمال، بۇ ماقال ـ تەمسىللەرگە مەنىداش يېڭى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبىدىن، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا قوللىنىلمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستىمالدىن قالغان قەدىمكى ماقال ـتەمسىللىرى بىزگە يىراق ئۆتمۈشتىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇ بىزگە قەدىمكى ئاتا ـبوۋىلىرىمىزنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى، تۇرمۇش يولى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي مانا مۇشۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرنى خاتىرىلەپ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، ئۇلارنى يېزىقتىن ئىبارەت بۇ ماددىي ۋاستە ئارقىلىق ئەبەدىي قاتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇنداقچە دېگەندە دەل مەھمۇد كاشغەريي سەۋەبىدىنلا، ئۇ يىراق قەدىمكى زاماننىڭ ساداسى، تىرىك شاھىتى، ئۆلمەس ھۆججىتى بولۇپ قالدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن باشقا قوچۇ دەۋرىگە تەئەللۇق ھەرخىل يازما ھۆججەتلەردىمۇ بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەر خاتىرىلەنگەن. بۇ ماقال ـ تەمسىللەردە قوچۇ دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ئۇلاردا كىشىلەر ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەلگەن، بۇددا دىنىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، كىشىلەردىكى ئەمەلپەرەسلىك، زومىگەرلىك، ھاكاۋۇرلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، بوشاڭلىق خاھىشلىرى تەنقىد قىلىنغان، مەردلىك ۋە باتۇرلۇققا مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ ماقال ـ تەمسىللەر ئىككى مىسرالىق شېئىرىي شەكىلدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلاردا خۇددى ئۇز دەۋرىدىكى قوشاقلاردەك ئاللىتىسىراتسىيە بىلەن ئاياغ قاپىيەنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. تۆۋەندە بۇ ماقال ـ تەمسىللەردىن بىر نەچچە ئۆرنەك كەلتۈرىمىز:

ئەردەملىگ كىشى ئەردەنى بىرلە تۆز ئول،
ئەردەمسىز كىشى ئەتۈك ئىچىندەكى ئۇلياق بىرلە تۆز ئول.
(پەزىلەتلىك كىشى پەزىلىتى بىلەن قەدىرلىك،
پەزىلەتسىز كىشى پېتەكتەك قەدىرسىز بولىدۇ.)

بەگىمسىنمە يۈك بەگ بولۇرسا، بەلتىر سايۇ بەرگە سالۇر،
ئاتا قىمىسنما يۇق ئاتىغ بولۇرسا، ئارت سايۇ مايا قايۇر.
(ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئەمەل تۇتسا، ھەر دوقمۇشتا قامچا ئۇرار،
ئاتىقى چىقمىغاننىڭ نامى چىقسا، ھەر داۋانغا بەلگە سالۇر.)

ئەر قۇتى بەلىڭ
سۇ قۇتى تەرىڭ.
(ئەرنىڭ خاسىيىتى باتۇرلۇقتا،
سۇنىڭ خاسىيىتى چوڭقۇرلۇقتا.)

قوچو تاغىندا قاپلان يوق،
قۇردۇق سۇۋىندا بالىق يوق.
(قوچۇ تېغىدا قاپلان يوق،
قۇدۇق سۈيىدە بېلىق يوق.)

چىپىن تالۇيۇغ سۇغۇرغالى قىلۇرىنچا،
چۆمەلى تاغىغ يۆدگەلى قىلۇرىنچا.
(چىۋىن دېڭىزنى سۇمۇرىمەن دەپ زورۇقىدۇ،
چۈمۈلە تاغنى كۆتۈرىمەن دەپ زورۇقىدۇ.)

## 4. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى مەزمۇن جەتتىن مۇن-داق تۆر تۇرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ:

1) ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەر

بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا ھاسىل قىلغان ۋە تەكرار ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ماقال ـ تەمسىللەردۇر. بۇنداق ماقال ـ

تەمسىللەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ مول ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبە-لىرىنى ئىخچاملاپ، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، بېلىقچىلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى قىممەتلىك بىلىملىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېرىلىدىغان زىرائەت-لەرنىڭ تۈرىمۇ كۆپ. مانا بۇ ھال دېھقانچىلىق توغرىسىدىكى نۇرغۇن ماقال - تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى تولۇق ئوبيېك-تىپ شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن. دېھقانچىلىققا ئائىت ماقال - تەمسىللەر ئىچىدە تېرىقچىلىق تەجرىبىلىرى توغرى-سىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى مولدۇر. ئۇيغۇر دېھ-قانلىرى تۇپراقنى ئۆزگەرتىپ، سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئو-غۇتلاش، ئۇرۇقنى تاللاپ سېلىش، ئوتاش، سۇغىرىش ۋە باشقا پەرۋىش قىلىش ئىشلىرىدىن تارتىپ يىغىۋېلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشكىچە بولغان تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغان ۋە ئۇنى ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن، «يەر تويمىغىچە ئەر تويماس»، «يەرنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدار»، «قىغسىز يەر پۇلسىز ئەر»، «ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ، ئاشنى ئا-لىسەن قاچىلاپ»، «تازنى ئەر بولمايدۇ دېمە، ساز (سازلىق)نى يەر بولمايدۇ دېمە.». روشەنكى، بۇ ماقاللاردا تۇپراقنى ياخشى ئوغۇتلاپ ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش دېھقانچىلىق ئىشلەپچە-قىرىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭسىز ياخشى مول ھوسۇل ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خۇددى دېھقانلار ئېيتقاندەك «سۇ يەرنىڭ قېنى، يەر دېھقاننىڭ جېنى.» شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانچىلىق ئەمگىكىدە سۇدىن ئىبارەت بۇ قاننىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرىنىڭ بىر قىسمىدا مانا شۇ ھەقىقەت، يەنى سۇ-نىڭ ئەھمىيىتى ۋە زىرائەتلەرنى سۇغىرىش تەجرىبە - ساۋاق-

لىرى يەكۈنلەنگەن. مەسىلەن، «يېرىڭ تاش بولسىمۇ، ئېچىقىڭ باش بولسۇن»، «يېرىڭنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى، ئىشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى»، «ئېرىقنى ئويۇپ چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت»، «تېرىيدىغان يېرىڭ نەم بولسۇن، كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن.» دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا خۇددى «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەندەك، ئۇرۇقنى تاللاپ تېرىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى ماقال - تەمسىللەردە ئۇرۇقنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن، «ئۇرۇقۇڭنى يېگۈچە، ئۆيۈڭنى يە»، «بۇغداي تېرىساڭ كۈزگى تەر» دېگەنگە ئوخشاش. دېھقانچىلىققا ئائىت ماقال - تەمسىللەرنىڭ يەنە بىر قىسمىدا تېرىقچىلىق ئەمگىكىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن بولۇپ، بۇنداق ماقال - تەمسىللەر ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە يېتەكچىلىك رول ئويناپ كەلدى. مەسىلەن، «ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تەرمە»، «بولىدىغان ئاشلىق كۆكىدىن مەلۇم»، «شالاڭ ئاش باش كۆرسىتەر، قويۇق ئاش چەش كۆرسىتەر.»

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىللە يەنە چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ماقاللىرى ئەنە شۇ ئەمگەك تۇرلىرى بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئۇ ھەقتىكى ئەمگەك تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بېرىدۇ. «ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە(تىك)» دېگەن ماقالدا مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئانار بىلەن ئەنجۈرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسا، تۆۋەندىكى ماقاللاردا مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ ئەھمىيىتى ئىپادە قىلىنغان: «ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت»، «بېغى بارنىڭ تېغى بار»، «باغنى باقساڭ باغ بولار، پاتمان - پاتمان ياغ بولار»، «بېقىمسىز باغ تاغ بولار، يۈرەك - باغرىڭ داغ

بولار»، «يەر زىنىنتى دەرەخ». چارۋىچىلىقتا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەرمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى كۆپ. بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەردە ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن. مەسىلەن، «مالنىڭ بېشى توخۇ»، «ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۆتەلسە پىچاق»، «ئات ئەر كىشىگە قانات»، «ئېشەك ھېرىپ قالسا بىر چۆچەك قوناق»، «ياخشى ئىت يېرىم مال»، «تۆگەڭ نار بولسا يۈكۈڭ يەردە قالماس.»

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى جەريانىدا قىممەتلىك مول بىلىملەرگە ئىگە بولدى. ئەمما ئۆز ۋاقتىدا ساۋاتسىز قالغان دېھقانلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن بىلىملەرنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ خىل بىلىملەرنى ماقال ـ تەمسىل شەكلى بىلەن يىغىنچاقلىدى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقاتتى. بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەردە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ توپ قانۇنىيەتلىرى خۇلاسە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دەرسلىكى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

2) پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەر

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى ۋە ھۈنەر ـ تېخنىكىغا ئائىتمۇ نۇرغۇن بىلىملەر بار. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا بىلىملىرى، شۇنىڭدەك مېتېئورولوگىيە، جۇغراپىيە، مېدىتسىنا ۋە ئاسترونومىيەگە ئائىت بىلىملەر بىر قەدەر كەڭدىلىك.

مەلۇمكى، ھاۋارايىنىڭ ئوچۇق ياكى تۇتۇق، سوغۇق ياكى ئىسسىق بولۇشى دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇزاق ئەسىرلىك ئەمەلىي كۆ-

زىتىش ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاۋارايى ھەققىدە مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولدى ۋە ئۇنى ماقال ـ تەمسىل شەكلىدە تارقاتتى. «ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە ياـ غار»، «شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر»، «سىمىلداپ ياغـ قان يامغۇر جاندىن ئۆتەر»، «كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى»، «قىشـ نىڭ ئاپتىپى دۈشمەننىڭ كۆلگىنىچە بار» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ماقال ـ تەمسىللەردۇر. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىلـ لىرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا دائىر جۇغراپىيەلىك بىلىملەرمۇ ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن، «قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز» دېگەندەك.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى ئىچىدە تېبابەتچىـ لىك توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ماقاللار بار. بۇنداق ماقاللاردا ھەر خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ شىپالىق دورىلىرى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا سالامەتلىكنىڭ ئەۋزەللىكى تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن، «كېسەللىك ئېغىزدىن كىرەر»، «چىۋىن دېگەن مەينەت نېمە، قونغان نەرسىنى يۇماي يېمە»، «كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى»، «بېشىڭنى سالقىن، قورسىقىڭنى توق، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت»، «چېچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار»، «سامساق، ئۇنى يېگەننىڭ تېنى ساق»، «ئەركەچ گۆشى ئەم بولار، ئۆچكە گۆشى يەل بولار»، «سالامەت تەندە ساغلام ئەـ قىل»، «تەن ساقلىق تەڭدىشى يوق بايلىق.»

3) ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەر

ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرى توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردە كىشىلىك تۇرمۇش بىلىملىرى ۋە ئەخلاقىي چۈـ شەنچىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەزـ مۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە

www.uyghurkitap.com

ساھەسىنى، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەتەن، يۇرت ۋە خەلق توغرىسىدا («ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس»، «ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە ئەلنىڭ بالىسى بول»)، ئىتتىپاقلىق ۋە يەككىلىك توغرىسىدا («بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس»، «ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە»)، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك توغرىسىدا («دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ»)، باتۇرلۇق، مەردلىك ۋە قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا («باتۇر دۈشمەنسىز بولماس»، «مەردنى مەيداندا سىنا»، «توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە يولۋاستەك بىر يىل ياشا»)، راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق توغرىسىدا («ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا، راستلىق — ھەقلىق»)، كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق توغرىسىدا («مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن»، «دىمىقى ئۈستۈن ئازگالدا ئۆلەر»)، ھوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق، بىپەرۋالىق توغرىسىدا («جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا»، «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ»، «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەپتۇ»)، ئىقتىسادچانلىق ۋە ئىسراپچىلىق توغرىسىدا («بار دەپ تۆكمە، يوق دەپ كۆپمە»)، ئۇيات ۋە نومۇس توغرىسىدا («ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر»، «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى — جېنىمنىڭ راھىتى»)، سەۋر - تاقەت ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا («ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بارەي»، «پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما»، «چۈجىنى كۈزدە سانا»)، ئارزۇ - ئۈمىد ۋە ئىشەنچ توغرىسىدا («جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار»)، قەدىر - قىممەت ۋە ئىززەت - ئابرۇي توغرىسىدا («ئابرۇينى ئالتۇنغا ئال، جاننى كېپەككە سات»، «گۆھەرنى تاشقا ئۇرما»)، ياشلىق، قېرىلىق توغرىسىدا («ياش كېتىمەن دەپ قورقۇتار، قېرى ئۆلىمەن دەپ»)، تىل ۋە گەپ - سۆز توغرىسىدا («ئېغىز

دەرۋازا، سۆز شامال»، «كۆپ ئويلا، ئاز سۆزلە»)، تىنچ ـ ئامانـ
لىق ۋە خاتىرجەملىك توغرىسىدا («ئىشىكى يوق مولللامنىڭ
قولىقى تىنچ»، «ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق»)، ھەمكارلىق،
ئادەمگەرچىلىك ۋە نائەھلىلىك توغرىسىدا («ئادەم ئادەم بىلەن،
پىستە بادام بىلەن»، «ئىشىنى يەپ، تاۋىقىنى چىقىپتۇ»)، مىـ
جەز ـ خۇلق توغرىسىدا («ئادەم دېگەن ھۆل ئىمە»، «بىر مەستـ
تىن قورق، بىر مۆرمەستىن»)، ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىـ
سىدا («بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق»)، ئەدەپ ـ
ئەخلاق توغرىسىدا («نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق»، «چاقـ
نى بۇزغان تانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى»)، زىبۇ ـ زىننەت
ۋە ياسانچۇقلۇق توغرىسىدا («سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسما
كېتىدۇ قاش قالىدۇ»، «تېشى پال پال، ئىچى غال غال»)،
ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدا («بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە
بىر كىشى»)، ئائىلە تۇرمۇشى توغرىسىدا («بالاڭ ئۆلسە ئەرگە
باق، ئېرىڭ ئۆلسە يەرگە باق»، «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن،
ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن»)، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە
قولۇم ـ قوشنا توغرىسىدا («ئاتا قارغىشى ئوق، ئانا قارغىشى
دوق»، «تۇغقانىڭ بېغى چىڭ يەردە»، «سەھەر قوپۇپ قوشناڭغا
باق»)، توي ـ تۆكۈن ۋە مېھماندارچىلىق توغرىسىدا («بەرمەس
قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر»)، سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا
(«يولدا قوشۇلغان يولداش ئەمەس»)، غېرىب ـ مۇساپىرلىق ۋە
يېتىملىك توغرىسىدا («ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە،
پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال»، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگـ
سە بۇرنى قاناپتۇ»)، ئېرىش، ئېرىلىش ۋە قارشىلىق توغرىسىـ
دا («ئاۋۋالقىنى غوجا ئالدى، كېيىنكىنى دورغا»، «ئاچىنىڭ دەرـ
دىنى توق بىلمەس»، «باي مېلىنى سۆزلەر، گاداي مۆڭنىنى»)،
بەتنىيەتلىك، مەككارلىق ۋە پىتنە ـ ئىغۋا توغرىسىدا («ئادەمـ
نىڭ ئالىسى ئىچىدە»، «تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر»، «قاشقا ساـ
نساڭ كۆزگە، كىشىگە سانساڭ ئۆزگە»)، ئاچ كۆزلۈك، بىـ

خىللىق توغرىسىدا («ئاچ كۆز تويماس، بېخىل بېيىماس»،
«بىزنىڭكىگە كەلسەڭ يەپلا، سېنىڭكىگە بارسام گەپلا»)، سودا ـ
سېتىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم توغرىسىدا («ئالدىڭ پۈتتۈڭ، ساتتىڭ
يىتتىڭ»، «ئالماقنىڭ بەرمىكى بار»، «كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن،
زىخمۇ كۆيمىسۇن»)، ئوغرى ۋە قاراقچى توغرىسىدا («ئوغرى
ئايدىڭدىن قورقار»، «ئوغرى بولساڭ ئىنساب بىلەن بول»،
«ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ»)، دىنىي ئېتىقاد توغرىسىدا
(«ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس»، «موللا بولماق ئاسان، ئادەم
بولماق تەس») ھەر خىل ماقال ـ تەمسىللەر بولۇپ، بۇ خىل
ماقال ـ تەمسىللەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى-
دىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەپ بېرىدۇ.

4) پەلسەپىۋى كۆز قاراشنى ئىپادىلەيدىغان ماقال ـ تەم-
سىللەر

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ
ئىجتىمائىي ھايات ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھەققىدىكى پەلسە-
پىۋى كۆز قاراشلىرى كەڭ كۆلەمدە ئىپادە قىلىنغان. مەسى-
لەن، «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن ماقالدا كىشىلەرنىڭ
پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇشى ياكى قىسقا سوزۇشى ئۇلارنىڭ سۇب-
يېكتىپ ئارزۇسىغا باغلىق بولماستىن، بەلكى يوتقاندىن ئىبا-
رەت بۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئۇزۇن ياكى كالتىلىقىغا باغ-
لىق ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ. «بىردىن ئىككى ياخشى، قۇ-
رۇق گەپتىن جىگدە ياخشى»، «سۆز بىلەن پولۇ پىشماس، ماي
بىلەن گۈرۈچ لازىم» دېگەن تەمسىللەر گەپ بىلەن قورساق
تويغۇزغىلى ۋە گۈرۈچسىز پولۇ ئەتكىلى بولمايدىغان ئاددىي
پاكىتلار ئارقىلىق ھەر قانداق بىر ئەمەلىي ئىش قىلىشتا ماد-
دىي ئاساس لازىملىقىنى چۈشەندۈرسە، «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئا-
لىسەن»، «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار» دېگەن ما-
قاللاردا كىشىلەرنىڭ يەردىن ۋە قازاندىن نېمىنى ئېلىشى
ئۇلارنىڭ شېرىن ئارزۇسىغا ئەمەس، بەلكى يەرگە نېمە تېرىغاز-

لىقى ۋە قازاندا بىرەر نەرسىنىڭ بار - يوقلۇقىدىن ئىبارەت رېئاللىقتا باغلىق ئىكەنلىكى، يەنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ بىرىنچى، سۇبيېكتىپ ئارزۇنىڭ ئىككىنچى ئىكەنلىكى كۆر-سىتىپ بېرىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس»، «هالىڭغا بېقىپ هال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن»، «سۇغا يې-قىلغان يامغۇردىن قورقماپتۇ» دېگەن ماقال - تەمسىللەرمۇ ئوخشاش بولمىغان جەھەتلەردىن رېئاللىقنى، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يەنە سۇبيېكتچىلارنى، خىيالپەرەسلەرنى تەنقىد قىلى-دىغان ماقال - تەمسىللەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپتۇ»، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ماقال - تەمسىللەردە ساددا دىيا-لېكتىكىلىق ئىدىيەلەرمۇ بار. مەسىلەن، «ئالماقىنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقىنىڭ چۈشمىكى»، «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم، يانمى-ساڭ ئوتتۇرىدا سۇن تاۋۇقىم» دېگەن ماقال - تەمسىللەردە ئال-ماق بىلەن بەرمەك، چىقماق بىلەن چۈشمەكتىن ئىبارەت قارد-مۇقارشى ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغانلىقى ۋە بىر - بىرىگە ئايلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلىك مۇناسىۋەتتە چىقىشلا بولۇپ، چۈشۈش بولمايدىغان، ئېلىشلا بولۇپ، بېرىش بولمايدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەسلىكى، ئەگەر ئۇنىڭ بىرى بولۇپ، يەنە بىرى بولمىسا، كىشىلەر ئوت-تۇرىسىدىكى موناسىۋەت ئۈزۈلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ. «ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالار، قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى ئالار»، «سەن تېرىيسەن، بالىلىرىڭ ئورۇيدۇ» دېگەن ماقاللاردا، ئوغۇل چوڭ بولسا يىگىت بولۇش، قىز چوڭ بولسا چوكان بولۇش، ئاتا - ئانىنىڭ مال - دۇنياسى ۋە ئىش-لىرىغا بالىلىرىنىڭ مىراسخور ۋە ۋارىس بولۇشىدەك ئاددىي پاكىتلار ئارقىلىق، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، دۇنيادا ئۆزگەرمەي جىمجىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان نەرسىنىڭ بولمايدىغانلىقى، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭـ-
ـنىڭ ئىگىلىشى موقەررەر ئىكەنلىكى ئىپادە قىلىنىغان. «بەش
گەز مۇز بىر كۈندە قاتمايدۇ»، «قۇم يىغىلسا تاغ بولىدۇ، ئەل
يىغىلسا باغ»، «تامار ـ تامار كۆل بولار» دېگەن ماقال ـ تەمـ-
ـسىللەردە شەيئىلەردىكى ئۆزگىرىش تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى
سان ئۆزگىرىشى ئارقىلىق سۈپەت ئۆزگىرىدىغانلىقى، شۇڭا
شەيئىلەرنى، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش بىلەن شۇ-
غۇللانغاندا سان ئۆزگىرىشىگە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە سان
ئۆزگىرىشى ئارقىلىق سۈپەت ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش
زۆرۈرلۈكى چۈشەندۈرۈلىدۇ. «دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق، بىردىن
قۇتۇلغان ھېچكىم يوق» دېگەن ماقال ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكـ-
ـنى چۈشەندۈرسە، «قېرىلىق بىلەن ئۆلمەس، ياشلىق بىلەن
تۇرماس» دېگەن ماقال مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىق قارد-
مۇقارشىلىقىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، شەيئىلەرنىڭ
تەرەققىيات جەريانى ھەم مۇقەررەرلىك تەرەپنى، ھەم تاسادىپىيـ-
ـلىق تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە بىلىمنىڭ، ھۈنەر ـ
تېخنىكىنىڭ ئەمەلىيەتتىن كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ قىمـ-
ـمەتلىك قاراشلار بار. مەسىلەن، «كۆپ ياشىغان نېمە بىلەر،
كۆپنى كۆرگەن شۇ بىلەر» دېگەن ماقالدا، بىرەر كىشىنىڭ بىـ-
ـرەر نەرسىنى بىلىشى ياكى بىلمەسلىكى ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكىگە باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ-
نىڭ كۆپنى كۆرۈپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن ياكى ئۆتكۈزمىـ-
گەنلىكىگە باغلىق ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلسە، «يۈز ئاڭلىغاندىن
بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن ماقالدا، ئاڭلاش بىلەن ئىش پۈتمەيدىـ-
غانلىقى، بەلكى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بىلىمگە
ئېرىشىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە تارىخنى خەلق ئامىـ-
ـسى يارىتىدىغانلىقى، خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئەقىل ـ

پاراستىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى، ھەر قانداق شەخس خەلقتىن ئايرىلغاندا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ مول ۋە قىممەتلىك قاراشلار بار. مەسىلەن، «كۆپ-نىڭ كۈچى كۆپ»، «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە»، «كۆپچىد-لىكتىن توشقان قېچىپ قۇتۇلالماس»، «ئەل ئامان، شەھىرىڭ ئامان»، «ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار» دېگەن ماقاللار ئوخشاش بولمىغان جەھەتتىن كۆپچىلىكنىڭ كۈچىنىڭ پۈتمەس - تۈ-گىمەس ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى خەلق ئام-مىسى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىلسا، «كۆپتىن ياخشى ئە-قىل چىقار»، «خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا چىقماس»، «ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك» دېگەن ماقاللار خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەتكە باي ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ. «ئەل بار يەردە ئەر بار» دېگەن ماقال مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئاسماندىن چۈشمەيدىغانلىقى، بەلكى خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئا-ساسەن خەلق ئارىسىدىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، «يا-رىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە، ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن»، «يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن»، «قو-لۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما»، «ئەلگە ياققان خار ئەمەس» دې-گەن ماقاللاردا، شەخسنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، تەقدىرى، بەخت - سائادىتى خەلق بىلەن بىر ئىكەنلىكى، ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئىشلىگەن، خەلقنىڭ غېمىنى يېگەن كىشىلەر ھامان خەلق تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى ۋە گۈللەپ ياشنايدىغان-لىقى ئىپادە قىلىنىدۇ. «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن ماقالدا، ھەر قانداق شەخسنىڭ خەلقتىن ئايرىلغاندا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي-دىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلسە، «كۆپتىن يامانلاپ كۆمۈلمەي قاپتۇ»، «ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە(يەر)» دېگەن ماقال خەلقتىن، ئەلدىن ئايرىلغان شەخسلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ. دېمەك،

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى پەلسەپىۋى پىكىرگە ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇنىڭدا پەلسەپىنىڭ ھەرقايسى كاتېگورىيەسىگە ئائىت كۆز قاراشلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

## 5. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ شەكىل تۈرلىرى

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى شەكىل قۇرۇلۇشى، تۈزۈلۈشى ۋە مەنە ئىپادىلەش خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ماقال ـ تەمسىللەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلەلەيمىز:

1) ماقال. ماقال ــــ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىممەتلىك بىلىملىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بىۋاستە ھالدا ئىخچام ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ئەقلىيە سۆزدۇر. ماقالنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا پىكىر ھايۋانات ۋە باشقا نەرسىلەرگە تەمسىل قىلىنماستىن، توغرىدىن توغرا، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، «يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە، كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە»، «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2) تەمسىل. تەمسىل ــــ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل ھادىسە ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ھايۋانات ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان كۆچمە مەنىدىكى ئەقلىيە سۆزدۇر. تەمسىلنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا پىكىر ماقاللارغا ئوخشاش بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ قىياپەت خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، «قاغا بالام ئاپپاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام»، «توخۇ داڭگال چوقىسا، ئۆچكە جاڭگال»، «تۆشۈك يىرتىقتىن كۇلەر، چۈمۈچ قازاندىن»، «ئىت يېنىدا سۆڭەك ياتماس»، «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. تەم-

سىللەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىپادە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدى-
لىكلىرى ئەمەلىيەتتە شۇ نەرسىلەردە ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان
ۋە بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئىجاد قىل-
غۇچىلار تەرىپىدىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان
ۋە شۇ نەرسىگە يۈكلەنگەن. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىساللاردىكى
«قاغا بالام ئاپپاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام»، «تۆشۈك
يىرتقتىن كۆلەر، چۈمۈچ قازاندىن» دېگەن تەمسىللەردە ئىپ-
تىلغاندەك، قاغىنىڭ ئۆز باللىرىنى ئاق، كىرپىنىڭ ئۆز بالى-
لىرىنى يۇمشاق دېيىشى، تۆشۈك ۋە چۈمۈچلەرنىڭ يىرتىق ۋە
قازانلارنى مەسخىرە قىلىشى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمايدىغان
ئىشلاردۇر. ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق تەمسىللەر ھەرگىزمۇ تە-
بىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولماس-
تىن، ئىجتىمائىي ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتىل-
غاندۇر. شۇڭا، بۇنداق تەمسىللەرنى ئۇدۇل مەنىسى بويىچە ئە-
مەس، بەلكى ئىجتىمائىي تۈس ئالغان كۆچمە مەنىسى بويىچە
چۈشەنگەندىلا ئۇنىڭ ئەقلىيە تۈسى ئاشكارا بولىدۇ. يەنە بەزى
تەمسىللەردە ھەرخىل شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان
ئالاھىدىلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئىت يېنىدا سۆڭەك
ياتماس»، «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ» دېگەنلەرگە
ئوخشاش. بۇنداق تەمسىللەرنى ئۆز مەنىسىدىمۇ، كۆچمە مەنى-
سىدىمۇ ئىشلىتىشكە بولۇۋېرىدۇ. دېمەك، تەمسىللەردە ھايۋانات
ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ
خىل ئالاھىدىلىكلەر شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولۇشىمۇ،
يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتى-
ئىينەزەر، تەمسىلنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسى-
دىكى نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىياپىتىنى بايان قىلىش
ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلى-
رىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ ماقاللارغا ئوخشاش
تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئىپادە قىلمايدۇ. بۇنىڭدا ئىپادە قى-

لىنغىنىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىدۇر.

3) تەمسىللىك ماقال. تەمسىللىك ماقال ــ تەبىئەت دۇنـ-ياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە ئوخشىتىلغان، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى تەمسىل ئار-قىلىق ماقال ئىزاھلانغان ئەقلىيە سۆزدۇر. تەمسىللىك ماقال ـ تەمسىل بىلەن ماقالنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەمسىلدىكىگە ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادە قىلىنىپلا قالماس-تىن، بەلكى يەنە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى قانداق ھادىسىلەرگە ئىشارە قىلىنىۋاتقانلىقىمۇ ئوچۇق ئېيتىپ بېرىـ-لىدۇ. مەسىلەن، «ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە بىلىنەر»، «ئاي تۇندە كېرەك، ئەقىل كۇندە»، «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىـ-گىت سۆزىدىن»، «جىگدىگە يىلىم يارىشار، ئادەمگە بىلىم (يا-رىشار)». تەمسىللىك ماقالدا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىجتىما-ئىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق تېپىپ چىقىلىدۇ، ھايۋانات ۋە باشقا تەبىئىي نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئار-قىلىق، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى ئىسپاتلىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بېرىـ-دىغان ھەرخىل ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكى، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن بىردەكلىكى، ئۇنىڭ ئۆلمەس ھەقىقەتلىكى تەكىتـ-لىنىدۇ. مەسىلەن، «قېرى قۇش تورغا چۈشمەس، قېرى ئەر قولغا (چۈشمەس)»، «ئادەم قېرىسا كۆڭلى قېرىماس، سۆگەت قېرىسا يىلتىزى(قېرىماس)»، «پاقىنىڭ كىرىلگىنى يىلانغا ئوخشىماس، موماينىڭ ياسانغىنى جۇۋانغا(ئوخشىماس)»، «گۇلـ-دۇرى بار يامغۇرى يوق، جۇدۇنى بار ماغدۇرى يوق». يۇقىرىقى تەمسىللىك ماقاللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان ئاساسىي كۆز قاراش ياشانغان كىشىلەرنىڭ پەم ـ پاراسەتلىك بولىدىغانـ-لىقى، ئادەم كۆڭلىنىڭ مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغانلىقى، موماي

قانچە ياسانسىمۇ ياش قىزلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى (ئۇنىڭ ياش-لىق باھارى، گۈزەل ھۆسن - جامالىنىڭ مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەنلىكى)، بەزى كىشىلەر ئاغزىدا شەھەر ئالسىمۇ، ئەمەلى-يەتتە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقى... قاتارلىقلاردىن ئى-بارەت بولۇپ، بۇ خىل ھېكمەتلىك پىكىر قىرى قۇشنىڭ ئا-سانلىقچە قولغا چۈشمەيدىغانلىقى، سۆگەت دەرىخى پور بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ياشىرىپ تۇرىدىغانلىقى، پاقا ھەرقانچە كېرىلسىمۇ يىلانغا ئوخشىمايدىغانلىقى، بەزىدە گۈل-دۇرماما قاتتىق گۈلدۈرلىسىمۇ يامغۇر ياغمايدىغانلىقى قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ پىكىرلەر تېخىمۇ مۇھىم ئاساسقا، جانلىقلىققا، كونكرېتلىققا ۋە ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلىنغان.

تەمسىللىك ماقاللاردا كۆپىنچە ھاللاردا يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئاۋۋال تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنىپ، ئاندىن شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى (يەنى دېمەكچى بولغان مەقسەت) ئوتتۇرىغا قويۇ-لىدۇ. ئەمما، يەنە قىسمەنلىرىدە ئاۋۋال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاندىن شۇنىڭغا ئوخشىتىلغان ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادە قىلىنىدۇ. مە-سىلەن، «ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇش (ئۆلتۈ-رەر)»، «تېرىق قۇلىقىدىن مەلۇم، بالا كىچىكىدىن (مەلۇم)»، «ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بوز ئال» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ماقال، تەمسىل ۋە تەمسىللىك ماقاللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن، «يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن» (ماقال)، «توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆچكە جاڭگال (چۈشەر)» (تەمسىل)، «ئۆستەڭ يارىشى-قى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال» (تەمسىللىك ماقال). بۆلارنىڭ بىرى ئاساسىي بۆلەك، ئىككىنچىسى قوشۇمچە بۆلەك بولۇپ،

قوشـۇمچە بۆلـەك ئاساسـىي بۆلەكـنـى تولۇقلاش، كـۈچەيتـىش، جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىشلەتكەنـدە ئاساسىي بۆلەكنى ئېلىپ، ياردەمچى بـۆلـىكـىنـى قالدۇرۇپ قـو-يۇشقىمۇ، ياكى ھەر ئىككى بۆلەكنى بىردەك ئېلىشقىمۇ بولـ-دۇ. يەنە بەزى ماقال ـ تەمسىللەر پەقەت بىرلا بۆلەكتىن تـو-زۇلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇمچە بۆلـىكـى بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى»(ماقال)، «جىنىنىڭ قەستى شاپ-تۇلدا»(تەمسىل)، «قىشنىڭ ئاپتىپى ـــ دۈشمەنىنىڭ كۈلگـ-نى»(تەمسىللىك ماقال). ئەلۋەتتە، بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەر-دىكى بىرەر سۆزنىمۇ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

## 6. يېڭى زامان ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرى

مەلۇمكى، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلـ-شى، بولۇپمۇ زامانىۋى مىدىيە ۋاستىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە ئەنئەنىۋى ئاغزاكى ئەسەرلەر بارغانسېرى يوقىلىشقا يۈز تۇتماقتا. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدە ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك ۋە داستانلار ئاغزاكى شەكىلدە ئىجاد قىلىنىشتىن قالدى. ئەمما ناخشا ـ قوشاق، لەتىپە ـ چاقچاق ۋە ماقال ـ تەمسىللەر ھازىرمۇ داۋاملىق ئىجاد قىلىنماقتا.

ماقال ـ تەمسىل خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىم ۋە كۆزقاراش-لىرىنى دەل جايىدا ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ژانىر سۈپىتىدە، نۆۋەتتە ئاكتىپ رول ئويناۋاتقاندا ۋە ئۆز قىممىتىنى ئۇزۇكسىز جارى قىلماقتا. بىز يېڭىدىن پەيدا بولغان ماقال ـ تەمسىللەر-دىن بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشىنى، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپـ-تىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، جەمئىيەتتىكى يېڭى شەيئىلەرنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ھېس قىلالايمىز.

يېڭى ماقال ـ تەمسىللىرىمىز بۈگۈنكى زاماننىڭ قىياپـ-تىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە. مەسىلەن، «مىللەتلەر

بولسا ئىناق، تاپقۇسى دۆلەت روناق» دېگەن ماقالىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش، تىنچ - ئىتتىپاق، بەختىيار ياشاش ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسى ئىپادە قىلىنغان. «يۇمشاقنى قاتۇرغان شىلىم، تۆمۈرنى ئۇچۇرغان بىلىم» دېگەن ماقالىدا ئىلىم - پەننىڭ، بىلىم - تېخنىكىنىڭ يۈكسەك كۈچ - قۇدرىتى نامايان قىلىنىش ئارقىلىق، كىشىلەر بىلىم ئېلىشقا چاقىرىلغان.

يېڭى ماقال - تەمسىللىرىمىزدە يەنە بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى ۋە بەزى ئورۇنلارنىڭ خىزمەتتىكى شەكىلۋازلىقى، يوقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىشتەك قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان. مەسىلەن، «ئاچ كۆز ئەمەلدارغا پارا يېتىشمەس، بويتاق قىزلارغا توي يېتىشمەس»، «بالىسىنى شاكىلات بىلەن ئالدايدۇ، باشلىقىنى دوكلات بىلەن ئالدايدۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بەزى ماقال - تەمسىللىرىمىزدە پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئىرادىسى ۋە ئادىل سىياسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇلغان. مەسىلەن، «تېررورچى ئۇنسۇرنى مىنبىڭ پايلايدۇ، چىرىك ئەمەلدارنى شى جىنپىڭ جايلايدۇ.»

يېڭى ماقال - تەمسىللىرىمىزدە جەمئىيىتىمىزدىكى ھەرخىل ناچار قىلمىشلار كۈچلۈك تەنقىد قىلىنغان. مەسىلەن، «يېيىشى پولو بىلەن سامسا، ئوينىشى دىسكو بىلەن تانسا» دېگەن ماقالىدا ئىش خۇشياقمايدىغان، تەييارتاپ، ئويۇن قېپى ياشلار تەنقىدقىلىنسا، «ھاراقكەشنىڭ قەسىمىگە ئىشەنمە، تورداش قىزنىڭ رەسىمىگە ئىشەنمە» دېگەن ماقالىدا يالغانچىلىق ۋە ساختىپەزلىك قىلمىشلىرى ئېچىپ تاشلانغان. «قىزلارنى كۆيدۈرگەن ئوغۇللاردىكى كىرىم، ئوغۇللارنى كۆيدۈرگەن قىزلاردىكى گىرىم» دېگەن ماقالىدا بەزى ياشلىرىمىزنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھتا پۇل ۋە ساختا گۈزەللىكنى ئاساس قىلىشىۋاتقانلىقىدەك ناتوغرا قىلمىش ئېچىپ تاشلانسا، «تەنھەركەت ئايغىنىنىڭ پاشنىسى بولماس، چىن ئاشىقنىڭ ئاشنىسى بولماس» دېگەن ماقالىدا

«ئاشنا ئويناش» تەك چىرىك ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق چىن ئاشىقلىقنى مەدھىيە ئوقۇلغان... ۋەھاكازا.

دېمەك، ماقال - تەمسىللەر بوگۈنكى دەۋرىدىمۇ ئۆزۈكسىز پەيدا بولۇپ، يېڭى زاماننىڭ روھىنى ئىپادە قىلماقتا ۋە يامان قىلمىشلارغا لەنەت ئوقۇپ، ئاكتىپ ئىنېرگىيە تارقاتماقتا.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى مول بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە گەۋدىلىك ئەدەبىي شەكىلگە ئىگە. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىنى يەكۈنلەپ بېرىش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىلىم قامۇسى ۋە دەرسلىكى بولغان. ئۇ كىشىلەرگە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنۇملۇك ئەمگەك قىلىش ۋە توغرا ياشاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىنقى ئەۋلادلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ماقال - تەمسىللەردىكى بىلىم ۋە قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا بۇ ماقال - تەمسىللەرنى يەنە ئۆزلىرى ياراتقان يېڭى ماقال - تەمسىللەر بىلەن بېيىتىپ، ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقاتقان. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى ماقال - تەمسىل ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

ماقال - تەمسىل خەلق تىلىنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، كىشىلەر ماقال - تەمسىلدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئويلىرىنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ سۆھبەت ۋە نۇتۇقلىرىنى ئىخچاملىقتا، ئوبرازچانلىقتا، جانلىقلىقتا ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئىگە قىلغان. ماقال - تەمسىل ئەدەبىي جەھەتتىن گەۋدىلىك تۇسكە ئىگە بولغاچقا، تارىختىن بۇيان نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ماقال - تەمسىللەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك مىراس، ئۇ خەلق ھاياتىنىڭ قامۇسى بولۇش

سوپىتى بىلەن بىزنى مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچى-
قىرىش بىلىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك
ئەخلاق - پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئە-
نىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپا-
دىلەش ئىقتىدارىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ
پىروفېسسورى، تىل - ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى، دوكتورانتلار يې-
تەكچىسى)

# گەپتىن گەپنىڭ پەرقى بار

## ــ تۇزگۇچىلەردىن

خەلقىمىزدە ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن باشلاپ خۇددى باشـ
قا ئەللەرگە ئوخشاش تۇرمۇشتىن توپلىغان تەجرىبىلىرىنى
ھېكمەتلىك، ئەقلىيەلىك سۆز سۆپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش ئەنـ
ئەنىسى بولغان. بۇنداق سۆزلەر ئىلگىرىكى زامانلاردا «ئاتىلار
سۆزى»، «ھېكمەتلىك سۆزلەر» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.
ئۆزى يىغىنچاق، ئېيتىشقا ئاسان، ئاڭلاشقا ھوزۇرلۇق بۇنداق
سۆزلەردە ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى دېگۈدەك، مەسىلەن،
خەلقنىڭ ئاساسلىق كەسپى، دۇنيا قارىشى، ئارزۇ ـ ئارمىنى،
تىلەك ـ خاھىشى، مىجەز ـ خۇلقى، ئۆرپ ـ ئادىتى، سىنىپىي
كۆرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەكىل
جەھەتتىن مەلۇم رىتىم ۋە ئاھاڭداشلىق ئاساسىدا قۇرۇلغان
قىسقا ھېكمەتلىك ۋە ئەقلىيە سۆزلەردۇر.

كېيىنكى زامانلاردا بۇنداق «ئاتىلار سۆزلىرى» ياكى «ھېكـ
مەتلىك سۆزلەر» ئەرەبچە «ماقال» ۋە «تەمسىل» دېگەن نامى ئاـ
تىلىدىغان بولدى.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى رېئال ھەقىقەت
توغرىسىدىكى خەلقنىڭ ئاقىلانە ئوي ـ پىكىرلىرىدىن، ھاياتـ
نىڭ خىلمۇخىل تەرەپلىرى ھەققىدىكى بايقاشلىرىدىن ئىبارەتـ
تۇر. شۇڭلاشقىمۇ، ماقال ـ تەمسىللەر ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ،
يېڭىلىرى پەيدا بولىدۇ، ئۇلار كەڭ تارقىلىپ، ئەسىرلەر جەرياـ

نىدا خەلققە خىزمەت قىلسا، بەزى ماقال ـ تەمسىللەر ئۇنتۇ-
لۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى مەزمۇندىكى ماقال ـ تەمسىللەر
پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ھەر خىل
زامانلاردا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى شۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ
ئۆزىدىنلا ھېس قىلىش مۇمكىن. ماقال ـ تەمسىللەرگە خاس
تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن بەزى كونىرىغان سۆزلەرنىڭ
ساقلىنىپ كېلىشى بۇنىڭغا ياخشى ئىسپات بولالايدۇ.
ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ لېكسىكا ۋە مەزمۇن جە-
ھەتتىن تۇراقلىق ئىكەنلىكىنى ھەر خىل ۋاقىتلاردا يېزىۋې-
لىنغان نەمۇنىلەرمۇ تەستىقلايدۇ. جۈملىدىن، بۇنىڭدىن مىڭ
يىللار ئىلگىرى مەھمۇد كاشغەري تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان
ماقال ـ تەمسىللەرنى ھازىرقى ئۇيغۇرلارمۇ بىمالال چۈشىنە-
لەيدۇ. مەسىلەن، «بۆرى قوشنىسىن يەمەس»، «بىرىن ـ بىرىن
مىڭ بولار، تاما ـ تاما كۆل بولار»، «سۇۋ كۆرمەگىنچە ئەتۈك
تارتما» دېگەندەك. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قانداق
خەلق تىلىنىڭ لېكسىكىسى ھەر خىل سەۋەبلەرگە ئاساسەن
دائىم ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا يەنە مەھمۇد
كاشغەري يېزىپ قالدۇرغان نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار روشەن
ئىسپات بولالايدۇ. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەري يېزىپ قالدۇر-
غان لۇغەتتە ھازىرقى ئۇيغۇرلارغا مەلۇم جەھەتتە چۈشىنىكسىز
ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بار: «ياش ئوت كۆيمەس، يالاپ ئۆلمەس»،
«ھۆل ئوت كۆيمەس، ئەلچى ئۆلمەس». ئېھتىمال، «ئەلچىگە ئۆلۈم
يوق» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن كېلىپچىققان بولسا كېرەك.
ماقال ـ تەمسىللەر ھاياتنى چوڭقۇر بىلىش نەتىجىسىدە
ھاسىل بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئۇزاق
تارىخي تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە بىرەر ئىبرەتلىك
كونكرېت تارىخي ھەقىقەتنى قىسقا ۋە تەسۋىرلىك قىلىپ ئى-
پادىلەيدىغان، قېلىپلاشقان خەلق ھېكمىتىدۇر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» ناملىق بۇ ئۈچ قى-

سىملىق كىتابنى مۇشۇ ساھەدە ئىشلەنگەن يەنە بىر نەتىجىلىك ئەمگەك، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتابقا ئىلگىرى رايونىمىزدا ئېلان قىلىنغان نەشر بۇيۇملىرىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر جەم-لەنگەندىن سىرت، تېخى بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئېلان قىلىنمىغان خېلى كۆپلىگەن ماقال ـ تەمسىللەر كىرگۈزۈلگەن. جۈملىدىن، ئا. خۇدايقۇلوۋ توپلاپ، ئۆزبېكىستاندا 1934 ـ يې-لى نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى پارچىلىرى»؛ ق. ھەسەنوۋ، ئا. شەمەيېۋ قاتارلىقلار توپلاپ 1949 ـ يىلى ئال-مۇدا نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى»، غ. سەيدىۋاق-قاسوف، ش. كىبىروف، ھ. ۋاھىدوف قاتارلىقلار توپلاپ، رەت-لەپ، 1978 ـ يىلى ئالمۇتادا نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر ماقال ۋە تەمسىللىرى»، قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزۈپ، ئالمۇتا «نائۇكا» نەشرىيا-تى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر فولكلو-رىنىڭ ئانتولوگىيەسى» ۋە كۇرتۇلۇش ئۆزتوپچۇ توپلاپ تۈركى-يەدە 1990ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر ئاتا سۆزلىرى ۋە دې-يىملىرى» قاتارلىق كىتابلاردىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ خې-لى كۆپلىرى بىزدە ئىلگىرى ئېلان قىلىنمىغان بولۇپ، بۇ قېتىم تەكرار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. بۇنى بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدە بىر ئارتۇقچىلىقى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇ يەردە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، بەل-كىم، بەزى ماقال ـ تەمسىللەر ئوقۇرمەنلەرگە تەكراردەك بىلى-نىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ھايۋان تۈيىقىدىن قېرىيدۇ،
ئادەم قولىقىدىن (قېرىيدۇ).

ھايۋان ئىشتىن قېرىيدۇ،
ئادەم چىشتىن (قېرىيدۇ).

ھايۋان گېلىدىن قېرىيدۇ،
ئادەم بېلىدىن (قېرىيدۇ).

ھايۋان يەمدىن قېرىيدۇ،
ئادەم غەمدىن (قېرىيدۇ).

ھايۋان ئېغىزىدىن قېرىيدۇ،
ئادەم كۆزىدىن (قېرىيدۇ).

ياكى:

ئەرگە قىلغان ئەرسىز قالار.

ئۇرۇشقاق ئايال ئەرسىز قالار.

ئېرىدىن يامانلىغان ئەرسىز قالار.

ئاشنىسىغا ئىشەنگەن ئەرسىز قالار.

ۋەياكى:

گەپنىڭ يامىنى پىچىر،
ئۇيقۇغا يەتتى تەسىر.

گەپنىڭ يامىنى پىچىر،
ئۇلاغنىڭ يامىنى قېچىر.

گەپنىڭ يامىنى غەيۋەت،
غۇمنىڭ يامىنى ھەسرەت.

گەپنىڭ يامىنى كۈس ـ كۈس،
ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس ـ پۇس.

دېگەندەك.

بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشاشمايدىغان بولغاچقا، كىتابقا ھەممىسى كىرگۈزۈلدى.

كىتابنى تۈزۈشتە ئېلىپبە تەرتىپى ئاساس قىلىنىپ، ماقال ـ تەمسىللەر يېگىدىن باشلانغاندا، شۇ ھەرپنىڭ باش شەكلى تېما قىلىپ بېرىلدى.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭ كۆپلۈكى، خېلى كۆپ قىسىملىرىدا يۇرت ـ ماكان ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى، شۇنداقلا يېڭىدىن ئىجاد قىلىنىپ مېڭىشتەك تەرەققىياتى سەۋەبلىك ئۇنى مەڭگۈ تولۇق يىغىپ، رەتلەپ بولغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىم ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ يەنە بىر قەدەم مۇكەممەللەشكەن، تولۇقلانغان نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ توپلامدا بەزى سەۋەنلىكلەر سادىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى نەشرىدە تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەر ۋە تەتقىقاتچىلار تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئايىمايدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمىز!

2016 ـ يىل، 24 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە

## * بىرىنچى توم *

ۋەتەن، خەلق، ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا ................ 1
ئىش ـ ئەمگەك، مېھنەت، ئىشچانلىق ـ ھۇرۇنلۇق
توغرىسىدا.................................. 61
پەسىل، ۋاقىت، مەزگىل، تەبىئەت، ھاۋا رايى ھەققىدە ... 137
دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق،
باغۋەنچىلىك قاتارلىقلار توغرىسىدا ............ 175
كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي
توغرىسىدا ................................. 245
ئۆرپ ـ ئادەت، ئاچ ـ توقلۇق، مېھماندوستلۇق توغرىسىدا
263 ......................................
توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، بالا ـ قازا، بەخت ـ
تەلەي توغرىسىدا ........................... 307
سودا ـ سېتىق، بازار، تىجەمكارلىق، بەتخەجلىك
توغرىسىدا.................................. 341
ياخشىلىق ـ يامانلىق توغرىسىدا ............ 375
سىياسەت ـ قانۇن، ئىجتىمائىي كەيپىيات، ھەقىقەت ۋە
قانۇنىيەت، ئۆملۈك ـ ئىناقلىق توغرىسىدا ........ 417
سىنىپ، تەبىقە، دوست ۋە دۈشمەن توغرىسىدا ........ 461

باتۇرلۇق، جاسارەت، مەردلىك ۋە يارىماسلىق، قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا .......................... 511
هوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا ... 545
پىتنە ـ پاسات، ھەسەتخورلۇق، ھەسرەت ـ نادامەت توغرىسىدا ............................ 575
ھەزىل ـ مەسخىرە، ئەيىبلەش ـ سۆكۈش، ھىيلە ـ مىكىر توغرىسىدا ...................................... 621
قوشۇمچە (2):
«ئەتەبەتۇلھەقايىق»تىكى ماقال ـ تەمسىللەر ............ 673

## * ئىككىنچى توم *

ئاتا ـ ئانا ۋە قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلار توغرىسىدا ...... 691
ئۆي ـ ئائىلە، مۇھەببەت، نىكاھ، ئەر ـ خوتۇن توغرىسىدا ................................... 723
ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق توغرىسىدا .................. 795
قوشنىدارچىلىق توغرىسىدا .......................... 821
پەرزەنت ۋە پەرزەنت تەربىيەسى توغرىسىدا ............ 839
يالغۇز ـ يىگانىلىق، غېرىب ـ يېتىملىق توغرىسىدا ... 895
تازىلىق، سالامەتلىك، ئاغرىق ـ سىلاق، ھايات ـ مامات توغرىسىدا ....................................... 917
شەرم ـ ھايا، ئەخلاق ـ پەزىلەت توغرىسىدا ............ 963
بىلىم، ھۈنەر ـ كەسىپ، ئۇستاز ـ شاگىرتلىق توغرىسىدا ...................................... 993
ئىچىملىك، چېكىملىك، قەرزدارلىق توغرىسىدا ......... 1051

تىنچ ـ خاتىرجەملىك ۋە ئوغرى ـ قاراقچىلىق توغرىسىدا ... 1063
راستچىللىق ـ يالغانچىلىق، پوچىلىق توغرىسىدا ...... 1097
ئادىمىيلىك، ئۆزىنى بىلىش توغرىسىدا .......... 1123
ئوي ـ خىيال، تەپەككۇر، مۇھەببەت ـ نەپرەت، غەيرەت ـ
جاسارەت، ئارزۇ ـ ئىستەك، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى توغرىسىدا
........................................ 1155
سەزگۈرلۈك، بىخۇدلۇق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك توغرىسىدا 1181
مۇھەببەت، گۈزەللىك ۋە سەتلىك توغرىسىدا ........... 1221
ھەرخىل جىسمانىي ئەيىبلەر توغرىسىدا ........... 1259
پەند ـ نەسىھەت، مەسلىھەت ـ مۇلاھىزىلەر توغرىسىدا ... 1273
قوشۇمچە (2):
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال ـ تەمسىللەر ...... 1363

## * ئۈچىنچى توم *

شەخس ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەت توغرىسىدا .............. 1405
گەپ ـ سۆز، تىل توغرىسىدا ................... 1429
سەپەر، ھەمراھلىق ۋە قاتناش توغرىسىدا ............. 1487
ئادەم ۋە ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، تەبىئىتى توغرىسىدا ... 1507
كەمتەرلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق، ئاقىللىق، ئەخمەقلىق،
نادانلىق توغرىسىدا ........................... 1531
ھەق ـ ناھەق، ھالال ـ ھارام، خۇشامەت، تەييارغا
ھەييارلىق توغرىسىدا ......................... 1579
پۇل ـ بايلىق، باي ـ كەمبەغەللىك توغرىسىدا ......... 1613
بېخىللىق، سېخىيلىق ۋە ئاچ كۆزلۈك توغرىسىدا ...... 1669

تەدبىركارلىق، پەم ـ پاراسەت، ئەقىلسىزلىك ۋە باشقا
بىر قىسىم ئىجتىمائىي ئەھۋاللار توغرىسىدا ............ 1711
قازى، موللا، پالچى، باخشى قاتارلىقلار توغرىسىدا ...... 1795
تەڭسىزلىك، غەلىتىلىك ۋە تاپا ـ تەنىلەر توغرىسىدا ... 1817
ئۆمۈر سىناقلىرى ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلار توغرىسىدا ... 1903
قىياسىي ئىبارىلەر، سېلىشتۇرۇشلار ۋە دارىتما
مەزمۇنلار توغرىسىدا ............................ 1967
ھايۋانات، نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەر توغرىسدا ............ 2051
**قوشۇمچە (3):**
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن
تەرمىلەر ................................ 2065
**قوشۇمچە (4):**
ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتىلار سۆزى ............ 2081
**قوشۇمچە (5):**
پايدىلانغان ماتېرىياللار .......................... 2091





# ۋەتەن، خەلق، ئەل - يۇرت توغرىسىدا

# ئا

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار،
قوي ئايلىنىپ قوتاننى (تاپار).

ئات تويغان يېرىگە تارتار،
يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە (تارتار).

ئات ئۆلسە ئەر قالار،
ئەر ئۆلسە، ئەل (قالار).

ئاتا بالىسى بولغىچە،
يۇرت بالىسى بول.

ئاتىنىڭ بەرگىنى كۆرۈملۈك،
ئەلنىڭ بەرگىنى ئۆمۈرلۈك.

ئاتنىڭ ھەممىسى تۇلپار بولماس،
قۇشنىڭ ھەممىسى شۇڭقار (بولماس).

ئاچ قالغاننى ئەل باقار.

ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم.

ئادەم ئادەم يېنىدا تۇرسا،
ئادەم خۇيىنى ئالار.
هايۋان يېنىدا تۇرسا،
هايۋان خۇيىنى ئالار.

ئادەم ئادەمگە قوشۇلار،
تاغ تاغقا قوشۇلماس.

ئادەم ئادەمگە مېهمان،
جان تەنگە (مېهمان).

ئادەم تۇغۇلغان يېرىدە ئەزىز،
گۈل ئېچىلغان يېرىدە (ئەزىز).

ئادەم يۇرت بىلەن ياشار،
هۆپۈپ قۇرت بىلەن (ياشار).

ئادەم ئۇلۇغ — يۇرت ئۇلۇغ.

ئادەمنىڭ كۆنى كۆپ بىلەن،
هايۋاننىڭ كۆنى چۆپ (بىلەن).

ئادەمنىڭ ئوبدىنى ئۆز يۇرتىدا قېرىيدۇ،
دېهقاننىڭ ئوبدىنى بۇغداي - قوناق تېرىيدۇ.

ئادەمنىڭ ياخشىسى ئەل - يۇرتۇم دەپ ئۆلەر.

ئاسارەتلىك ئەلدە هالاۋەت يوق.

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

ئاش بەرگە قازاننى چاقما.

ئاغزىدا ئەل ـ ۋەتەن،
كۆڭلىدە پەقەتلا «مەن».

ئالتۇن چىققان جاي ئەزىز.

ئالتۇن چىققان ئۆزگە يەردىن،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز يەر ياخشى.

ئالتۇن قەپەستىن تىكەنلىك ئۇۋا ياخشى.

ئالتۇن يەردە ياتماس،
يامان ئەلگە پاتماس.

ئالتۇن ـ كۈمۈش چىققان يەردىن،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر ياخشى.

ئانا يەردىن ئالتۇن ئالساڭ، ئەلگە سۇن.

ئانا يەرنىڭ سۈيى ئانا سۈتىدىن ئەزىز.

ئانا يۇرتنىڭ قويىنى كەڭ،
كەمبەغەللىنىڭ كۆڭلى (كەڭ).

ئانا يۇرتنىڭ توپىسى ــ تۇتىيا.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.

ئانا يۇرتۇڭ ــ ئالتۇن بۆشۈك.

ئاۋات شەھىرىڭدىن ئەسكى سەھرايىم ــ يۇرتۇم ياخشى.

ئاۋام ئۇچۇن ئىش قىلسا، قۇرۇق شاخمۇ كۆكلەيدۇ.

ئاق قۇ كۆلدە ياخشى،
ئادەم ئەلدە (ياخشى).

ئايرىلغان ئازار،
قوشۇلغان ئۇزار.

ئايرىلغاننى بۆرە يەر،
بۆلۈنگەننى ئېيىق (يەر).

ئايرىلمىغىن ئېلىڭدىن،
قۇۋۋەت كېتەر بېلىڭدىن.

ئايغا قاراپ ئېزىقساڭ،
تۆمۈر قوزۇققا تازىم قىل.

ئە

ئەتىگەن تۇرۇپ، يان ـ يېنىڭغا باق،
ئەل قاياققا باقسا، سەن شۇياققا باق.

ئەر بولاي دېسەڭ، ئەلدىن ئايرىلما،
هوسۇل ئالاي دېسەڭ يەردىن (ئايرىلما).

ئەر دۆلىتى ــــ ئەلدە.

ئەر قارغىسا بىر بالا،
ئەل قارغىسا مىڭ بالا.

ئەر كۆيگەنگە كۆيمەي،
ئەل كۆيگەنگە كۆي.

ئەر ئۆمىدىنى ئەر ئاقلار،
ئەر نامىنى ئەل ساقلار.

ئەردىن ئۆيالمىغان، ئەل ئالدىدا خار بولۇر.

ئەرنىڭ مېلى ــــ ئەلنىڭ مېلى.

ئەرنىڭ ئاتىسى ــــ ئەل.

ئەرنىڭ ئىشى ــــ ئەلنىڭ بويندا،
ئەلنىڭ ئىشى ــــ ئەرنىڭ بويندا.

ئەركسىز باغنىڭ گۈلى توزار،
بۇلبۇلى ئۈزار.

ئەسكى بولسىمۇ ئۆزۈڭنىڭ چاپىنى ياخشى.

ئەسكى تاملىق بولسىمۇ سەھرايىم ياخشى،
قېرى دوڭغاق بولسىمۇ ھەمراھىم ياخشى.

ئەسكى ھارۋا يول بۇزار،
ئەسكى ئادەم يۇرت (بۇزار).

ئەسلىنى بىلگەن، نەسلىنى بىلەر.

ئەل ئامان بولسا، پادىشاھ غەمسىز بولۇر.

ئەل ئامان، شەھىرىڭ ئامان.

ئەل ئامانلىق تىلەيدۇ،
دۈشمەن يامانلىق (تىلەيدۇ).

ئەل ئاۋات — شەھىرىڭ ئاۋات،
ئەل خۇشال — تىلىڭ ناۋات.

ئەل ئەيىبىنى سۇ ئاچار،
ئەر ئەيىبىنى سۆز (ئاچار).

ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس،
ئەر بار يەردە ئەل خار بولماس.

ئەل بار يەردە ئەر بار.

ئەل باسمىغان جايدا كۆپ يۇرمە.

ئەل بالىسى — خان بالىسى.

ئەل بەختىگە كۆيگەنگە ئەل سۆيۈنەر.

ئەل بەختتىن ئايرىلسا،
ئەر بەختىدىن ئايرىلار.

ئەل بولمىسا ئەر بولماس.

ئەل بېشىغا چۈشكىنى،
ئەر بېشىغا چۈشكىنى.

ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەل باغرىدا قىيامەت.

ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەل ياراتقان ئەر كېلەر.

ئەل بىر پەرياد چەكسە،
سەن مىڭ پەرياد چەك.

ئەل بىر چىمدىمىدىن سالسا كۆپىيىدۇ،
بىر چىمدىمىدىن ئالسا سورۇيدۇ.

ئەل بىلەن بىللە بول،
باشقا كەلگەننى بىللە كۆر.

ئەل بىلەن بىللە كىسىلگەن قولدىن قان چىقماس.

ئەل بىلەن ئۆلۈم، بەجايىكى توي.

ئەل تەختتىن ئايرىلسا،
ئەر بەختتىن ئايرىلار.

ئەل تەۋرىسە، زېمىن تەۋرەيدۇ.

ئەل تويغا بارسا،
يات قويغا بارىدۇ.

ئەل چۈشكۈرسە بوران چىقار.

ئەل رەھمىتى ــ خۇدا رەھمىتى.

ئەل ساراڭدىن قورقىدۇ،
ئەنجۈر باراڭدىن (قورقىدۇ).

ئەل ساڭا غۇنچە تۇتسا،
سەن ئاڭا گۇلدەستە تۇت.

ئەل ساڭا قىلسا نادامەت،
تۇرالمايسەن سالامەت.

ئەل سۆيگەننىڭ ئالدى ئوچۇق،
سۆيمىگەننىڭ كەينى (ئوچۇق).

ئەل سۆيمىگەن پادىشاھتىن،
خەلق سۆيگەن گاداي ياخشى.

ئەل سىلىسا ئەل ئايىشى،
ئەل سىلىمىسا ئىت يالىقى.

ئەل ئۇچۇن يىغلىمىغان كۆزسىز قالۇر.

ئەل غېمىدە بولساڭ بەختلىك بولىسەن،
خەلق ئارىسىغا چۆكسەڭ تەختلىك (بولىسەن).

ئەل غېمىنى بىلگەن ئەلدە داستان.

ئەل قارغىشى ئوق.

ئەل قاقشىسا سىنىڭدىن،
ئايرىلىسەن جىنىڭدىن.

ئەل قاياققا باقسا،
سەن شۇ ياققا باق.

ئەل قايان، سەن شۇيان.

ئەل قەدرىنى بىلمەيدۇ، ئەل ئىچىدە يامانلار.
يەر قەدرىنى بىلمەيدۇ، يەر تېرىمىغان نادانلار.

ئەل قەدرىنى نادان بىلمەس،
يەر قەدرىنى هايۋان (بىلمەس).

ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار.

ئەل قويىنىغا ئەل سىغار.

ئەل قۇرۇمىسا، يەر قۇرۇماس.

ئەل قىساسى مىنەلهەق.

ئەل كۆچسىمۇ يەر كۆچمەس.
ئەل كۆچكىنى — سەل كۆچكىنى.

ئەل كۆڭلىنى ئوۋلىغانلار مەقسەتكە يېتەر،
ئەل كۆڭلىنى ئاغرىتقانلار ھەسرەتكە چۆكەر.

ئەل كۆيۈنگەنگە كۆيۈنگەن باتۇر،
ئەل سۆيۈنگەنگە سۆيۈنگەن باتۇر.

ئەل كىرگەن كىچىكتىن يانما.

ئەل مەشئەل كۆتۈرسە،
شەپەرەڭ داد كۆتۈرەر.

ئەل مېھرىنى ئۆتۈنمە،
ئوتىدا كۆي، ئۆكۈنمە.

ئەل نەزىرىدىن چۈشسەڭ، تۇرغىلى يەر تېپىلماس.

ئەل ئۆرۈلسە، تاغ چۆرگۈلەر.

ئەل ئۈچۈن چەكسەڭ جاپا،
ئەل سېنى قىلماس خاپا.

ئەل ئۈچۈن ئوتقا كىرسەڭ ئۆلمەيسەن.

ئەل ئۈچۈن ئۆلسەڭ، كۈلۈپ ئۆل.

ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك.

ئەل ئىشىغا ھىممەتلىك،
ئەل ئاغزىدا قىممەتلىك.

ئەل ئىشىغا ئېرىنمە،
مىننەت قىلىپ كېرىلمە.

ئەل ئىشىنى ئەر قىلۇر،
ئەر قەدرىنى ئەل بىلۇر.

ئەل ئىگىسىز بولماس،
چاپان ياقىسىز (بولماس).

ئەل ياۋسىز بولماس،
پولۇ مايسىز (بولماس).

ئەل يىغلىسا، لەشكەر بولۇر.

ئەل ـ كۈنۈم بولمىسا،
ئاي ـ كۈنۈم تۇغمىسۇن.

ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن،
ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن.

ئەلدە ئابرويىڭ بولسا،
بۆكۈڭ چۆلدە قالماس.

ئەلدە بارى ــــ سەندە بار.



ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

ئەلدە بولمىسا،
ئەللىك يىلدىمۇ تېپىلماس.

ئەلدە يۈرگەن ئەر تونۇيدۇ،
يەر تېرىغان يەر (تونۇيدۇ).

ئەلدىن ئاشما،
ئەلدىن قېلىشما.

ئەلدىن ئاۋۋال يۈگۈرمە،
ئەلدىن قالما.

ئەلدىن ئايرىلغان پادىشاھ قەلەندەر بولۇر.

ئەلدىن ئايرىلغاننى يەر يۇتار.

ئەلدىن ئايرىلغاننىڭ ئەلگىكى تۆشۈك.

ئەلدىن ئايرىلغۇچە جاندىن ئايرىل.

ئەلدىن ئەلگە نەپ،
بولمىسا كۆتىگە تەپ.

ئەلدىن ئەلگە نەپ تېگۈر،
نەپ تەگمىسە گەپ (تېگۈر).

ئەلدىن بېشىڭنى تارتقىنىڭ،
ياۋغا جېنىڭنى ساتقىنىڭ.

ئەلدىن تانغانلىق ــ ئەقلىدىن ئازغانلىق.

ئەلدىن قاچقان سەلگە ئۇچراپتۇ.

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس،
دان بەرمىگەن يەر ئەمەس.

ئەلدىن كەتتىڭ، بەلدىن كەتتىڭ.

ئەلدىن يىراق ـــ ئەھلىدىن يىراق.

ئەلدىن ئەلگە نەپ.

ئەلسۆيەر دوستۇڭ بولسۇن،
يەر سۆيەر قوشۇڭ بولسۇن.

ئەلگە بارساڭ كۆيۈپ بار،
ئەل چېھرىگە سۆيۈپ بار.

ئەلگە بارساڭ ئېلىپ بار،
ئەيىبىنى قويۇپ بار.

ئەلگە باشلىغانىنىڭ كۆڭلى توق،
ئەلدىن ئايرىلغانىنىڭ ئۆڭكى يوق.

ئەلگە باققان ھۆر ئۆتەر،
ئەلدىن تانغان خار (ئۆتەر).

ئەلگە باقمىن ئېلىنگچە،
سۇغا كىرگىن بىلىنگچە.

ئەلگە بەرسەڭ ئىشىڭنى،
ئەل سىيلايدۇ بېشىڭنى.

ئەلگە تېرىساڭ ئەللىك چىقىپتۇ،
يەككە تېرىساڭ يەللىك چىقىپتۇ.

ئەلگە جاپا قىلغان ياۋغا ۋاپا قىلار.

ئەلگە خىزمەت ــ ئالىي ھىممەت.

ئەلگە قاراپ تاش ئاتما،
ھەر تەرەپكە باش (ئاتما).

ئەلگە قوشۇلغان ماي يۇتار،
ئەلدىن ئايرىلغان قان يۇتار.

ئەلگە قىلساڭ مەنمەنلىك،
بارار يېرىڭ سامانلىق.

ئەلگە قىلما خىيانەت،
تۇرالماسسەن سالامەت.

ئەلگە كىرگىنىڭ ــ ئەقىلگە كىرگىنىڭ.

ئەلگە مەنزۇر ــ ئەرگە مەنزۇر.

ئەلگە ياخشىلىق قىلغىنىڭ،
كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىڭ.

ئەلگە يامانلىق تىلىگەننى ئەل قوينىغا ئالماس.

ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنىپتۇ،
يۈز يىلدا قازان (يېڭىلىنىپتۇ).

ئەلنى ئالدايمەن دېگەن تورغا چۈشەر.

ئەلنى سۆيسەڭ يولۇڭ ئوچۇق،
ئەلنى سۆيمىسەڭ كۆتۈڭ ئوچۇق.

ئەلنى سۆيگەن خار بولماس،
يەننى سۆيگەن زار بولماس.

ئەلنى سېغىنغان ئايغا باقار،
ئەلدىن كەچكەن لايغا (باقار).

ئەلنى شاد قىلساڭ ئېشىڭنى يەيسەن،
ئەلنى قاقشاتساڭ بېشىڭنى (يەيسەن).

ئەلنىڭ ئالدىدا ئەگرىلىك قىلما.

ئەلنىڭ ئەقلى شەكسىز،
كۆچى چەكسىز.

ئەلنىڭ بايلىقى — يەر بىلەن سۇ.

ئەلنىڭ تارازىسى ئادىل.

ئەلنىڭ تەربىيەسى ئۇلۇغ.

ئەقلىڭ بولسا يۇرتۇڭنى باي قىل.

ئەلنىڭ غەيرىتى تاغنى قۇم قىلار.

ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك.
ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك.

ئەلنىڭ كۆزى تارازا.

ئەلنىڭ كۆزى ــ ئەلگەكنىڭ كۆزى.

ئەلنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تىكىلگەن جۇۋا تار كەلمەس.

ئەلنىڭ نومۇسى ــ ئەرنىڭ نومۇسى.

ئەلنىڭ ھەققىنى يېسەڭ،
كۆتۈڭدىن تۈتۈن چىقار.

ئەلنىڭ ھىممىتى دەريا.

ئەلنىڭ ئىچىگە ئالەم سىغار.

ئەل ــ قونغان يەردە،
ئات ــ تويغان يەردە.

ئەل ــ توققۇزى تەل.

# ب

باش قەيەردە،
پۇت شۇ يەردە.

باشقا يۇرتنىڭ سۇلتانلىقىدىن،
ئۆز ئېلىڭنىڭ گادايلىقى ئەلا.

باغ مېۋىسى بىلەن ئاۋات،
يۇرت ئادىمى بىلەن (ئاۋات).

باغ مېۋىسى بىلەن تونۇلار،
ئىنسان ئىززىتى بىلەن (تونۇلار).

باغنى باقساڭ باغ بولۇر،
پاتمان – پاتمان ياغ بولۇر.

باغنى يازدا چۆل قىل،
قىشتا كۆل قىل.

باغنىڭ ھۆسنى باغۋەندە.

بەتقۇۋۇم بولساڭ بول،
بىقۇۋۇم بولما.



ئۇيغۇر كىتابلىرى

بەلباغ كېتەر، بەل قالار،
بەگلەر كېتەر، ئەل قالار.

بولسا ئەلدە دان،
ياشار تەندە جان.

بۇ ئالەم ـــ بىر قونالغۇ.

بۇ ئالەم ـــ ئۇزۇن ئالەم،
بۇ ئالەم ـــ ئۆتنە ئالەم.

بۇ دۇنيانىڭ چېتى يوق،
ئۆگىنىشنىڭ (چېكى) يوق.

بۇلبۇل باغدىن ئايرىلماس،
ئادەم يۇرتىدىن (ئايرىلماس).

بۇلبۇل تاغقا كۆنمەس،
كەكلىك باغقا (كۆنمەس).

بۇلبۇل چۆلدە تۇرسىمۇ، چىمەن ئۈچۈن سايرايدۇ.

بۇلبۇل چىمەننى سۆيەر،
ئادەم ۋەتەننى(سۆيەر).

بۇلبۇل قەپەستە سايرىماس،
سايرىسىمۇ يايرىماس.

بۇلبۇل قەدرىنى باغ بىلمەس،
ئاغرىق دەردىنى ساق بىلمەس.

بۇلبۇل گۈلنى سۆيەر،
ھۈۋقۇش چۆلنى (سۆيەر).

بۇلبۇل باھارنى سۆيەر،
ئادەم يۇرتىنى (سۆيەر).

بۇلبۇلسىز باغنىڭ پەيزى بولماس،
مۇھەببەتسىز ھاياتنىڭ مەنىسى (بولماس).

بۇلبۇلغا باغ ياخشى،
كەكلىككە تاغ ياخشى.

بۈركۈت ئۇۋىسى تاغدا،
كاككۇك ئۇۋىسى باغدا.

بېشى ئامانىڭ مېلى ئامان.

بېشى بار ئىشنىڭ ئايىغىمۇ بار.

بېشى بارنىڭ بۆكى بار.

بېشى بارنىڭ ئىشى بار.

بېشى باش بولسۇن،
ئايىغى تاش (بولسۇن).



www.uyghurkitap.com

بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق،
يۆرتى يوقنىڭ جېنى يوق.

بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار.

بېشىڭ ئاسمانغا يەتسىمۇ،
تاپىنىڭ يەردە بولۇر.

بېشىڭ باش بولسا، پاقالچىقىڭ تاش.

بېشىڭدا ئالتۇن تاج بولسىمۇ، سەن ئەلگە موھتاج.

بېشىڭ كۆككە تاقاشسا، خەلقىڭنى يۆلتۈز بىل.

بېغىڭ بولسا غورا قىل،
ئوغلۇڭ بولسا مول قىل.

بېغى بارنىڭ تېمى بار.

بىگانە تۇپراق، يېگانە تۇپراق.

بېلىق سۇ بىلەن تىرىك،
ئادەم ئەل بىلەن (تىرىك).

بېلىگنى سۇندۇرغان،
ئېلىگنى سۇندۇرالماس.

بىر پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە،
بىر تاپان يېرىڭ بولسۇن.

بىرلىكى بار ئەلدىن قورق.

بىقىنىڭغا تۇرغان يەلدىن قورق،
تىلەيدىغان ئەلدىن (قورق).

بىلمىگەن يەرنىڭ تۇرىدىن بىلگەن يەرنىڭ پەگاسى ياخشى.

# پ

پادا يولدىن ئازسا، سەركىگە قار ياغار.

پادىشاھسىز ئەل يېتىم،
ئىگىسى يوق يەر يېتىم.

پاشىنىڭ ئۆۋسى يوق،
پەسنىڭ مىللىتى (يوق).

پالۋان يىگىت ــــ ئەلنىڭ تۈۋرۈكى.

پاقىمۇ سازلىقنى ماختار.

پەرۋانىگە ئوت ياخشى،
مەردانىگە يۇرت (ياخشى).

پەننى سۆيگەن زار بولماس،
ئەلنى سۆيگەن خار بولماس.



ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

پۇقرايىڭنى خار قىلما،
كۆڭلۇڭنى تار قىلما.

پىچاق دەستىسىنى كەسمەس.

پۇتۇڭنىڭ ئۇچىغا قارىغۇچە،
يۇرتۇڭنىڭ ئىچىگە قارا.

پىل چۇشىدە ھىندىستاننى كۆرەر.

## ت

تاشنىڭ ئېغىرىنى تاشلىق كۆتۈرەر،
كۆپنىڭ ئېغىرىنى باشلىق كۆتۈرەر.

تاغدىن يىقىلغان ھېچگەپ ئەمەس،
ئەل نەزىرىدىن يىقىلغان يامان.

تاغقا پاتمىغان ئۆچكە قازانغا پاتار.

تاغقا تاغ قوشۇلماس،
ئەل ئەلگە قوشۇلار.

تاغنىڭ تىرىكى يەردە،
ئەرنىڭ يۆلىكى ئەلدە.

تاغنىڭ كۆركى تاش بىلەن،
يۇرتنىڭ كۆركى باش بىلەن.

تاغۇتاشنى سۇ بۇزار،
ئەل ئارىسىنى سۆز بۇزار.

تامچە سۇ بولماس،
دۈشمەن ئەل (بولماس).

تايانغىلى يۇرت ياخشى،
ئىسسىنغىلى ئوت ياخشى.

تەۋرەپ كەتكەن ئەلدىن قورق،
يامراپ كەتكەندىن سەلدىن (قورق).

توپ بولدى، توق بولدى.

توپ بولغان توق بولار.

توپ توپقا يىقىلار،
يالغۇز خەندەككە (يىقىلار).

توپ مالغا بۆرىمۇ يېقىن كەلمەس.

توپتىن ئايرىلغان تورغا چۈشەر.

توپتىن ئايرىلغان توشقان،
چوماقنىڭ يوغىنىغا ئۇچراپتۇ.

تويتىن ئايرىلغان غاز قاغىغا يەم بولار.

توپنى ئۆرلەتكەن يەل،
باتۇرنى ئۆستۇرگەن ئەل.

تورغاينىڭ جەننىتى — يانتاق تۇۋىدە.

تولا گەپ ئەلنى ئەخمەق قىلار،
لاۋزا قوغۇن ئېغىزنى شالتاق (قىلار).

تولا ۋىچىرلىغان قۇش ئۇۋا تۇتالماس.

تون ياقىسىز بولماس،
ئەل ئاغىنىسىز(بولماس).

تون ياقىسىز بولماس،
ئەل ئىگىسىز (بولماس).

تويغان يەردىن تۇغۇلغان يەر ياخشى.

تۇغۇلغان يەردىن كۆڭۈل ئۈزۈلمەس،
يۇرت قوغدىغاننىڭ يۇرتى بۇزۇلماس.

تۇغۇلغان يەرگە تازىم ئەت.

تۇغۇلغان يەرگە تۇغۇڭنى تىك.

تۇغۇلغان يەرگە جان تارتمىسىمۇ، قان تارتىدۇ.

تۇغۇلغان يەرنىڭ تۇپىسى تۇتىيا، تۇخۇسى ئەنقا.

تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى ئىنجۇ، سۈيى كەۋسەر.

تۇغۇلغان يەرنىڭ كۈنىمۇ ئىسسىق، تۈنىمۇ ئىسسىق.

تۇغۇلغان يەر ــ ۋەتىنىڭ،
ۋەتىنىڭ ــ نومۇسۇڭ.

تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ تورغىيى چىرايلىق.

تونۇلغان يەردىن تۇغۇلغان يەر ياخشى.

تۆت كىشى بىر بولسا، تاشقىمۇ گۈل ئۈندۈرەر.

تۈلكە ئۇۋىسىغا ھۈرسە، قۇتۇر بولۇر.

تېپىشقانغا تۇغۇلغان تۇپرىقى ئەزىز.

تىرىكچىلىك ئەل بىلەن،
تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

تىل بۇزۇلسا، ئەل بۇزۇلىدۇ.

تىل سۆيمىگەن، ئەل سۆيمەس.

## ج

جاندىن ئايرىلساڭمۇ، ئەلدىن ئايرىلما.

جايى يوقنىڭ جېنى يوق.

جۇۋا ياقىسىز بولماس،
ئەل باشلىقسىز(بولماس).

## چ

چۆل بولسىمۇ يۇرت ياخشى،
ئاز بولسىمۇ قۇت ياخشى.

چۆلدە ئۆسكەن قامغاقنىڭ خېرىدارى شەھەردە.

چۆلدە يۈرگەن داغداق كۆل قەدرىنى بىلمەس.

چىشنىڭ ئوبدىنى ئادەمنىڭ ئېڭىكىدە،
قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۆزىنىڭ پىلىكىدە.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئارخىپى www.uyghurkitap.com

## خ

خەلق قارغىغانغا خۇدا قارىماپتۇ.

خەلق قوزغالسا تەخت قوزغىلىپتۇ.

خەلق ئېيتماس،
ئېيتسا سۆزىدىن قالماس.

خەلق ياندۇرغان چىراغنى «پۈۋ» دېگەننىڭ ساقىلى كۆيىدۇ.

خەلققە خىيانەت قىلغىنىڭ ــ ئۆزۈڭگە خىيانەت قىلغىنىڭ.

خەلققە ياققىنىڭ ــ خۇداغا ياققىنىڭ.

خەلقنى ئالدايمەن دېگىنىڭ،
ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ.

## د

دەريانى بۆلگەن تارام،
ئاۋامنى بۆلگەن قارام.

دەريانى توسقىلى بولۇر،
ئەل ئاغزىنى توسقىلى بولماس.

دۈشمەنگە نەپرىتى بولمىغاننىڭ،
ۋەتەنگە مۇھەببىتى بولماس.

دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقما،
ئەلنىڭ قارغىشىدىن قورق.

دېھقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى تېرىيدۇ،
ئادەمنىڭ ئوبدىنى يۇرتىدا قېرىيدۇ.

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.

دىندىن چىقساڭمۇ، يۇرتتىن چىقما.

ر

رازى بولار ئەل،
ئەلگە بولساڭ ھەل.

راست گەپ قىلسا، ئەل سېنى باغرىغا ئالار.

راستچىل بولساڭ، ئەلگە ياقارسەن.

راستچىل بولساڭ ئېلىڭگە،
توپا كىرمەس كۆزۈڭگە.

رەھمى يوق ئەردىن ئەل بىزار.

رىزقىم يېتەرلىك بولسۇن دېسەڭ،
ئەل قوينىنى ئاۋات قىل.

## ز

زالىم بولسا يۇرت بېشى،
تۆگمەس ئالۋان - ئىشى.

زالىم تۆگەيدۇ، زامان قالىدۇ،
ھەقىقەت ھامان ئامان قالىدۇ.

زامانى بىرنىڭ زارى بىر.

زورلۇق بىلەن «ھۆرمەت» تاپساڭ،
خورلۇق بىلەن ئۆلىسەن.

زىرائەت يەردە كۆكلەر،
چىن يىگىت ئەلدە كۆلەر.

زىننەتلىك قەپەستىن تىكەنلىك ئۇۋا ياخشى.

زىيان سالساڭ ئېلىڭگە،
قوم كىرىدۇ كۆزۈڭگە.

# س

ساراڭ بولسا پېره ئوينات،
ئەل - يۇرتتىن نېرى ئوينات.

سایاھەتكە ئۆزگە يۇرت ياخشى،
ئۆلمەككە ۋەتەن (ياخشى).

سەركىسىز پادا يولدىن ئازار.

سەل سۈپۈرسە ساي قالار،
ئەل سۈپۈرسە نېمە قالار.

سەل قارالسا ئىناقلىققا،
يۈزلىنەر زاۋاللىققا.

سەن تاش سانىساڭ، خەلق قۇم سانايدۇ.

سەن سۆيمىسەڭ ھېچ گەپ ئەمەس،
ئەل سۆيمىسە ھالىڭ خاراب.

سەن ئۆزۈڭنى ماختىما، ئەل سېنى ماختىسۇن.

سەن يۇرتنى باقساڭ،
يۇرت سېنى باقار.

سۇ بولمىسا ئاشلىق يوق،
ئەل بولمىسا باشلىق (يوق).

سۇ بىلەن زېمىن ياشنار،
چىن ئەر بىلەن ئەل (ياشنار).

سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق،
ۋەتەنسىزنىڭ يۈزى يوق.

سۇدىن بېلىققا نەپ،
ئەلدىن ئەلگە نەپ.

سوغۇق ئۈرۈشتىن قالار،
تۇپراق سۈرۈشتىن قالماس.

سۇندۇكنىڭ ئۇچۇشى ئېگىز - پەس بولغىنىنى بىلەن،
بارىدىغان يېرى يەنىلا ئۇۋىسى.

سۇنى بەرسەڭ ئەلگە،
ياشىرىسەن كۈندە.

سۇنىڭ ئېقىشىغا باق،
خەلقنىڭ خاھىشىغا (باق).

سۇنىڭ ئىزدەيدىغىنى يەرنىڭ پۇچۇقى،
ئادەمنىڭ ئىزدەيدىغىنى يۇرتنىڭ قۇچىقى.

سۆيگىن ئەلنىڭ ئىشىنى،
مەھكەم تۇتقىن پېشىنى.

سىرداشقان ئىناقلىشار،
سىرداشمىغان يىراقلىشار.

سىرداشمىغان شەھەردىن، سىرداشقان دۆڭ ياخشى.

سىيىرنىڭ سۈتى تىلدا،
ئەرنىڭ بەختى ئەلدە.

## ش

شالاڭ بۇلۇتنىڭ يامغۇرى ئاز.

شامال يالغۇز دەرەخكە تېگەر.

شاھتىن ئىنساب قاچسا، ئەلدىن بەرىكەت قاچار.

شاھنىڭ غېمى پۇقرانىڭكىدىن كۆپ.

شەھەر ئەقىلسىزگە دوزاخ بىلىنەر.

شەھەر تالاشقۇچە يەر تالاش.

شەھەر دەرۋازىسىز بولماس.

شورتاڭ يەردىن ئاشلىق چىقماس،
مەزھەپ كۆپ ئەلدىن باشلىق (چىقماس).

شورلۇق يەردە سۈنبۇل ئۈنمەس.

شورلۇق يەرنىڭ ئاسمىنىدىكى بۇلۇتنىڭ ھالىغا ۋاي.

شىۋاقمۇ ئۆز يېرىدە گۈللەر.

## غ

غاز سۇدا ياتۇر،
ئەر ئەلدە (باتۇر).

غاز قوزغالسا، كۆلنى ئۆردەك ئىگىلەيتۇ.

غاز يوق كۆلدە ئۆردەك خوش.

غەيرەت يىغقىن تېنىڭگە،
خىزمەت قىلغىن ئېلىڭگە.

غۇربەتتە غېرىب شادىمان بولماس،
رەقىب ئەلگە مېھرىبان (بولماس).

غېرىب بولساڭ، ئەلگە باق.

غېرىچسىز غولاچ كېرىمە،
ۋەتەنسىز كۆكرەك (كېرىمە).

غېمى بىرنىڭ ھىمى بىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غېمىڭ ئەلدە بولسا، ئۆمرۈڭ ئۇزار،
غېمىڭ ئۇزۇڭدە بولسا، بەختىڭ تۇزار.

## ق

قاچقان سالپىيىپ كېلەر،
كەتكەن خار بولۇپ (كېلەر).

قار كۆچىدۇ، تاغ قالىدۇ،
گۇلخان ئۆچىدۇ، چوغ قالىدۇ.

قاراڭغۇ قالغان يۇرتتا، ھۇۋقۇشلار پادىشاھ بولار.

قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان بىلەن، ھاسىدىن ئايرىماپتۇ.

قارىمۇقنىڭ دانىسى بولغىچە،
بۇغدايىنىڭ سامىنى بول.

قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆت.

قازاننىڭ ھورى يامان،
ئۇلتاڭنىڭ زارى (يامان).

قاشقا سانىساڭ كۆزگە،
ئەلگە سانىساڭ ئۆزگە.

قاغا «قاق» دېمىسە، قۇشلارنىڭ كۆزىنى چوقۇپ بولار ئىدى.

قاغا قاغا بىلەن تېزەك ئۈستىدە تېپىشار.

قارغا دان تاپسا، دان كۆمىدىغان يەر تاپالماپتۇ.

قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس.

قاغا قاق ئېتەر،
ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتەر.

قاغا كۆلگە چۈشسىمۇ، غازغا ئايلىنالماس.

قامىتىگە ئىشەنگەننىڭ قەدرى پۇكۇلۇر،
كۆپكە ئىشەنگەن مەقسەتكە يېتۇر.

قاناتسىز قۇش ئۇچالماس.

قاۋان قارلىقتا ئۆلىدۇ،
يامان خارلىقتا (ئۆلىدۇ).

قەدىرلىسەڭ، قەدرىڭ ئاشار.

قەدىناستىن ئايرىلما سەت بولسىمۇ،
قەدىم جايدىن ئايرىلما چەت بولسىمۇ.

قەرزدارلىق بەك يامان، بىر پۇل بولسىمۇ،
مۇساپىرلىق بەك يامان، بىر كۈن بولسىمۇ.

قوتاندىن قاڭقىغان قوي بۆرىگە ئۇچرار.

قورۇلغان ــــ سورۇلار.

قوزغالغان ئەلدىن قورق،
كەلكۈنى بار سەلدىن قورق.

قۇزغۇنغا تاغ ياخشى،
بۇلبۇلغا باغ (ياخشى).

قوغدالمىساڭ، قاغىمۇ كۆزۈڭنى چوقار.

قوغۇن - تاۋۇز پىلەكتە پىشار.

قوغۇننى تاتلىق قىلغىنى پىلەك.

قول بەرگەنگە يول بەر.

قول تۇگۇلسە مۇشت بولۇر،
ئەل يىغىلسا كۈچ (بولۇر).

قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.

قومۇش ئۆيۈم، كۇمۇش ئۆيۈم.

قوۋمىڭ بىر بولسا، قان تۆكۈشمە.

قوي توپىدىن ئايرىلسا، بۆرە يەيدۇ.

قۇدۇققا ئوت كەتسە،
خەندەكتىكى بېلىقنىڭ ھالىغا ۋاي.

قۇدۇقنىڭ قەدرى چۆلدە بىلىنەر.

قورۇغان يورتقا قول ئاقسىقال.

قۇش ئاسماندا ئۇچسىمۇ،
سايىسى يەرگە چۈشەر.

قۇش بالىسى كۆككە باقار،
قوي بالىسى يەرگە (باقار).

قۇش بالىسى ئۇۋىسىدا نېمە يېسە،
ئۇچقاندىمۇ شۇنى ئىزدەر.

قۇش ساماغا تەشنا،
چاشقان كامارغا (تەشنا).

قۇش قېرىسا، ئۆز يۇرتىغا قايتار.

قۇش ئۇۋىسىدا كۆرگىنىنى قىلار.

قۇش ئۇۋىسىنى سېغىنار،
ئادەم ۋەتەننى (سېغىنار).

قۇش ئۇچۇپ هارغاندا، ئۇۋىسىنى تاپار.

قۇش ئۆز ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچار.

قۇش ئۆز ئۇۋىسىنى ئۇنتۇماس،
ئادەم ۋەتىنىنى (ئۇنتۇماس).

قوش ئۆز ئۇۋىسىنى ياسايدۇ.

قۇشقاچقا تۆشۈك ياخشى،
بالىغا بۆشۈك (ياخشى).

قۇشمۇ كەتسە كېلىدۇ،
ئۆز ئېلىنى سۆيىدۇ.

قۇشمۇ ئۆز ئۇۋىسىنى قەدىرلەيدۇ.

قۇشنىڭ يامىنى تورغا كىرەر،
يۇرتقا پاتمىغان گۆرگە (كىرەر).

قۇم تەۋرىسە يەرگە پاتار،
ئەل تەۋرىسە نەگە پاتار؟

قۇم قېتىشسا تاش بولۇر.

قېتىقىڭنى ساتساڭمۇ، قاچاڭنى ساتما.

قېچىپ كەتكەن چېچىپ كېتەر.

قېرى ئات ئوقۇر بۇزماس.

قېرى قۇشقاچ كېپەككە ئالدانماس.

قىزنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
يىگىتنى ئەل ئارىسىدىن (ئىزدە).

قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسار،
بىرلىك بۇزۇلسا يات (باسار).

قىلىچ ئۆز قىنىنى كەسمەس.

قىيام قىلماي ناۋات بولماس،
تەر تۆكۈلمەي ئاۋات بولماس.

ك

كالىنىڭ گۆشى بىر كۈن،
سۈتى ھەركۈن.

كۆپ بىلەن كۆرگەننىڭ ھەممىسى توي.
كۆپ تۈكۈرسە كۆل تولۇر.

كۆپ ياققان ئوت كۆككە يېتەر.

كۆپ ياققان ئوتنىڭ شولىسى كۆككە يېتەر.

كۆپتىن قاچقان قۇتۇلماس.

كۆپتىن يامانلاپ كۆمۈلمەي قاپتۇ.

كۆپچىلىك بىر مۈشتتىن ئاتسا ئۆلتۈرىدۇ،
بىر بۇردىدىن بەرسە تويدۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىك بىرلەشسە، تاغنىمۇ يىقىتار.

كۆپچىلىك نەدە؟
توقچىلىق شۇ يەردە.

كۆپكە يېقىن — كۆككە يېقىن.

كۆپنىڭ قارغىشىغا يولۇققان ئاغرىماي ئۆلەر.

كۆرپەڭ قەيەردە بولسا، كۆڭلۈڭ شۇ يەردە.

كۆكنەك ئۆز دەرياسىدا غاز ئالار،
باشقا جايدا باش ـ كۆزى تاز بولار.

كۆلنىڭ نامىنى بېلىقى چىقىرار.

كۈچۈڭنى يەرگە بەر،
بىلىمىڭنى ئەلگە بەر.

كىشى يۇرتىدا ئامبال بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئابدال بول.

كىشى يۇرتىدا بەگ بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا سەگ (ئىت) بول.

كىشى يۇرتىدا شاھ بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا گاداي بول.

كىشىنىڭ دۆلدۆلىدىن ئۆزۈڭنىڭ ئېشىكى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ شەھىرىدە سۇلتان بولغۇچە،
ئۆز شەھىرىڭدە ئۇلتاڭ بول.

كىشىنىڭ يۇرتىدا باغ قىلما،
يۇرتىڭنى داغ (قىلما).

كىشىنىڭ يۇرتىدا پاختىدا ياتقاندىن،
ئۆز يۇرتۇڭدا تاختىدا ياتقان ياخشى.

كىشىنىڭ يۇرتىغا كىشى كېلىدۇ،
ئارىغا ئالمىسا كىم كېلىدۇ؟

كىشىنىڭ يېڭى كىيىمىنى كىيگۈچە،
ئۆزۈڭنىڭ ماتاسىنى كىي.

كىيىمەككە چەكمەن ياخشى،
تۇرماققا ۋەتەن ياخشى.

كىيىك ئۈركۈسە تاغدىن كۆچەر،
ئادەم ئۈركۈسە يۇرتتىن (كۆچەر).

كېيىككە تاغ ياخشى،
بۇلبۇلغا باغ (ياخشى).

## گ

گۆزگىنەك ئۆز يۆرتىدا غاز ئالار،
باشقا يۆرتتا تاز بولار.

گۆل پۆرىقى بىلەن ئەزىز،
ئادەم يۆرتى بىلەن (ئەزىز).

گۆل ئېچىلغان يېرىدە ئەزىز.

گۆلگە باق تىكەننى كۆر،
يۆرتقا باق ۋاپانى (كۆر).

گۆلنىڭ سەرخىلى گۆل ئارىسىدا،
ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا.

## ل

لالما بولغىچە، سالما بول.

لالما ئىت ئۆچرىغان يېرىدە تاياق يەر.

لالما ئىتنىڭ بارمىغان جايى قالماس.

لالما ئىتنىڭ ئۆلۈكى چۆلدە قالار.

لالمىنىڭ ئابرۇيى،
قۇلنىڭ «مەنسىپى» بولماس.

لەقەمسىز ئەر بولماس،
چىچىلغان ئەل بولماس.

م

موزاي تويغان يېرگە تارتىدۇ،
يىگىت تۇغۇلغان يېرگە(تارتىدۇ).

مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس.

مۇساپىر ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئىچكىرى.

مۇساپىردەك غېرىب بولماس،
يۇرتنى يەرگە تېرىپ بولماس.

مۇساپىرنىڭ غوجاكىسى تولا.

مۇساپىرنىڭ يۇرتى يوق.

مېلى يوق دەپ ئەردىن ئايرىلما،
گۆلى يوق دەپ يەردىن (ئايرىلما).

مىلجىڭ ئادەم يۇرت بۇزار،
قىڭغىر ھارۋا يول (بۇزار).

## ن

نادان ئامبال يۇرت بۇزار.

نادان ئەلدە موللا تولا.

نادان ئەلنىڭ موللىسى هاراملىق.

نادان ئەلنىڭ نەسلى قۇرار.

نازىڭنى ئەر كۆتۈرەر،
ئەر كۆتۈرمىسە ئەل كۆتۈرەر.

نامىم چىقسۇن دېسەڭ ئاناڭنى كۆت،
ئۆز يۇرتۇڭنىڭ يۈكىنى يۆد.

نان گاداسى بولساڭمۇ،
يۈت گاداسى بولمىغىن.

## ھ

ھەر شەھەرنىڭ ھاۋاسى باشقا.

ھەر كىم ئېلىگە ئامراق،
ئۆردەك كۆلىگە (ئامراق).

ھەر كىمنىڭ ئۆز ئېلى ئۆزىگە ئەلا.

ھەر گىياھنىڭ ئۆزى سۆيگەن تۇپرىقى بار.

ھەر گۇل ئۆز پۇتىقىدا ئەزىز.

ھەر گۇلنىڭ ئۆز ھىدى بار،
ھەر ئەلنىڭ ئۆز تۇسى بار.

ھەر يەرنىڭ تۇلكىسىنى ئۆز تايغىنى ئالار.

ھەممە تايچاق ئۆزى سۇ ئىچكەن بۇلاقنى ماختار.

ھەممە قۇش ئۆز ئۇۋىسىغا قاراپ ئۇچىدۇ.

ھەممەتىلىك ئەر،
ئۆز ئېلىنى دەر.

## ئو

ئوبدان ئادەم خوشلىشىپ كۆچەر،
ئەسكى ئادەم مۇشتلىشىپ (كۆچەر).

ئورمان يىغىلسا باغ بولۇر،
قوم يىغىلسا تاش بولۇر.

ئوقۇرنى سىغىنمايدىغان ئات بولماس،
ۋەتەننى سىغىنمايدىغان ئەر (بولماس).

## ئۇ

ئۇچۇشنى بىلىپ چۇشۇشنى بىلمەپتۇ.

ئۇچۇشنى ئويلىساڭ، چۇشۇشنى ئۇنتۇما.

ئۇخلاپتۇ ئۆزى ئۇچۇن،
چۇش كۆرۈپتۇ خەق ئۇچۇن.

ئۇرسىمۇ ئەل ياخشى،
تىللىسىمۇ ئەل ياخشى.

ئۇرۇشقاق ئەلدە بەرىكەت يوق.

ئۇرۇشقاق ئەلنى بۇزار،
بۇدۇشقاق يەرنى (بۇزار).

ئۇلاغ تويغان يېرىگە تارتىدۇ،
يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە (تارتىدۇ).

# ئۆ

ئۆز ئايماق، سۈت ـ قايماق.

ئۆز ماكانىڭ ــــ گۈلستانىڭ.

ئۆز ئۆيۈم ــــ ئەللەي تۆشىكىم.

ئۆز ئېلىدە مېھرىگىياھ،
ياقا يۇرتتا شۇمبۇيا.

ئۆز ئېلىڭدە ئۆتكۈزگەن بىر قىش،
يات ئەلدە ئۆتكۈزگەن يۈز باھاردىن ئەلا.

ئۆز ئېلىڭنىڭ بېشى بولالمىساڭمۇ،
سېپىنىڭ تېشى بول.

ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە،
كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى (يە).

ئۆز يۇرتۇڭ ۋاپالىق،
كىشى يۇرتى جاپالىق.

ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلما چەت بولسىمۇ،
قەدىناستىن ئايرىلما، سەت بولسىمۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىسى www.uyghurkitap.com

ئۆز يۇرتۇڭنىڭ سۈيى ياخشى،
ساتما بولسىمۇ ئۆيى (ياخشى).

ئۆز يۇرتۇڭنىڭ قەدرى ئۆزگە يۇرتتا بىلىنەر.

ئۆز يۇرت — تۇغقان ئانا،
ئۆزگە يۇرت — ئۆگەي (ئانا).

ئۆزگە يۇرت بۆشۈكۈڭ بولماس.

ئۆزگە يۇرتتا بۇركۇتنىڭ توشقانغا كۈچى يەتمەس.

ئۆزگە يۇرتنىڭ بېشى بولغاندىن،
ئۆز يۇرتۇڭنىڭ تېشى بول.

ئۆزگە يۇرتنىڭ گۈلىدىن،
ئۆز يۇرتۇڭنىڭ چۆلى ياخشى.

ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈل، ئەل ئۈچۈن ئۆل.

ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈلەرسەن،
يۇرتۇڭ ئۈچۈن ئۆلەرسەن.

ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرمە.

ئۆزىنى ئويلىغان يادايدۇ،
ئەلنى ئويلىغان ياشايدۇ.

ئۆستەڭ سۈيى لاي بولسا،
ئېرىق سۈيى لاي بولۇر.

ئۆستەڭدە سۇ بولسا،
كىچىك ئېرىق قۇرۇماس.

ئۆلۈمنى ئويلىماي، ئېلىڭنى ئويلا.

ئۆم بولمىسا ئەل،
ھېچبىر ئىشى بولماس ھەل.

ئۆملۈك — ئۇنۇملۈك.

ئۆيۈڭدىن ئايرىلساڭمۇ، ئېلىڭدىن ئايرىلما.

ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق.

## ئۇ

ئۇگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،
يۇرتنى تاشلاپ ئارمان (يەپتۇ).

## ۋ

ۋەتەن قۇدرەت تاپسا، جېنىڭ ئارام تاپار.

ۋەتەن گاداسى بولغىچە،
كېپەن گاداسى بول.

ۋەتەن گادايى — كېپەن گادايى.

ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلمەكمۇ شەرت.

ۋەتەنسىز ئادەم — هاياتى ماتەم.

ۋەتەنسىز ئەر — هوسۇلسىز يەر.

ۋەتەنسىز خار، ئەركسىز زار.

ۋەتەنسىز كىشى — ناخشىسىز بۇلبۇل.

ۋەتەنسىزنىڭ گۆرى تار.

ۋەتەنگە پالاكەت — ئۆزۈڭگە هالاكەت.

ۋەتەنگە كەلگەن — ئىمانغا كېلەر.

ۋەتەننى ساتقان ئەر ئەمەس.

ۋەتەننىڭ ۋەيرانىسى — ئۆمۈرنىڭ غەمخانىسى.

ۋەتىنى بارنىڭ بەختى بار،
مېهنىتى بارنىڭ تەختى (بار).

ۋەتىنىڭنىڭ بىر مىسقال توپىسى بىر سەر ئالتۇنغا باراۋەر.

# ئې

ئېلى ئامان ئاچ قالماس.

ئېلى بار يەر ـــ بازار،
ئېلى يوق يەرـــ مازار.

ئېلمدىن بەزگەن ئەر ئوڭشالماس.

ئېلىگە ۋاپا قىلغان،
رەقىبكە جاپا قىلار.

ئېلىڭ ساڭا سوزسا قول،
ئاڭا دائىم سادىق بول.

ئېلىم باشقا دېگەن ئەل بولماس.

ئېلىنى ساتقان ئىت يالىقىدا ئاش ئىچەر.

ئېلىڭ ـــ يۇرتۇڭ بولمىسا،
ئايىڭ، كۈنۈڭ بولمىسۇن.

# ئى

ئىتمۇ ئۆز ھويلىسىدا باتۇر.

ئىناق ئەلدە ئاپەت يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ئامەت يوق.

ئىناق ئەلدە جاپا يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا (يوق).

ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىم (كۆپ).

ئىناق ئەلدە قاياش كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە تالاش كۆپ.

ئىناق ئەلنىڭ ئىچى بازاردەك،
ئىناقسىز ئەلنىڭ ئىچى مازاردەك.

ئىناق بولسا ئەل، ھەممە بولار تەل.

ئىناۋەت تاپاي دېسەڭ، توغرا سۆزلە؛
بەخت تاپاي دېسەڭ، ئەلنى كۆزلە.

ئىسلىق ئۆيۈم — ئىسسىق ئۆيۈم.

## ي

يات ياقىدىن ئالار،
ئىت ئېتەكتىن (ئالار).

ياخشى كىشىنىڭ قەدرى ئۆلگەندە بىلىنەر،
ياخشى يۇرتنىڭ قەدرى كۆچكەندە بىلىنەر.

ياخشى يىگىت يۇرت تۈزەر،
يامان يىگىت يۇرت بۇزار.

ياردىن ئايرىلساڭمۇ،
ئەلدىن ئايرىلما.

ياردىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،
ئەلدىن ئايرىلغان ئۆلگۈچە يىغلار.

يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن (ئىزدە).

ياغاچ يېلىم بىلەن ياخشى،
ئەل بىلىم بىلەن (ياخشى).

ياقا يۇرتتا تورغايمۇ سايرىماس.

ياقا يۇرتتا ياقاڭ يىرتىلار.

ياقا يۇرتلۇق يالغۇز يىغلاپتۇ.

ياقا يۇرتنىڭ پەرىشتىسىدىن،
ئۆز يۇرتۇڭنىڭ ئالۋاستىسى ياخشى.

ياقىدىكى ئوت يەپتۇ،
ئوتتۇرىدىكى دۇت (يەپتۇ).

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسىمۇ، دېڭى چىقماس.

يالغۇز ئادەم جەننەتتىمۇ زېرىكىپ قالار.

يالغۇز تېرەك بوستان بولماس،
قوي تېرىسى ئۆلتاڭ بولماس.

يالغۇز تېرەككە جىن يامىشار.

يالغۇز دەرەخ  ئورمان بولماس،
ئىناق ئۆتكەن ۋەيران بولماس.

يالغۇز كىشىگە يول يىراق.

يالغۇز يۈرۈپ يول تاپقۇچە، چىشىڭ تۆكۈلەر.

يالغۇز يۈرۈپ يول تاپقۇچە،
كۆپ بىلەن يۈرۈپ ئادىشىپ كەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر،
ئەل بىلەن ئەر (كۆكىرەر).

يامغۇر ياغسا يەرنىڭ بەرىكىتى،
مەرد تۇغۇلسا ئەلنىڭ بەرىكىتى.

يول ياسىغاننى ئەل ياسار.

يولدىن ئازسىمۇ، يۇرتىدىن ئازماپتۇ.
يولدىن چىقساڭمۇ، كۆپتىن چىقما.

يۇرت «پۇۋ» دېسە شامال چىقار.

يۇرت ئامان، مەنمۇ ئامان،
ئەل بولمىسا، رەڭگىم سامان.

يۇرت بولسا ئالۋان بولمىسا،
خان بولسا گالۋاڭ بولمىسا.

يۇرت بېشىغا كۈن چۈشسە، ئەر ـ يىگىت هازىر.

يۇرت تويمىغۇچە ئەل تويماس.

يۇرت دېگەن چىمەن،
ئاڭا باققان تىمەن.

يۇرت سۆيگەن ئەر،
سايىسى بار دەرەخ.

يۇرت سۆيگەن ماكانسىز قالماس.

يۇرت سۆيمەسنىڭ ئىمانى سۇس بولىدۇ،
يۇرت سۆيەر ئەر راۋۇرۇس بولىدۇ.

يۇرت سۆيى مۇردىغا جان كىرگۈزىدۇ.

يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

يۇرت كۆرگەندە يۇرتۇڭنى ئەسلە،
ئەل كۆرگەندە ئېلىڭنى (ئەسلە).

يۇرت كۆكەرسە ئەل كۆكىرەر.

يۇرت نامراتلاشسا، ئوغرى كۆپىيەر.

يۇرت ئېتىكى كۆزۈڭدىن چوڭ.

يۇرت ئىگىسى — يولۋاستۇر،
ئۆلتۇرگىلى قويماستۇر.

يۇرتتا ئادەم بولمىسا،
توڭغۇز تۆرگە چىقار.

يۇرتتىن ئايرىلغۇچە جاندىن ئايرىل.

يۇرتتىن كەچكەن نومۇستىن ئۆلەر.

يۇرتتىن يۇز ئۆرۈگەن نومۇسقا قالار.

يۇرتقا پاتمىغان ھېچ يەرگە پاتماس.

يۇرتقا كەلسە بالايىئاپەت،
ھەممىگە كېلەر قازا ـ تالاپەت.

يۇرتقا كەلگەن يۇز ئەرزان،
ئالدىڭغا كەلگەن توز (ئەرزان).

يۇرتقا كۆيسەڭ يۇرت بۇزۇلماس.
يۇرتنى دېدىم، يۇزگە كىردىم.

يۇرتنى سۆيگەن ئەر،
مول ھوسۇللۇق يەر.

يۇرتنى قوغدا ــ ئېلىڭ ئۆسەر،
قوغدىمىساڭ، ئۆيۈڭ توزار.

يۇرتنى يۇرت يەيدۇ،
ياغاچنى قۇرت (يەيدۇ).

يۇرتنى يۇدۇپ بولماس.

يۇرتنىڭ قائىدىسىگە پادىشاھمۇ بويسۇنار.

يۇرتۇڭ تىنچ ــ مېلىڭ تىنچ.

يۇرتۇڭنى ئاۋات قىل،
بەختىڭنى ناۋات قىل.

يۇرتۇم ــ باغرىم،
ئېلىم ــ يىلىكىم.

يۇرتى بارنى يەر باقار،
يەر باقمىسا ئەل باقار.

يۇرتى باينىڭ ئۆزى باي.

يۇرتى يوقفا قەبرە تېپىلماس.

يۇرتىدىن بەزگەن دۈشمەن قولىدا ئۆلىدۇ.

يۇرتىدىن بەزگەن يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك.

يۇرتىغا پاتمىغان ھېچ يەرگە پاتماس.

يېرى باينىڭ ئېلى باي.

يىغا كەلسە، ئەلنىڭ يىغىسى بىر بولۇر.

يىگىت بولساڭ، مەرد بول،
ئەلگە ھەمدەرت بول.

يىگىت ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلار،
ئەل ئۈچۈن ئۆلەر.

www.uyghurkitap.com



# ئىش - ئەمگەك، مېھنەت، ئىشچانلىق - ھورۇنلۇق توغرىسىدا

## ئا

ئابدال ئات مىنىپ «باي بولدۇم» دەپتۇ،
چامغۇر يېشىپ «ماي بولدۇم» (دەپتۇ).

ئابدال پادىشاھ بولسىمۇ تىلەپ يەيدۇ.

ئاپتاپ يەرنى تاۋلار،
ئەمگەك ئەرنى تاۋلار.

ئات ئېگىرى بىلەن،
ئادەم جىگىرى بىلەن.

ئاتمىش ئالتە پەرىشتە،
ھەربىرى بىر ئىشتا.

ئاچچىق تەر تۆككەن تاتلىق يەر.

ئاخشىمى غىڭشىپ ئۇخلىماپتۇ،
ئەتىگىنى لىڭشىپ قوپماپتۇ.

ئادەم قولى چۆلنى بوستان قىلار.

ئادەم ئىشلىمىسە بىكار،
ئىت چىشلىمىسە (بىكار).

ئادەمنى ئارزۇ ئۇچۇرىدۇ،
قۇشنى قانات ئۇچۇرىدۇ.

ئادەمنى ئەمگەك باقىدۇ،
ھورۇنلۇق چەتكە قاقىدۇ.

ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ،
غەم قاقشىتىدۇ.

ئادەمنى ئىش تونار.

ئادەمنىڭ ھورۇنى تاماقنى كۆپ يەيدۇ،
ھايۋاننىڭ ھورۇنى تاياقنى كۆپ يەيدۇ.

ئارتۇق ئۇخلىساڭ ئاچ قالىسەن.

ئارزۇغا ئارزۇ قوشۇلسا گۈلخان بولىدۇ.

ئارزۇلاپ تېرىغان چىلگىننىڭ باش بۇرنىنى ئىت يېدى.

ئارزۇلايدۇ ئەنجاننى،
باقالمايدۇ بىر جاننى.

ئارزۇنىڭ چېكى يوق،
نەپسىنىڭ تېگى (يوق).

ئارقىدا قالدىڭ ـــ توپىدا قالدىڭ.

ئارمان كۆپ، دەرمان ئاز.

ئارمىنى يوق ياش بولماس،
ھەسرىتى يوق قېرى (بولماس).

ئاز بولسىمۇ،
ساز بولسۇن.

ئاز قىل،
ئۈز قىل.

ئاسان ئېرىشكەن ئاسان يوقايدۇ.

ئاسان ئىشنىڭ بېشىغا،
ھەركىم بارار قېشىغا.

ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە،
تېگىدە مانتا يەپتۇ.

ئاسمان ئېگىز يەر قاتتىق،
ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق.

ئاسمان يېپىنچا،
يەر سېلىنچا.

ئاسماندا نەزىر بار دېسە،
شوتا بارمىكەن دەپتۇ.

ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپتۇ.

ئاسمانغا قاراپ ئەرشنى كۆرۈپتۇ،
يەرگە قاراپ كەشنى (كۆرۈپتۇ).

ئاش بەرگەن خۇدا قازانسىز قويماس.

ئاش قالسا قالسۇن،
ئىش قالمىسۇن.

ئاش قولى ــ ئىش كېسىلى.

ئاش كەلسە خامانلار،
ئىش كەلسە يامانلار.

ئاش كەلسە ئىچىپ كېتەر،
ئىش كەلسە قېچىپ (كېتەر).

«ئاش يەڭ» دېسە غوپ ـ غوپ،
«ئىش قىلىڭ» دېسە غوت ـ غوت.

ئاشپەز ئاچ قالماس،
سەيپۇڭ يالىڭاچ (قالماس).

ئاشلىقنى يوقنىڭ چارىكى يوق.

ئاشنى سىڭگەندە يە،
گەپنى بىلگەندە دە.

ئاشنى كۆرسە قولى قوزغىلىپتۇ،
ئىشنى كۆرسە كېسىلى (قوزغىلىپتۇ).



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap

ئاشنى كۆرسە ئىچىڭ تاز،
ئىشنى كۆرسە قېچىڭ تاز.

ئاغزىڭدا قىلغۇچە،
قولۇڭ بىلەن قىل.

ئاقار ئىشنىڭ قېشىغا،
ياخشى كېلەر بېشىغا.

ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

ئالتە كەپتەرگە يەتتە كۈۋۈك،
يازدا ئىشلىمىگەن رۈۋۈك.

ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا،
ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچەرسەن.

ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن،
بەخت كېلىدۇ تەردىن.

ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر،
ئادەم ئەمگەكتە (بىلىنەر).

ئالتىنچى ئايدا بىر تون تىكتىم، ئەملىدىمۇ، پەملىدىمۇ؟
ئارىدا قونۇپ سۇ ئەكەلدىم، يوگۇردۇمۇ، ئۇچتۇمۇ؟

ئالدىراپ قىلساڭ ئىشنى، يايراپ ئالىسەن قىشنى،
ئالدىراپ قىلمىساڭ ئىشنى، تىترەپ ئالىسەن قىشنى.

ئانارنىڭ پوستى قاتتىق،
مېۋىسى تاتلىق.

ئانارنىڭ دانىسى كۆپ،
ھۆرۈننىڭ باھانىسى كۆپ.

ئاھ ـ ۋاھقا تۇرۇپ بولماس،
ئۆلەرمەننى ئۇرۇپ بولماس.

ئاياغ ئاتلىمىسا، باش يۇگۇرمەيدۇ.

ئايدىڭدا پېشانىسى كۆيۈپتۇ.

## ئە

ئەتىگەندە ئىشنىڭ زورى،
ئاخشامسىرى ناننىڭ زورى.

ئەجرى كۆپنىڭ ھۆرمىتى كۆپ.

ئەجىر قىلساڭ ئالارسەن پەيدا،
ئەجىر قىلمىساڭ ياتارسەن سايدا.

ئەجىر قىلساڭ تاشقا،
ئاغزىڭ تېگەر ئاشقا.

ئەجىر قىلساڭ چۆلگە،
پۈركىنىسەن گۈلگە.

ئەجىر قىلساڭ دەرياغا، بېلىق بىلۇر،
بېلىق بىلمىسە، خەلق بىلۇر.

ئەجىر قىلساڭ، لوم تۆمۈر يىڭنە بولۇر.

ئەجىر قىلساڭ، تاغدىن قاشتاش چىقىدۇ.

ئەجىرسىز باغ بولماس،
تەر تۆككەن خار (بولماس).

ئەجىرسىز مېۋە بولماس.
ئەجىرسىز ناۋات بولماس،
ئەلسىز ئاۋات بولماس.

ئەجىرسىز يەردە زىرائەت ئوخشىماس.

ئەجىرلىك نا ئۈمىد قالماس.

ئەجىرسىز ئاش،
چىشىمغا تاش.

ئەجىرسىز ئىنساندىن يەر ياخشى،
قەدىرسىز مېھماندىن قەلەندەر (ياخشى).

ئەجىلى يەتكەن بىر ئۆلەر،
ئابرۇيى كەتكەن مىڭ ئۆلەر.

ئەر ئەلگە ئەمگەك بىلەن تونۇلار.

— ئەرنىڭ پۇلى نەدە؟
— يەردە.

ئەزىز تۇتساڭ نېمىنى،
يەيسەن شۇنىڭ نېنىنى.

ئەگەر بولساڭ ۋىجدانلىق ئەر، بېغىڭغا مېۋە تەر:
ياشلىقىڭدا گۈلىنى قىسارسەن، قېرىغاندا مېغىزىنى چاقارسەن.

ئەمەك قىلساڭ سايرىتىدۇ،
ماي ئىچىدە يايرىتىدۇ.

ئەمگەك قېچىرنىڭ بېكىسىنى سىنايدۇ.

ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار،
قىلمىساڭ چاتىقىڭ (چىقار).

ئەمگەك قىلساڭ ئۆلمەيسەن،
يانغان ئوتتا كۆيمەيسەن.

ئەمگەك قىلساڭ ئېرىنمەي،
قارنىڭ تويار تىلەنمەي.

ئەمگەك قىلساڭ، ئالتۇن بىلەن بەرىكەت تاپىسەن.

ئەمگەك قىلماي ئەلدىن ئاغرىنما،
ئېكىن سالماي يەردىن (ئاغرىنما).

ئەمگەك قىلماي ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي سائادەت يوق.

ئەمگەك قىلىپ باغ ياسا،
ئىجتىھاتتىن تاغ ياسا.

ئەمگەك ئۆمۈر چىرىغى.

ئەمگەكتىن ئەقىل چىقار.

ئەمگەكتىن قاچماي،
مىننەتتىن قاچ.

ئەمگەكتىن قورقمىغان،
ئاچلىقتىن غەم قىلماس.

ئەمگەكچان كىشى مۇرادىغا يېتەر،
ھۇرۇننىڭ ئۆمرى بىكارغا ئۆتەر.

ئەمگەكچىگە نان تاتلىق،
ھۇرۇنغا جان (تاتلىق).

ئەمگەكسىز راھەت بولماس،
سۇسىز ھايات (بولماس).

ئەمگەكنىڭ تېگى ئالتۇن.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،
ھۇرۇننىڭ جېنى (تاتلىق).

ئەمگەكنىڭ ئۇنۇمى بىلەكتىن،
قوغۇننىڭ بولىقى پىلەكتىن.

ئەمگەك ــــ بەخت بۇلىقى.

ئەمگەكنى ئازنىڭ كۆلكىسى ئاز.

ئەمگەكنى ئازنىڭ ھۇنىرى ئاز.

ئەمگەكنىڭ قاتتىق بولسا،
يېگىنىڭ تاتلىق بولۇر.

ئەۋرەزدىكى پاقا ئاسماندىكى يۇلتۇزغا كۆز ساپتۇ.

## ب

بارار يېرى بولمىغاچ،
باجىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

باش بۆكتە، خىيال كۆكتە.

بالدۇر قىلساڭ ئىشىڭنى،
ئاسان ئالىسەن قىشىڭنى.

باھاردا لاي كەچكەن قىشتا ماي ئىچەر.

باي پۇلى بىلەن ماختىنار،
ئىشچان قولى بىلەن (ماختىنار).

باينىڭ كۆرپىسى بار،
ئىشچاننىڭ تۆھپىسى (بار).

بەرگەننى چىشلىگەندىن تەر ئاققۇزۇپ كىشنىگەن ياخشى.

بەش بارمىقىم — بەش گۈل.

بەڭگى كەندىرگە ئامراق،
ھۇرۇن يەڭگىلگە (ئامراق).

بەل باغلىساڭ، كالا ھارۋىسى بىلەن توشقان تۇتالايسەن.

بەندە تەلەپ قىلىدۇ،
ئىگىسى سەۋەب (قىلىدۇ).

بەندە ئۆلمەس،
رىزقى تۈگىمەس.

بەندىنى سەۋەبكە ياراتقان.

بەندىنىڭ ئاغزىدا بولسا،
پەرىشتىنىڭ قولىدا بار.

بوش تۇرغاننى ئالۋاستى باسار.

بوينىدىن باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ.

بۇ دۇنيادا قورقمەن ئىككى نەرسىدىن،
بىر مەستتىن، يەنە بىرى مۆرىمەستىن.

بۇغدايغا تۇشلۇق ئاق نان يوق.

بۈگۈن ئەجىر قىلساڭ ئەتە مېۋە كۆرىسەن.

بېشى قارىنىڭ بەرى ياخشى،
بۈگۈن ئاڭلاپ، تاڭلا ھە دېسە، ئۈمۈ ياخشى.

بېغىڭدا گۈل بولمىغۇچە،
بۇلبۇل كېلىپ سايرىماس.

بېلى ئاغرىمىغاننىڭ نان يېيىشىگە باق.

بېلى بوشنىڭ قورسىقى ئاچ،
ھۇرۇندىن بېرى قاچ.

بېلى چىڭغا ئىش توشۇماس،
بېلى بوشقا نان (توشۇماس).

بېلىقنى سۇدىن ئىزدە،
ھۇرۇننى سايىدىن (ئىزدە).

بىر ئادەم ئېرىق قازسا،
مىڭ ئادەم سۇ ئىچەر.

بىر باشتا توققۇز تۇگمەن تېشى چۆرگۈلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap

بىر بىكارچى مىڭنى بىكار قىلۇر.

بىر سەن بىكار،
بىر ئىت بىكار.

بىر قوي ئون يىلدا مىڭ بولىدۇ.

بىر كۈن ئىشلەپ، ئىككى كۈن هاردۇق ئاپتۇ.

بىر كىشى مېھنەت قىلسا،
يۈز كىشى راھەت كۆرۈپتۇ.

بىرنى ھەركىم بېرەر،
كۆپنى ئەمگەك بېرەر.

بىرى ئاقچا يىغسا،
بىرى خالتا تىكەر.

بىرى خاماندا،
بىرى ئارماندا.

بىكار تەلەپكە كۈندە ھېيت.

بىكار تەلەپ كۆپ يەردە،
غەيۋەت ـ شىكايەت كۆپ.

بىكار تۇرغۇچە بىكار ئىشلە.

بىكار ئولتۇرغاندىن خۇدا بىزار.

بىكار ياتقان ئىشەكنىڭ تېزىكى تورلۇق.

بىكار يېتىپ قەنت يېسەڭ،
تاتلىقى يوق زاغرىچە.

بىكار يۈردى ياسانچۇق،
ئىشقا باردى قارانچۇق.

بىكار يۈرمەڭ لاغايلاپ،
پۇلنى خەجلەڭ ئاۋايلاپ.

بىكارچىدىن بېزىپ قاچ،
چېقىمچىدىن كۆچۈپ قاچ.

بىكارچىدىن بىمەززە گەپ چىقىدۇ.

بىكارچىلىق — چوڭ ئازاب.

بىكارنىڭ چولىسى يوق.

بىكاردىن ئات چاپتۇرغاننىڭ كاسىسى ئاغرىماپتۇ.

بىكاردىن كەلگەن مال ئەمەس.

بىكارغا بەرسە تالاپ يەپتۇ،
مال ئىگىسىنى تىللاپ يەپتۇ.

بىكارغا تاماق بەرسە،
«تۇزى كەمكەن» دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىكارغا قويۇپ بەرسەڭ ئېشەككىمۇ مۈڭگۈز چىقىدۇ.

بىكارغا كەلگەن مانتىنىڭ پىيىزى كىچىلداپتۇ.

بىكارنىڭ گېپى تولا.

بىكارنىڭ ھۈنىرى ـــ ھەيۋەت.

بىلمىگىنىڭنى قىلما،
بىلگىنىڭنى پەملە.

پ

پاتقاقتىن قېچىپ سازلىققا كىرىپتۇ.

پاتمانلاپ ئىشلەڭ،
مىسقاللاپ چىشلەڭ.

پادىچىنىڭ قىزى پادا كەلگەندە مەدىكار ئىشلەر.

پادىشاھ ھۇ دېسە، ھە ـ ھۇ دېگىن،
تۆ ـ تۆ دېسە، تۆ ـ تۆ دېگىن.

پارقىرىسىلا زەر ئەمەس،
بەل باغلىسىلا ئەر (ئەمەس).

پاقا كۆلچەككە باقار،
تەمەخور چۆنتەككە باقار.

پالاقسىز كىمە بولماس.

پەش قاقىان مېھنەتتىن،
قۇتۇلالماس مىننەتتىن.

پولات ئوتتا تاۋلىنار،
ئادەم مېھنەتتە (تاۋلىنار).

پۇلۇڭنىڭ كەتكىنىگە قارىماي،
ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا.

پۈتەر ئىشنىڭ بېشىغا،
ئىشچان كېلۇر قېشىغا.

پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا،
ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇر (تولا).

پۈتكەن ئىشنىڭ قېشىغا،
ياخشى كېلۇر قېشىغا.

پۈتكەن ئىش — قېلىپتىن چىققان خىش.

پۈتمەس ئىش بار،
تۈگىمەس ئىش يوق.

پىچاق تاشتا بىلىنىدۇ،
ئادەم ئىشتا سىنىلىدۇ.

پىچىقىڭنى قوتۇر تاشقا بىلىمە،
تىلىڭنى نائەھلىدىن تىلىمە.

## ت

تاشمىلىقتا غىلدىراڭ،
بىكار تۇرماي مىدىرلاڭ.

تاغقا چىقمىغۇچە دولانە يوق.

تاڭ ئاتقۇچە پورەك،
چۈش بولغۇچە خورەك.

تامچى خىش تاللايدۇ،
ھۇرۇن ئىش (تاللايدۇ).

تامچە سۇدا تال كۆكىرەر،
ئەمگەك بىلەن ئەر (كۆكىرەر).

تامچى خىش تاللار،
ھۇرۇن ئىش (تاللار).

تاۋار پۇرۇچى ئاشار،
لاي پۇرۇچى ئاشماس.

تەييار تۇرسا يېمىشىم،
ئورمان بىلەن نېمە ئىشىم.

تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلمىساڭ، ئۆيۈڭدە ئوزۇق يوق،
دەرەخ تىكىپ باغ قىلمىساڭ، بىر تال قوزۇق يوق.

تەر تۆكۈپ تاپقان بىر مىسقال تىللا،
باشقىلار بەرگەن مىڭ تىللادىن ئەلا.

تەر چىقمىسا ئىتەك تولماس.

تەردىم تېرەك،
ئۈنىڭدىن چىقتى گېزەك.

تەردىن كەلگەن تالقان،
تەشنالىققا شىپا.

تەرلىگەنچە ئىشلە،
تويغىنچە يە.

تەرىڭنى ئايىساڭ،
يېرىڭدىن ئاغرىنما.

تەلپىڭگە يېتەي دېسەڭ،
يولنى ئۈزۈن قىل.

تەمەگەرنىڭ تامىقى قۇرۇق،
كۆرگىنى كۆپ، كىيگىنى چورۇق.

تەييار ئاشنىڭ قېشىغا،
هورۇن كېلەر بېشىغا.

تەييارتاپ تەييارغا ئاشىق.

تەييارتاپقا خىزمەت يوق،
بىلىمسىزگە ئىززەت يوق.

تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس.

تەييارغا ئۆگەنسەڭ،
قەدرىڭدىن كېتەرسەن.

توختام سۈنى لەش باسار.

توخۇ بىرنى تۇغۇپ شۇنچە قاقاقلار،
ئىككىنى تۇغسا قانچە قاقاقلار.

توي ئۈچ كۈن بولار،
ھۈرۈن چۈشكۈن (بولار).

تۇخۇنىڭ چىشى يوق،
ھۇرۇننىڭ ئىشى يوق.

تۆت كەپتەرگە يەتتە كوۋۇك،
يازدا ياتسا، قىشتا رۇك - رۇك.

تۆگىنىڭ چۆكۈشى دەم ئېلىش،
مەزىننىڭ توۋلىشى نەپ ئېلىش.

تۇزلەڭلىكتە تاغ يوق،
تەييار تاپتا باغ يوق.

تېمىپ تۇرسا كۆل بولۇر،
تېرىپ تۇرسا پۇل بولۇر.

تىرىشچان كامال تاپىدۇ،
ھۇرۇن زاۋال (تاپىدۇ).

تىرىشچاندا بىلىم كۆپ،
ھۇرۇندا كېسەل (كۆپ).

تىرىشچاننىڭ تۆككەن تەرى،
ھۇرۇننىڭ يېشىدىن قىممەتلىك.

تىرىشچاننىڭ دىلى خۇش،
ھۇرۇننىڭ بېلى بوش.

تىرىشچاننىڭ ئىزى بايلىق،
ھۇرۇننىڭ ئىزى سايلىق.

تىرىشساڭ تېرىلىسەن،
تىرىشمىساڭ يېرىلىسەن.

تىرىشساڭ غەلىبە كېلەر قولۇڭغا،
ئۇخلىساڭ تىكەن ئۈنەر يولۇڭغا.

تىرىشقان تاشقا مىخ قاقار،
بىپەرۋا پۇتىغا مىخ (قاقار).

تىرىشقانغا تەسلىك يوق،
پاراسەتلىككە نەسلىك يوق.

تىرىشىپ قىلساڭ ئەمگەك،
تۈرمۈشۈڭ بولار ئەلۋەك.

تىرىشىپ ئىشلىگەن كامال تاپار،
ھۇرۇنلۇق قىلغان زاۋال تاپار.

تىرىككە ئۆي تېپىلار،
ئۆلۈككە گۆر (تېپىلار).

تىكەنسىز گۈل بولماس،
ھەرىسىز ھەسەل (بولماس).

تىكەنخور هاراقخور كېلىدۇ.

تىلەپ يېگۈچە،
ئىشلەپ يە.

تىلەمچىدە ئۇيات يوق،
كېپەكتە قۇۋۋەت (يوق).

تىلەمچىگە تەرخەمەك بەرسە،
«ئەگرى ئىكەن» دەپتۇ.

تىلەمچىگە نېپىزنى بەرسە،
«قېلىنىنى كىم ئالغان» دەپتۇ.

تىلەمچىنىڭ خالتىسى تولماس،
خالتىسى تولسىمۇ كۆزى (تولماس).

تىلەمچىنىڭ كۆزى تويماس،

ئۇيغۇر كىتاب تورىسىكتى www.uyghurkitap.com

ئاتا تويغانغا بالا تويماس.

تىلەمچىنىڭ يانچۇقى — تېگى يوق هالڭ.

تىلىسەڭ تاپارسەن،
تېرىساڭ ئورارسەن.

تىلىگەن نانغا قورساق تويماس.

تىلىگەندىن تىلىمەڭ،
كونا تامنى يۆلىمەڭ.

ج

جاپا چەكسەڭ هاللىنىسەن،
جاپادىن قورقساڭ خارلىنىسەن.

جاپا چەكمەي هالاۋەت يوق،
كۆرەش قىلماي پاراغەت (يوق).

جاپا كۆرمەي، هالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي، سائادەت يوق!

جاپاسى يوق ئىشنىڭ هالاۋىتى يوق.

جاپانى كىم تولا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.

جان بولسا جاھان،
ئاش بولسا قازان.

## چ

چاپسان بول دېسە،
زاغرامنى يەۋالاي دەپتۇ.

چاققان جوۋاننى بوشۇك توۋىدە سىنا.

چاك باسمىغان ئىشنى چېچەك باسار.

چوكا تۇتسا، قولى قاپىرىپتۇ.

چوڭ بىلەنمۇ، كىچىك بىلەنمۇ كېڭەش،
ئاخىرى ئۆز ئەقلىڭ بىلەن يەش.

چۈشكىچە ئۆمرۈڭ بولسا،
كەچلىك ئوزۇق تاپ.

چۈشۈڭگە ئىشەنسەڭ نامرات بولارسەن،
ئىشىڭغا ئىشەنسەڭ روناق تاپارسەن.

چىدىماسىنىڭ نالىسى تولا،
ھۇرۇننىڭ باھانىسى (تولا).

چىراغ پەرلىگەن خىزمەت ئەمەس.

چىش كولىغان بىلەن قورساق تويماس.

چىغىرىقچى چىگىت دەيدۇ،
چوكانلار يىگىت دەيدۇ.

چىنە مىڭ يىل ئىشلەتسە قىرىماس،
سۇنسا بىر پۇلغا يارىماس.

چىۋىننىڭ كۆزى پوقتا،
پەرۋاننىڭ كۆزى ئوتتا.

# خ

خالاپ كۆتۈرگەن يۈكنىڭ ئېغىرى يوق.

خورلۇقنىڭ باشلىنىشى ـــ ھۇرۇنلۇق.

خۇدا كەچ قويسا قويار،
ئاچ قويماس.

خۇرۇم چاپان، بۇدۇر چاچ،
ئۈچ كۈن بولدى قورساق ئاچ.

خۇمداندا خىش تولا،
قىلاي دېسەڭ ئىش تولا.

## د

دەرەخ مېۋىسى بىلەن ئەتىۋار،
ئادەم تۆھپىسى بىلەن (ئەتىۋار).

دەرمان يوقتا ئارمان تولا.

دەريا سۈيى يازدا تاشار،
ئادەم قىممىتى ئەمگەكتە ئاشار.

دوپپىسى چۈشسە خۇدانىڭ زېمىنىغا چۈشىدۇ.

دۇنيا دېگەن توپاق ئويۇنى.

دۇنيانى سۇ باسسا ھۆرۈننى ئۆيقۇ باسار.

دۆت بىلەن ھاكاۋۇر — بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى.

دېھقان تەرگەننى ئالار،
تىلەمچى بەرگەننى ئالار.

ئۇيغۇر كىتاب ئورىيكتى
www.uyghurkitap.com

## ر

راھەتنى ھەركىم يەردىن تاپار.

رەڭمۇرەڭ بولاي دەيمەن،
ھېچنېمە بولالمايمەن.

روھسىز ئادەمنىڭ ئىتمۇ يۈگۈرەلمەيدۇ.

روھى ئۆچكەننىڭ ئىشەنچىسى يوق.

## ز

زەخمەت چەككەن لەززەت كۆرەر.

## س

سەكراتقا چۈشكۈچە سەكرەپ تۇر.

سەن سالا، مەن سالا،
ئاشقا پۇرچاقنى كىم سالا؟

سەن ھۆرۈننىڭ ياشلىقىدىن،
ئۆتۆكۈمنىڭ باشلىقى ياخشى.

سەنمۇ يىگىت، مەنمۇ يىگىت،
ئەسلىي يىگىت ئىشتا يىگىت.

سەھەر تۇرغان ئاچ قالماس.

سەھەر قوپقان ئىتنىڭ قارنى توق.

سودىگەر سېتىپ قانماس،
ھۆرۈن يېتىپ (قانماس).

سوزۇلغان ئىش بۇزۇلار.

سۇ ئاققان ئېرىقتا يەنە سۇ ئاقار.

سۇنىڭ كۆزى قاشتا،
ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا.

سۇنىڭ ئېقىشىغا باق،
تۇكىنىڭ يېتىشىغا (باق).

سۆز دېسە «كاپ ـ كاپ»،
ئىش دېسە بىتاپ.

سۆز دېسە «لاپ ـ لاپ»،
ئىش دېسە كونا ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن تاپ.

سۆزدە چاڭ ـ چاڭ،
ئىشتا قاشاڭ.

سۆزگە كەلگەندە قاپ ـ قاپ،
ئىشقا كەلگەن بىتاپ.

سۆزلىگەندە كوت ـ كوت،
ئىشلىگەندە غوت ـ غوت.

سۆزنى كۆپ قىلغان ئىشنى ئاز قىلار.

## ش

شاش ئىككى بارغانغا ئىرىنچەك بىر بارىدۇ.

شامالنىڭ سايىسى يوق،
ئۇمىدسىزنىڭ غايىسى (يوق).

شەپەرەڭ كېچىدە ئۇچىدۇ،
ھۇرۇن ئىچىدە ئۇچىدۇ.

شەنبە ـــ شېكەر،
يەكشەنبە ـــ بىكار.

شۇمبۇيا قوغۇنلۇقتا،
ھالاكەت ھۇرۇنلۇقتا.



ئۇيغۇر كىتاب ئورىنى www.uyghurkitap.com

# غ

غاپىل كىشىنىڭ ھاياتى ـــ ئۇيقۇ بىلەن خام خىيال.

غاپىللىقنىڭ ياستۇقى ـــ ئەجەل سىرتمىقى.

غەپلەتتە ياتساڭ، ئەخلەتكە كۆمۈلىسەن.
غەپلەتتە ياتقاننى نەس باسار.

غەيرەت قىلغان تاغ ئاشار.

غەيرەت يىغقىن تېنىڭگە،
خىزمەت قىلغىن ئېلىڭگە.

غەيرەتسىز بىلەك ـــ ئورۇنسىز تىلەك.

غەيرەتسىزنىڭ غەيرىتى ئىش پۈتكەندە قىستار.

غەيرەتلىك ئەردىن تاغ قېچىپ قۇتۇلالماس.

غەيرەتلىك كىشى تاغنى قۇم قىلار.

غەيرەتلىك كىشىنىڭ غەيۋىتى بولماس،
غەيرەتسىز كىشىنىڭ ھۆرمىتى بولماس.

غەيرەتنى بار كىشىنىڭ،
بەرىكىتى بار ئىشىنىڭ.

غەيرىتى بارنىڭ بەرىكىتى بار.

غەيرىتى يوقنىڭ قەدرى يوق،
قەدرى يوقنىڭ قەبرىسى يوق.

غەيرەتلىك بولسا ئاسماندىكى يۇلتۇزنى سانىيالايسەن.

ق

قاراپ تۇرۇپ ئىش قىلمىغان خۇدانىڭ دۈشمىنى.

قاشتا يوق، ئومىدا يوق،
خاماندا تەييار.

قالغان ئىشقا قاتتىق باش كېرەك.

قانائەتتىن ئىززەت كېلۇر،
تەمەدىن خورلۇق (كېلۇر).

قانچە مېھنەت قىلساڭ،
شۇنچە راھەت كۆرىسەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap

قانچە ئۇخلىساڭ،
شۇنچە ئاچ قالىسەن.

قەلەندەر ئاش تاپسا،
سالغىلى قاچا تاپالماپتۇ.

قەلەندەر بولساڭمۇ ئوغرى بولما.

قەلەندەر پادىشاھ بولسا،
كۈندۈزى چىراغ ياقىدۇ.

قەلەندەر ئىتتىن قورقماپتۇ،
يالاڭ ئاياغ سۇدىن (قورقماپتۇ).

قەلەندەر ئىككى نان تاپسا،
بىرىدە داپ چالار.

قەلەندەرنى جەننەتكە كىر دېسە ئىشىكنى يېتىلەپ كىرىپتۇ.

قەلەندەرنىڭ خالتىسى تولماس.

قوتۇر ئېشەككە تىللا تاقا،
ئەسكى چاپانغا مەشۇت ياقا.

قورساقتىن باشقا قاچام يوق،
خۇدادىن باشقا غوجام (يوق).

قوزغىلىپ گۈل بولۇپتۇ،
قوزغالماي كۆل بولۇپتۇ.

قول سېلىپ قايتقۇچە سول ئېلىپ قايت.
قول قىلغاننى بويۇن كۆتۈرەر.

قول ئىشلىسە،
چىشقا ئىش چىقار.

قولۇڭ قاپارسا گېلىڭغا سۈركە.

قۇش تىلىنى قۇش بىلەر،
ئىش تىلىنى ئىشچان (بىلەر).

قۇشقا قانات بىلەن پەر زىننەت،
ئەرگە ئەمگەك بىلەن تەر زىننەت.

قىردا بار،
قىرلاشتا يوق.

قىمارۋاز ئۇتسام دەر،
ھۇرۇن ياتسام (دەر).

قىمىرلىغان قىر ئاشار.

قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،
كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.

# ك

كاجنى بازار ئوڭلايدۇ،
ساراڭنى مازار (ئوڭلايدۇ).

كەپتەر ئىككى قانات ئۇرۇپ دانغا ئۆگىنەر،
ئادەم نەپ بولسىلا خانغا ئۆگىنەر.

كەتمەن چاپماي ئاق نان يېسەم،
چارۋا باقماي پاقلان (يېسەم).

كەتمەن دېگەن كاندۇر،
ئۇنى چاپسا ناندۇر.

كەتمەننى بەكرەك چېپىڭ،
باغدا ئېچىلسۇن غۇنچە.
تاشنى قاتتىق ئېتىڭ،
كەكلىك يىقىلسۇن شۇنچە.

كەسمەس پىچاقتا كەسكۈچە،
چايناپ يېگەن ياخشىراق.
ماڭماس ئېشەكنى مىنگۈچە،
پىيادە ماڭغان ياخشىراق.

كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس،
ھورۇنلۇق ئەيىب.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

كۆپ ئۇخلىغان ئاچ قالار،
لاغايلىغان كەچ (قالار).

كۆپ ئۇخلىغان بالدۇر قېرىيدۇ.

كۆپ ئۇيقۇ لەقۋا قىلار،
كۆپ خىيال زەخىم (قىلۇر).

كۆچەتنى كىم تىكسە سايىسى شۇنىڭكى.

كۆچىتىلىك كۆكلىسە ئامەتتۇر،
كۆكلىمىسە نادامەتتۇر.

كۆرە ـ كۆرە قول ئىشلەر.

كۆرە ـ كۆرە كۆز پىشار،
قىلا ـ قىلا قول (پىشار).

كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
بىلەر بىلەكىم بىلمەس بولدى.

كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تېپىپتۇ.

كۆڭۈل خالىغان ئىشنىڭ ئېغىرى يوق.

كۆچۈڭگە قاراپ ئىش قىل.

كۆچۈڭگە ئىشەنمەي ئەقلىڭگە ئىشەن.

كۆچۈڭنى بىلىكىڭدىن سىنا،
ئەقلىڭنى بىلىمىڭدىن (سىنا).

كۆچۈڭنى خار قىلساڭمۇ،
ئۆزۈڭنى خار قىلما.

كۆچۈڭنى كەتمەندە سىنا.

كۆچۈڭنى يەرگە بەر،
بىلىمىڭنى ئەلگە بەر.

كۆچۈڭنى يەلگە بەرمە، يەرگە بەر.

كۆچۈڭنىڭ بارىدا پۇل تاپ،
چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە.

كۆچى باردىن قورقماي،
بىلىمى باردىن قورق.

كۆزدە چالما ئېلىپ قويساڭ،
قىشتا ئالما بولار.

كۆن كەچ بولسا،
پۇل بەش بولسا.

كۆن ھۆرۈننى كۆل قىلىدۇ،
ئىشچاننى گۈل قىلىدۇ.

كۈن ئۇياقتا ئۆت،
پۇل بۇياقتا (ئۆت).

كۈندۈزى مەندەك ئەر يوق،
كېچىسى ياتار يەر يوق.

كېتمەن دەپ ئوتۇڭنى ئۆچۈرمە.

كېرىكنىڭنى كۈندە يىغ.

كېسەك كۆتۈرۈشتىن قورقۇپ،
كاشمازا كۆتۈرۈپتۇ.

كېسەل دورىدىن قورقماس،
ئەشچان كاردىن (قورقماس).

كىشى قانداق بولسا،
ئىشى شۇنداق بولار.

كىشى ئېتى ئات ئەمەس،
ئىككى پۇتۇم يات ئەمەس.

كىشىنىڭ ئىشىغا كىشىنىڭ قولى تومۇزدىمۇ توڭلار.

كىشىنىڭكىگە قارىما — ئۆزۈڭنىڭكىدىن ئايرىلىسەن.

كىم بولسا ھۆرۈن،
نامرات بولۇر بۆرۈن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

كىمكى ئالدىراپ ئىش قىلۇر،
ئەقىل ئۆيىنى قىش قىلۇر.

كىمكى بولمىسا ھۇرۇن،
باي بولۇر ھەممىدىن بۇرۇن.

## گ

گەپ بىلگۈچە،
ئىش بىل.

گەپ قىلىدىغان يۈز پوچىدىن ئىش قىلىدىغان بىر نوچى ئەلا.

گۆشنىڭ قاتتىقى — توخۇ تاشلىقى،
ئىشنىڭ ئېغىرى مەھەللە باشلىقى.

گۇلزارلىق قۇشسىز بولماس،
قىزىلگۇل — تىكەنسىز.

گىجىڭ ئۇستىدىن،
ئىلدام شاگىرت ياخشى.

## م

ماڭغان پۇتقا توپا يوقار.

مەقسەتسىز ئادەمنىڭ غەيرىتى زايە،
غەيرەتسىز ئادەمنىڭ ھەيۋىتى (زايە).

موللا ئايەتكە ئامراق،
ھۆرۈن راھەتكە (ئامراق).

مۈنۈ جۇگاننىڭ ئىشىنى كۆرۈڭ،
تاۋۇقنىڭ تېشىنى كۆرۈڭ.

مۈكچەيگەننىڭ بىلىنى ئەمگەك تۈزلەر.

مېنىڭ بالام موللا خىلىل،
ئىشقا لاكات، نانغا دىلىل.

مېنىڭ قېشىم بار، تېمىم يوق،
مىدىرلايمەن، جېنىم يوق،
خۇدىيىم بار، غېمىم يوق.

مېنىڭ ئېتىم ئابدۇغوپۇر،
ئىشنى كۆرسەم قۇلاق يوپۇر.

مېنىڭ ئېتىم شور دەريا،
نەگە بارسام ئىش تەييار.

مېھنەت ئالدىدا تۇرغان مىننەتكە قالماس.

مېھنەت تاپقان بىر تەڭگە بىكار تاپقان مىڭ تەڭگىدىن ئارتۇق.

مېھنەت قىلدىڭ خو قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ.

مېھنەت قىلغان مېۋىسىز قالماس.

مېھنەت قىلىپ تاپقان بىر تەڭگە،
بىكارغا كەلگەن خەزىنىدىن ئارتۇق.

مېھنەتتە ھوسۇل،
ئىماندا روسۇل.

مېھنەتتىن قاچما،
مەينەتتىن قاچ.

مېھنەتتىن قاچما،
مىننەتتىن قاچ.

مېھنەتسىز ئاشتا مەززە يوق.

مېھنەتسىز ئەر — ھوسۇلسىز يەر.

مېھنەتسىز تاماق — ئېغىزغا قاماق.

مېھنەتسىز راھەت يوق.

مېھنەتسىز كىشىنىڭ ئاغرىقى ساقايماس.

مېھنەتسىز كىشى — لەززەتسىز ئېشى.

مېھنەتسىز مەنپەئەت — بولىدۇ كۆلپەت.

مېھنەتسىز نېسىپ بولماس،
ياغ قۇيماي ھېسىپ (بولماس).

مېھنەتسىز يېگەن ئاش،
تۇيۇقسىز تەگكەن تاش.

مېھنەتسىزنىڭ ئىشى پۈتمەس،
ئېرىنچەكنىڭ قولى يەتمەس.

مېھنەت ـــ ئەجرىڭ،
تەلەي ـــ بەختىڭ.

مېھنىتىڭ قاتتىق بولسا،
مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ.

مىڭ كاپ ـ كاپتىن بىر چىپ ـ چىپ ئەلا.

ن

ناسۋال قاپاقتا پۇل بارمۇ؟

ناننى يە سۇغا چىلاپ،
ئىشنى قىل بۇقىچىلاپ.

ناۋاينىڭ نېنى پىشقۇچە،
ئۆزى مىڭ پىشار.

نەزەرۋاقى تېپىپ بېرىدۇ،
ھېيتۋاقى يەپ بېرىدۇ.

نومۇسسىز تىلەر،
نومۇسلۇق ئىشلەر.

نىيەت قىلساڭ مەقسەتكە يېتەرسەن.

نىيىتى يامانىڭ يېنىدىن قاچ،
مىننەتخورنىڭ نېنىدىن (قاچ).

نىيىتىڭ پاك بولسا،
ھۆرمىتىڭ چوڭ بولۇر.

نىيىتىڭ تۈز بولسا،
ئالقىش ياغىدۇ.

نىيىتىڭ دۇرۇس بولمىسا،
يېيىشىڭ يوق.

ھ

ھالاكەتلىك — ھورۇنلۇقتىن.

ھالال يېگەن پاك بولۇر،
ھارام يېگەن ھالاك (بولۇر).

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ھالال يىگەن تەنگە قۇۋۋەت.

ھالاۋەت كۆرەي دېسەڭ،
جاپادىن قورقما.

ھالاۋەت كۆرگەندە،
مۇشەققەتنى ئۇنتۇما.

ھاۋانىڭ شولىسى يوق،
ھۇرۇننىڭ چولىسى (يوق).

ھاياتنى ئەمگەك ئۇزارتار،
بەرىكەتنى مېھنەت ئۇزارتار.

ھايۋان باققانغا ئامراق،
ئىش چاققانغا (ئامراق).

ھەر ئىش ئۆز يولىدا ياخشى،
ھەركىم ئۆز يۇرتىدا (ياخشى).

ھەر ئىش ئېپى بىلەن،
يىڭنە يىپى بىلەن.

ھەر ئىشنىڭ بېشى قىيىن.

ھەرقانداق ئىش بىلمەسلىكتىن ئەمەس،
قىلماسلىقتىن قالار.

ھەركىم ئۆزىنى چاغلاپ،
ئىش قىلىدۇ بىلىنى باغلاپ.

ھەرىسىگە چىدىغان ھەسىلىنى يەر.

ھەرىكەت قىلساڭ، ھاتەم بولۇرسەن.

ھەرىكەت قىلغان ھاتەم بولۇر،
ھۇرۇننىڭ ئۆيىدە ماتەم (بولۇر).

ھەرىكەت قىلغاننىڭ باردۇر ئىشى،
ھۇرۇنلۇق قىلغاننىڭ ساڭگىلار بېشى.

ھەرىكەت قىلىپ يېگەن تاماق تەنگە قۇۋۋەت،
بىكار يېتىپ يېگەن تاماق غەمگە قۇۋۋەت.

ھەرىكەتتە بەرىكەت،
ھۇرۇنلۇقتىن نېرى كەت.

ھەرىكىتى يوقنىڭ بەرىكىتى يوق.

ھەسەل نەدە ــــ ھەرىسى بار يەردە.

ھەيدىگىنى ئالتە ئۆچكە،
ھايت - ھۇيتى ئالەمنى ئالار.

ھوسۇل ئالساڭ ئىشىگدىن،
قىزلار كەتمەس قېشىگدىن.

ھورۇن ئۆتەر ئويۇن بىلەن،
ئالۋاستى ئۆتەر قويۇن (بىلەن).

ھورۇن ئادەم بار،
ھورۇن يەر يوق.

ھورۇن ئادەم بۇ دۇنياغا يۈك.

ھورۇن ئادەم كۆنگە قارايدۇ،
قاچان نان كېلەر دەپ يولغا قارايدۇ.

ھورۇن ئادەم يېرىم ئادەم.

ھورۇن ئادەمدىن سارالڭ ياخشى،
يېشىل تىكەندىن غازالڭ ياخشى.

ھورۇن ئەتىگەن ياتقان يېرىدىن كەچتىمۇ سايە كۆتەر.

ھورۇن ئەردىن ئەرۋاھ ياخشى.

ھورۇن بولسالڭ ئەردىن ئۇيات،
تىلەمچى بولسالڭ ئەلدىن (ئۇيات).

ھورۇن بولمىسالڭ قىيىنچىلىق تارتمايسەن،
يالغانچى بولمىسالڭ خىجالەت (تارتمايسەن).

ھورۇن بۇغداي تېرىپ سامان ئالار.

ھورۇن تەييارغا ھەييار.

ھۆرۆن تۆرغۆچە چاقىقان كىتىپ قاپتۇ.

ھۆرۆن چۆشكىچە ئۆخلاپ، كەچكىچە ئەسنەيدۇ.

ھۆرۆن دوق يەيدۇ،
باتۇر ئوق (يەيدۇ).

ھۆرۆن دېگەن ئىش قىلماس،
قىلغاندىمۇ راست قىلماس.

ھۆرۆن دېگەننىڭ سۆزى يوق،
تىرناقچىلىك يۈزى (يوق).

ھۆرۆن سۇ بويىدا ئۇسسۇز قاپتۇ.

ھۆرۆن قولىغا كەتمەن ئالسا، تاشقا تېگەر.

ھۆرۆن قىلغان ئىشنى ماختار،
زېرەك ئادىل كىشنى (ماختار).

ھۆرۆن كۈندە ھەسەل چۈشەر.

ھۆرۆن كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرەر،
ئايدىڭدا پېشانىسى كۆيەر.

ھۆرۆن كىشى ئاشقىمۇ كىيىن قاپتۇ.

ھۆرۆن كىشىدە ئىدراك بولماس.

ھورۇن كىشىنىڭ باھانىسى تولا،
خوتۇن كىشىنىڭ نالىسى (تولا).

ھورۇن مۇرادىغا يەتمەس.

ھورۇن ھارۋا قاتقۇچە،
توخۇ ئىككى قېتىم چىللايدۇ.

ھورۇن ھەممىدىن بىزار،
ھەممە ھورۇندىن بىزار.

ھورۇن ئولتۇرۇپ ئۇخلايدۇ،
يېتىپ ئىشلەيدۇ.

ھورۇن ئۆتەر ئويۇن بىلەن،
ئۆمرى ئۆتەر قويۇن بىلەن.

ھورۇن ئۆلسە كۆمگىلى يەر چىقماپتۇ.

ھورۇن ۋاقىت قەدرىنى بىلمەس.

ھورۇن ئېشەك تۇرۇپ چىچىدۇ.

ھورۇن ئېشەكنىڭ پوقى كۆپ.

ھورۇن ئېشەكنىڭ توقۇمى يىرتىق.

ھورۇن ئېشەكنىڭ تۆت پۇتى ساق.

ھورۇن ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر.

ھۆرۈن ئىشەكنىڭ يېمى تولۇق.

ھۆرۈن ئىش دېسە،
ئوچۇق گۆرگە يۈگۈرەيدۇ.

ھۆرۈن ئىككى قېتىم چىچار.

ھۆرۈن ياتقىنىدىن كۈلەر،
ئىشچان نېمىتىدىن (كۈلەر).

ھۆرۈن يازدا سەگىيدۇ،
قىشتا ئەگىيدۇ.

ھۆرۈن يېتىپ بۇيرۇيدۇ.

ھۆرۈن يېتىپ ئۆلەر.

ھۆرۈن يىگىت دېگۈچە، ھالسىز يىگىت دېسەڭچۇ،
ئېغىر يىگىت دېگۈچە، ئاغرىق يىگىت دېسەڭچۇ.

ھۆرۈندا ھەۋەس يوق،
ئۆلۈكتە نەپەس (يوق).

ھۆرۈندىن ئەلمۇ بىزار،
يەرمۇ بىزار.

ھۆرۈندىن خۇدامۇ بىزار.

ھۇرۇندىن سارالڭ ياخشى،
كۆك تىكەندىن غازاڭ (ياخشى).

ھۇرۇنغا بەرسەڭ يەيدۇ،
بەرمىسەڭ ئۆلىدۇ.

ھۇرۇنغا بوسۇغا داۋان.

ھۇرۇنغا بۇلۇت سايىسىمۇ يۈك.

ھۇرۇنغا پۇرسەت يوق،
تەكەببۇرغا ھۆرمەت (يوق).

ھۇرۇنغا توخۇ پىيىمۇ ئېغىر كېلىدۇ.

ھۇرۇنغا جەننەتمۇ دوزاخ.

ھۇرۇنغا قىلدەك ئىش پىلدەك بىلىنەر.

ھۇرۇنغا قىلغان ياردەم ساۋاب تاپماس.

ھۇرۇنغا گۆھەر تاغمۇ چاغ كەلمەس.

ھۇرۇنغا ھارام يوق،
ئىشچانغا ئارام (يوق).

ھۇرۇنغا ھويلىدىكى سۇمۇ يىراق.

ھۇرۇنغا ئۆز پۇتى يۈك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆرۈنغا ئۆز تۆكمۈ يۈك بولار.

ھۆرۈنغا ئېتىزنىڭ قىرى تاغ كۆرۈنەر.

ھۆرۈنغا ئىش يوق،
ئىشچانغا قىش(يوق).

ھۆرۈنلۈق — خارلىقنىڭ ئېشىكى.

ھۆرۈنلۈق كېسەلمەن قىلار،
ئەمگەك تىمەن (قىلار).

ھۆرۈنلۈق — ئاچلىقنىڭ ئانىسى،
بىكارچىلىق ئاپەتنىڭ ئاتىسى.

ھۆرۈنلۈق — ساقايماس كېسەل.

ھۆرۈنلۈقتىن بالا كېلەر باشقا،
ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشقا.

ھۆرۈنلۈق — موھتاجلىق.

ھۆرۈنلۈق — نامراتلىقنىڭ دەرۋازىسى.

ھۆرۈنلۈق — يەتتە ھارامنىڭ يىلتىزى.

ھۆرۈنلۈق — يوقسۇزچىلىقنىڭ ئىشىكى.

ھۆرۈننى ئەل سۆيمەس،
ئىشچانغا گەپ يەتمەس.

ھۆرۈننى ئىشقا بۇيرۇساڭ،
ئاتاڭدەك ئەقىل كۆرسىتەر.

ھۆرۈننىڭ «ھازىرى» — ئۈچ كۈن.

ھۆرۈننىڭ ئاغرىنمايدىغان ئىشى يوق.

ھۆرۈننىڭ ئاغزى ئالدىرىسا،
ئىشچاننىڭ قولى ئالدىرايدۇ.

ھۆرۈننىڭ ئاغزى ئىلدام،
ئىشچاننىڭ ئايىغى (ئىلدام).

ھۆرۈننىڭ ئايۋان سارىيى — قارا سۆگەتنىڭ سايىسى.

ھۆرۈننىڭ ئەتىسى ئالدىدا،
بۈگۈنى كەينىدە.

ھۆرۈننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس،
ئاخۇنۇمنىڭ پەتىسى (تۈگىمەس).

ھۆرۈننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس،
تەمەخورنىڭ پەتىسى (تۈگىمەس).

ھۆرۈننىڭ ئەتىگەنلىك ئىشى چۈشتە تۈگەيدۇ،
يازدىكى ئىشى قىشتا (تۈگەيدۇ).

ھۆرۈننىڭ باھانىسى تولا،
ئىشچاننىڭ چارىسى (تولا).

ھۆرۈننىڭ بۆگۈن بېشى ئاغرىسا،
ئەتىسى چىشى ئاغرىيدۇ.

ھۆرۈننىڭ تاپاۋىتى ئاز،
بېخىلنىڭ ساخاۋىتى (ئاز).

ھۆرۈننىڭ تومۇزدا قولى توڭىدۇ.

ھۆرۈننىڭ تۆمىقى چۈشۈپ كەتسە ئېرىنىپتۇ.

ھۆرۈننىڭ تىلى يېرىم غۇلاچ.

ھۆرۈننىڭ دەردىگە يەتكۈچە،
ئىشچاننىڭ ھالىغا يەت.

ھۆرۈننىڭ دەسمايىسى سەۋر - تاقەت.

ھۆرۈننىڭ دوپپىسىمۇ قىڭغىر.

ھۆرۈننىڭ دورىسى تاياق.

ھۆرۈننىڭ سۆزىدىن،
چۈمۈلىنىڭ ئىشى ئارتۇق.

ھۆرۈننىڭ غەيرىتى ئىش تۈگىگەندە كېلەر.

ھۇرۇننىڭ قەرزى تولا،
خۇداغا ئەرزى (تولا).

ھۇرۇننىڭ قويقۇسى كەلمەس،
ئىشچاننىڭ ياتقۇسى (كەلمەس).

ھۇرۇننىڭ قورساق بالاسى يامان.

ھۇرۇننىڭ كەسپى — ئۇخلاش.

ھۇرۇننىڭ كۆڭلى سايىدا،
ئىشچاننىڭ كۆڭلى غايىدا.

ھۇرۇننىڭ كۆچى تاماق يېگەندە بىلىنەر.

ھۇرۇننىڭ مەسلىھەتى تۈگىمەس.

ھۇرۇننىڭ مېلى يازدىمۇ سەمرىمەس.
ھۇرۇننىڭ نېنى ئىككى بولماس.

ھۇرۇننىڭ ھۈنىرى — ئۇيقۇ.

ھۇرۇننىڭ ئولتۇرۇپ قوپمىقى تەس.

ھۇرۇننىڭ ئۆلۈكتىن پەرقى يوق.

ھۇرۇننىڭ ئۆمرى كوتا.

ھۇرۇننىڭ ئېشىكىمۇ ھارغاق كېلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھۆرۈننىڭ ئىشى — چۈشىدىكى ئىش.

ھۆرۈننىڭ ئىمارىتى — قارا سۆگەتنىڭ سايىسى.

ھۆرۈننىڭ يوقتۇر ھېچ ئىش بىلەن كارى،
ساقايتالماس ئۇنى ھېچقانداق دارى.

ھۆرۈننىڭ يوقتۇر ئىشى،
ياتار يېرى تونۇر بېشى.

ھۈنەرسىز ئەر بولماس،
قىرسىز يەر بولماس.

ھۈنەرۋەن باي بولماس،
قورسىقى ئاچ قالماس.

ھەممەتسىزنىڭ ھۆرمىتى بولماس.

## ئو

ئوتتۇز كۈن روزىنىڭ بىر كۈن ھېيتى بار.

ئورما بىلەكتە ئوينار،
كەتمەن يۈرەكتە (ئوينار).

ئورۇق بېلىق قارماقتا خۇش،
ھۇرۇن چاشقان باسماقتا (خۇش).

ئورۇق كېيىمكنى ياراتماي،
سېمىز كېيىمكنى تاپالماي،
تاغدا ياتقان باراتباي.

ئولتۇرۇۋەرسەڭ تاشمۇ ئىسسىيدۇ.

ئون ئامبالدىن بىر تەخسكەش يامان.

ئويلاپ سۆزلە ئىناۋەتلىك بولسەن،
ئالدىڭغا قاراپ ئىشلە، جۇرئەتلىك بولسەن.

ئويماقسىز خوتۇن بولماس،
ئورغاقسىز ئەر (بولماس).

## ئۆ

ئۆرۈشنى بىلسەڭ، تاشمۇ سۇنىدۇ.

ئۆششۈق دەۋاچى بولۇر،
ھۆرۈن باھانىچى (بولۇر).

ئۆيقۇچاننىڭ كۆزى ئوچۇق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۆ

ئۆتكەن ئىشنى تەگىمەك بەڭگىنىڭ ئىشى.

ئۆزى بىكارنىڭ ئىشى تولا.

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.

ئۆلۈكتە نەپەس يوق،
ھۇرۇندا ھەۋەس يوق.

ئۆي ئىچىدە يوغان تەلەپ،
كوچا ـ كويدا بىكار تەلەپ.

## ئۈ

ئۈجمە پىش،
ئاغزىمغا چۈش.

ئۈجمە تۈگىگەندە سوپىسوپىياڭ كەلدى،
ئىش تۈگىگەندە غوجامۇھەممەت (كەلدى).

ئۈزۈمى بارنىڭ يۈزى بار،
يانچۇقىدا پۇلى بار.

ئۈمىد ئادەمنى ياشارتىدۇ،
غەم ـ قايغۇ قېرىتىدۇ.

ئۈمىد قېرىماس.

ئۈمىد ئۆلۈمنى يېڭەر،
كۈرەش زۇلۇمنى (يېڭەر).

ئۈمىد يوق يەردە ئىرادە يوق.

ئۈمىدسىزلىك ــــ شەيتاننىڭ ئىشى.

ئۈمىدسىزدىن ئامەت قاچار،
ئىناقسىزدىن بەرىكەت (قاچار).

ئۈمىدلەنگەن ئەرگە،
دەريا سۈيى ئوشۇقىغا كەلمەس.

ئۈمىدنىڭ تومۇرى ئۈزۈلسە،
ھاياتنىڭ ئۈمۈرتقىسى سۇنار.

ئۈمىدۋارلىق چوڭ بايلىق.

ئېرىنچەك ئىككى ئىشلەر.

ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۈنەر.

ئېرىنچەككە بۇلۇت سايىسىمۇ يۈك بولار.

ئېرىنچەكلىك — بېرىنچى دۈشمەن،
كۆڭۈلچەكلىك — ئىككىنچى دۈشمەن.

ئېرىنچەكنى ئەل سۆيمەس.

ئېرىنچەكنىڭ «ئەتىسى» تۈگىمەس.

ئېرىنسەڭ كېيىن يۈگۈرەيسەن.

ئېغىزدا ئوڭاي، قولدا تەس.
ئېڭىشىشكە ئېرىنگەن ئېڭىشىدۇ ئون.

ئېلىم ئۈچۈن خىزمەت — ئۆزۈم ئۈچۈن ئوقەت.

# ئى

ئىت «خەپ، ياز كەلسە ساراي سالىمەن» دەرمىش.

ئىت ئىتنى بۆيرۈسا،
ئىت قۇيرۇقىنى بۆيرۈپتۇ.

ئىتتىن قورققان گاداي بولماس.

ئىرادىسىز تەقدىرگە ئىشىنەر.

ئىش ئاشقا تارتىدۇ،
ھۇرۇنلۇق باشقا (تارتىدۇ).

ئىش بار يەردە ئاش بار.

ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا،
بىكار بولساڭ كېپەك تاسقا.

ئىش بېشى بىلەن،
تارازا تېشى بىلەن.

ئىش بېشى كۆپ بولسا،
ئىش كەينىگە كېتەر.

ئىش بېشىدا ئەقىللىك كۆپ.

ئىش بىلگەن ئىش ھاردۇرار،
ئىش بىلمىگەن ئادەم ھاردۇرار.

ئىش بىلگەننىڭ،
نان يېگەننىڭ.

ئىش بىلمەس ئىشنىڭ ئاستىدا ئۆلەر.

ئىش بىلمىگەن ئىش تاللار،
پوقى يوغان نان (تاللار).

ئىش پەم بىلەن،
ئۆتۈك چەم بىلەن.

ئىش پەم بىلەن،
ئىشىك دەم بىلەن.

ئىش چاققاننىڭ،
پۇل تاپقاننىڭ.

ئىش دېسە، ھەممىدىن كېيىن قالىدۇ،
ئاش دېسە، ھەممىدىن بۇرۇن بارىدۇ.

ئىش سېنى يەڭمىسۇن،
سەن ئىشنى يەڭ.

ئىش قورالىڭ ساز بولسا،
مۇشەققىتىڭ ئاز بولۇر.

www.uyghurkitap.com

ئىش قىلالماس گەپكە ئۇستا،
نان ياقالماس چۆپكە ئۇستا.

ئىش قىلغاندا تۇگەر،
ئادەم ئۆلگەندە (تۇگەر).

ئىش قىلغاننى قولىدىن بىلەرسەن،
ئىش قىلماسنى تۇرقىدىن (بىلەرسەن).

ئىش قىلغۇلۇق پەم بىلەن،
نان يېگۈلۈك قەنت بىلەن.

ئىش قىلىڭ دېسە چېچىڭگە تارتار،
ئاش ئىچىڭ دېسە، قوشۇقنى (تارتار).

ئىش ئۇستىدىن قورقىدۇ.

ئىش ئۆلگەندە تۇگەيدۇ،
چام بۆلگەندە تۇگەيدۇ.

ئىش ۋاقتىدا ھەييار،
ئاش ۋاقتىدا تەييار.

ئىش ئىشتەيىنى ئاچار،
نەغمە كۆڭۈلنى (ئاچار).

ئىش ئىشنى تاپار،
ھۇرۇن ئىشتىن قاچار.

ئىش ئىگىسى بىلەن،
قوش مېڭىشى بىلەن.

ئىش ئىگىسىگە ئوخشار.

ئىش ياقماسقا ئىش ئاسان كۆرۈنەر.

ئىشتا تەييارلىق بولمىسا،
ھەييارلىق كار قىلماس.

ئىشتا يوقنىڭ رىزقى يوق.

ئىشتىن قاچساڭ قورساقىا تۈتۈلسەن.

ئىشچان ئالار قاپلاپ ئاش،
ھورۇن قالار چايناپ تاش.

ئىشچان بەختىنى ئىشىدىن ئىزدەپتۇ،
ھورۇن بەختىنى كىشىدىن (ئىزدەپتۇ).

ئىشچان بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن،
ھورۇن بولساڭ بېشىڭنى (يەيسەن).

ئىشچان بولساڭ ئىشنىڭ يولىنى قىل.

ئىشچان جۈۋىسىنى تاشلايدۇ،
ھورۇن بېشىنى قاشلايدۇ.

ئىشچان قىلىدۇ چۆلنى باغ،
ھورۇن قىلىدۇ باغنى تاغ.

ئىشچان كۆكىنى كۆرسىتىدۇ،
ھورۇن بۆكىنى (كۆرسىتىدۇ).

ئىشچان كىشى خار بولماس،
قىلغان ئىشى يوق بولماس.

ئىشچان كىشى خار بولماس،
تۆت تەڭگىگە زار بولماس.

ئىشچان مېھنەتتىن كۈلەر،
ھورۇن ئاچ قېلىپ ئۆلەر.

ئىشچان مىننەتسىنى يەر،
ھورۇن نېمىسىنى يەر.

ئىشچان ھالۋا يېسە،
ھورۇننىڭ شۆلگىيى ئېقىپتۇ.

ئىشچان ئىشلەپ تاپار،
ھورۇن تىلەپ تاپار.

ئىشچان ئىشلەپ ھارماس،
ھورۇن ئۇخلاپ ھارماس.

ئىشچان يازدا تەرلەپ پىشىدۇ،
قىشتا ھەسەل ئىچىدۇ.

ئىشچاندىن تەر چىققۇچە،
ھورۇندىن «ئۇھ» چىقىپتۇ.

ئىشچاندىن كېسەل قورقىدۇ،
ھۇرۇنغا كېسەل يۇقىدۇ.

ئىشچاندىن ئىش قورقار،
سوغۇق يەلدىن چىش (قورقار).

ئىشچانغا ئاش،
مىشچانغا تاش.

ئىشچانغا يۈگۈر،
مىشچاندىن قاچ.

ئىشچانلىق — بايلىق كەلتۈرەر،
ھۇرۇنلۇق — نامراتلىق (كەلتۈرەر).

ئىشچاننىڭ ئاغزى ئاشقا تېگەر،
ھۇرۇننىڭ بېشى تاشقا (تېگەر).

ئىشچاننىڭ بەختى گۈلدەك ئېچىلۇر،
ھۇرۇننىڭ بەختى كۈلدەك چېچىلۇر.

ئىشچاننىڭ بەختى گۈلدەك،
ھۇرۇننىڭ بەختى كۈلدەك.

ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس،
ھۇرۇننىڭ قەرزى (تۈگىمەس).

ئىشچاننىڭ توققۇزى تەل بولۇر،
ھۇرۇننىڭ ھېچنېمىسى يوق بولۇر.

ئىشچاننىڭ خورىزى بالدۇر قىچقىرار.

ئىشچاننىڭ راھىتى مەڭگۈلۈك،
ھۇرۇننىڭ راھىتى بىر كۈنلۈك.

ئىشچاننىڭ قولى ئالتۇن.

ئىشچاننىڭ قولى گۈل،
دانانىڭ ئەقلى (گۈل).

ئىشچاننىڭ قولى گۈل،
ھۇرۇننىڭ قولى كۈل.

ئىشچاننىڭ كەتمەن تۇتۇشىغا باق،
ھۇرۇننىڭ ئولتۇرۇپ قوپۇشىغا باق.

ئىشچاننىڭ مېھنىتى يوق،
بېخىلنىڭ ھىممىتى (يوق).

ئىشچاننىڭ نېنى كۆپ،
ھۇرۇننىڭ غېمى كۆپ.

ئىشسىز ئۆتكەن ئۆمۈر،
ئوتى ئۆچكەن كۆمۈر.

ئىشقا چاقىرسا بارمايمەن،
ئاشقا چاقىرسا قالمايمەن.

ئىشقا چىقسا قارانچۇق،
بىكار يۈرسە ياسانچۇق.

ئىشقا چىقساڭ كۈنگە باق،
ئۆيگە كىرسەڭ يەرگە باق.

ئىشلە ياشلىق چېغىڭدا،
گۈل ئېچىلسۇن بېغىڭدا.

ئىشلەپ يېسەڭ، تاتلىق بولار.

ئىشلەپ يېگەن ئىززەتلىك،
چايناپ يېگەن لەززەتلىك.

ئىشلەپ ـ ئىشلەپ باي بوپتۇ،
چىشلەپ ـ چىشلەپ يەردە قاپتۇ.

ئىشلەمچى ئىشلەپ ھارماس،
خىيانەتچى پۇلغا تويماس.

ئىشلىسە ئاي،
ئىشلىمىسە ساي.

ئىشلىسە پۇتەر،
ئىشلىمىسە كېتەر.

ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش،
ئىشلىمىسەڭ قالىسەن تاتىلاپ باش.

ئىشلىسەڭ چىلىق ـ چىلىق،
ئىشلىمىسەڭ غۇربەتچىلىك.

ئىشلىسەڭ خار بولمايسەن.

ئىشلىسەڭ كۆلەرسەن،
ئىشلىمىسەڭ ئۆلەرسەن.

ئىشلىسەڭ مېغىز يەيسەن،
ئىشلىمىسەڭ سېغىز يەيسەن.

ئىشلىسەڭ ئۈستىبېشىڭ گۈل،
ئىشلىمىسەڭ ھەممە يېرىڭ جۇل.

ئىشلىقىنىڭ ئىشى پۈتەر،
ئىشسىزنىڭ كۈنى ئۆتەر.

ئىشلىگەن پۆۋلەپ يەر،
ئىشلىمىگەن تىلەپ (يەر).

ئىشلىگەن تويۇپ سەكرەيدۇ،
ئىشلىمىگەن توڭۇپ (سەكرەيدۇ).

ئىشلىگەن خامان قىلۇر،
ئىشلىمىگەن ئارمان (قىلۇر).

ئىشلىگەن قەنت يەيدۇ،
ئىشلىمىگەن غەم (يەيدۇ).

ئىشلىگەن گۆش يەپتۇ،
ئىشلىمىگەن مۇشت (يەپتۇ).

ئىشلىگەن گىردە يەر،
ئىشلىمىگەن جىگدە يەر.

ئىشلىگەن ياغ چاينار،
ئىشلىمىگەن تاش (چاينار).

ئىشلىگەننىڭ ئاغزى ئاشقا تېگەر،
ئىشلىمىگەننىڭ بېشى تاشقا تېگەر.

ئىشلىگەننىڭ كۆڭلى توق،
ئىشلىمىگەننىڭ ھەممىسى يوق.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق،
ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

ئىشلىمەي يېگەن، ئاغرىماي ئۆلەر.

ئىشلىمەي يېگەنگە تاغ توشۇماس،
غەم - قايغۇغا جان (توشۇماس).

ئىشلىمىگەن ئەردىن تۇخۇم تۇغقان توخۇ ياخشى.
ئىشلىمىگەن كاللىدىن سۈيى يوق قاپاق ياخشى.

ئىشنى خام قىلما،
ئەقلىڭنى كەم (قىلما).

ئىشنى قىل زەردە بىلەن،
سۆزنى قىل لەۋزە (بىلەن).

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشنى قىلساڭ هارغۇچە،
راھىتى بار قانغۇچە.

ئىشنى قىلغىن پەم بىلەن،
چاينى ئىچكىن قەنت (بىلەن).

ئىشنى قىلغىن هارغۇچە،
تاماق يېگىن تويغۇچە.

ئىشنى كاداڭدىن سورا،
ئاشنى باداڭدىن (سورا).

ئىشنىڭ ئاسىنى چۇش كۆرۈش.

ئىشنىڭ سەھەردىكىسى ياخشى،
ئۆلۈمنىڭ كەچكىسى (ياخشى).

ئىشنىڭ كەنجىسىدىن قاچما،
ئىسكەنجىسىدىن قاچ.

ئىشنىڭ ئېپى سۆزدە،
كۆڭۈلنىڭ ئېپى كۆزدە.

ئىشنىڭ ئېپىنى بىلگەن،
سېپىنىمۇ بىلىدۇ.

ئىشنىڭ يامىنى يوق،
بىلىمنىڭ ئېغىرى (يوق).

ئىشى تېزنىڭ ئېشى تېز.

ئىشى ئىشقا ئوخشىماس،
قولى ئىشتىن بوشىماس.

ئىشى يوق كىشىگە كۆندە ھېيت.

ئىشى يوق ئىت سۈغىرىپتۇ.

ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق.

ئىشىغا قاراپ سىمكەرى.

ئىشىڭ قالسا ئەتىگە،
دۈشمەن كېلەر پەتىگە.

ئىشىڭغا بېقىپ رىزقىڭ بولۇر.

ئىشىڭغا بېقىپ لاپ ئۇر،
سۇنايىغا بېقىپ داپ (ئۇر).

ي

ياتقان ئۆيگا يەم يوق.

ياتقان ئېشەكنىڭ پوقى تەيلىك.

ياتقانغا نان يوق،
قاچقانغا ئالۋان (يوق).

ياتقىنى بورىيا،
يۈرگىنى دەريا.

ياخشى ئارزۇ — يېرىم دۆلەت.

ياخشى مالنىڭ تېرىسى خۇرۇم بولار، كۆن بولماس،
ئىشچان ئەرنىڭ بالىسى غېرىب بولار، قۇل بولماس.

ياخشى ئىش ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ.

يارىتىش خۇدادىن،
يارىلىش ئۆزۈڭدىن.

ياز بولسا قىش بولمىسا،
ئاش بولسا ئىش بولمىسا.

يازدا ئالدىرىمىساڭ،
قىشتا يۈگۈرىسەن.

يازدا بېشى قاينىمىغاننىڭ قىشتا ئېشى قاينىماس.

يازدا سايىدا خۇش بولساڭ،
قىشتا تاغىرىڭ بوش قالۇر.

يازدا سايىدىن خۇش بولساڭ،
قىشتا تاغىرىڭ بوش قالار.

يازدا ئۇخلىغان قىشتا ئاچ قالىدۇ.

يازدا ئىشلە،
قىشتا چىشلە.

يازلىقى سالاي ساراي،
قىشلىقى نەگە باراي.

يازلىقى هالاي - هۇلاي،
قىشلىقى قايان باراي؟

ياشلىقىڭدا قولۇڭ ئىشلەر،
قېرىغاندا ئېغىزىڭ (ئىشلەر).

ياشلىقىڭدا ئىشلە،
قېرىغاندا چىشلە.

ياشلىقىڭدا ئىشلىسەڭ،
قېرىغاندا ئوينايسەن.

ياغاچنى تۇتقۇزاي دېسەڭ مىخلا،
هۇرۇننى قوپقۇزاي دېسەڭ زىخلا.

يالىساڭ تويىسەن،
يامىساڭ پۈتىسەن.

ياماق ياماپ يارماق تاپ.

يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر،
ئەمگەك بىلەن ئەر (كۆكىرەر).

يە دېسە چارا ـ چارا،
ئىش قىل دېسە يەرگە قارا.

يە دېسە يەپتىمەن،
پۇلى يوقمىكىن دەپتىمەن.

يەتتىنچى ئايدا ئۆستەڭ بويىدا لوكچەك،
بىرىنچى ئايدا تونۇر بېشىدا دومچەك.

يەرگە ئىشلەپ ئايانما،
يوق ئامەتكە تايانما.

«يەڭ» دېسە چاچراپ قوپۇر،
ئىشلەڭ دېسەڭ قۇلاق يوپۇر.

«يەڭ» دېسە ئوڭ،
«ئىشلەڭ» دېسە ساراڭ.

يەيدىغاندا ئاتلاپ ماڭار،
قىلىدىغاندا ئاقساپ (ماڭار).

يەيدىغاندا ئاتلاپ ماڭىدۇ،
قىلىدىغاندا تاتىلاپ (ماڭىدۇ).

يوق دېسە يىتىپ يەپتۇ،
ئاتا مىراسنى سىتىپ يەپتۇ.

يول ماڭسىلا ئىچىلار،
ئادەم ئىشلىسە ياشىرار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتىپ يەپتىمەن،
تۆگەپ قالارنى بىلمەپتىمەن.

يېتىپ يېسە، تاغمۇ توشماس.

يېتىپ يېيىشكە تاغ توشۇماپتۇ،
يالماپ يېيىشكە باغ (توشۇماپتۇ).

يېرىم كۈنگە ھېرىش يوق.

يېنى ئاغرىماسنىڭ نان يېيىشىگە باق.

يېنىدا بىر پۇلى يوق،
تۆگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ.

يېنىكنىڭ ئاستى بىلەن،
ئېغىرنىڭ ئۈستى بىلەن.

يېنىڭدا نار تۆگە بولسا،
يۈك كۆتۈرۈشتىن غەم يېمە.

يېيىشكە تەييار، ئىشلەشكە بىمار.

يىتىپ تۇرۇپ ھاڭرايدۇ،
چىچقىنىنى داڭلايدۇ.

— نان يەملا؟
— ئىلتىپاتلىرى.
— ئىش قىلامىلا؟
— خۇدا ساقلىسۇن.

www.uyghurkitap.com



# پەسىل، ۋاقىت، مەزگىل، تەبىئەت، ھاۋا رايى ھەققىدە

# ئا

ئات ئىزىنى تاي باسار.

ئاتقان يەردە ئوق قالىدۇ،
چىچقان يەردە پوق (قالىدۇ).

ئاخىر زامان كەلمىگۈچە،
ئاخىرەتتىن گەپ ئاچما.

ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم.

ئادەم ئاشقا تويسىمۇ، ياشقا تويماس.

ئادەم قېرىغاندا، كۆڭلى گاداي بولۇر.

ئادەم ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى كۆرۈپ قېرىيدۇ.

ئادەم — ئۆلگەكنىڭ ئەۋلادى.

ئادەمگەرچىلىك كىچىككىنە يەردە.

ئارپا ئىچىدە بىر بۇغداي.

ئاسمان ــــ ئەركەك،
يەر ــــ چىشى.

ئاشتىن قالساڭ قال، كۆچتىن قالما.

ئاشنى يىغقاندا ماختا.

ئالەم بىر تۈگمەن، بىر كۈن تۈنەر،
ئادەم دېگەن بىر پەنەر، بىر كۈن ئۆچەر.

ئالەمنىڭ جىقى كېتىپ ئېزى قالدى،
چاپاننىڭ تېشى يىرتىلىپ مېزى (قالدى).

ئالتىنچى ئايدا ئالتە چاپان كىيىپتۇ،
بىرىنچى ئايدا كالتە چاپان (كىيىپتۇ).

ئالما كۈن نۇرىدا قىزىرار.

ئامەت قاچقاندا، پەلەك ساڭا يار بولماس،
ئەجەل تىكلىگەندە داۋا ساڭا كار قىلماس.

ئانام بارغۇچە لەيلىقازاق توزۇپتۇ.

ئاي بىلەن كۈن تەڭ تۇغماس.

ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار.

ئايدىن قالساڭ يىلدىن قالىسەن.

ئايرىلغان قوينى بۆرە يەر.

ئايىنىڭ چىقىشىغا باق.

ئايىنىڭ نۇرى قۇياشتىن.

ئايىنىڭ يىلتىزى يۇلتۇز.

## ئە

ئەتىدىن پەتە ئۇلۇغ.

ئەتكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.

ئەتىگەندە كېلىپ ئىشىككە قارىغۇچە،
كەچتە كېلىپ ئورۇنغا قارا.

ئەتىگەندە كۈننىڭ چىقىشىغا باق،
كەچتە پېتىشىغا (باق).

ئەتىگەننىڭ تەقدىرى ئاسماندا.

ئەتىيازدا قولدەك ئىشلىسەڭ،
قىشتا بەگدەك يەيسەن.

ئەتىيازدا سال، كۈزدە ئال.

ئەتىيازدا مېھمان كەلگۈچە،
ئۆيگە ئوغرى كەلگىنى ياخشى.

ئەتىيازدا ئىشنى پۇختا قىلساڭ،
يىلىڭ ياخشى ئۆتەر.

ئەتىيازلىقى توخۇ تويماس.

ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا كېلىنىڭنى سال،
كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىڭنى (سال).

ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى يىلغا تەڭ.

ئەتىيازنىڭ چالمىسى ــ كۈزنىڭ ئالمىسى.

ئەتىيازنىڭ كۈنىدىن قالدىڭ ــ يىلدىن قالدىڭ.

ئەتىياز ــ كۆكلەم،
ئەمگەك بىلەن كۆركەم.

ئەللىك ياش ــ ئەرلىك ياش.

ئەمدى كەلدى كۈز، ئۆزۈڭنى ئوبدان تۈز.

د •و ب •ه

باپكار قېرىسا بۆزدىن ئايرىلار،
زەرگەر قېرىسا كۆزدىن (ئايرىلار).

بارىس يىلىدا بارىڭنى چاچ،
ھېچبولمىسا تېرىق (چاچ).

بارىس يىلى — بايلىق،
توشقان يىلى — قەھەتچىلىك.

بالىسى ماڭغان يولدىن،
دادىسى ماڭغان كۆۋرۈك ئۈزۈن.

بالىلار چوڭ بولۇشنى ئويلار،
چوڭلار ياشىرىشنى (ئويلار).

باھار كەتسە بۇلبۇل سايرىماس.

باھاردا چېچىپ قاچ،
كۈزدە ئېلىپ قاچ.

باھاردا ئۇخلىمىغان،
قىشتا غەم قىلماس.

باھاردىكى ھەرىكەت — كۈزدىكى بەرىكەت.

باھاردىكى يامغۇر — كۈزدىكى ماي.

باھارنىڭ كېلىشى — بېلىقتىن.

بەشىنچى ئايدا بەشىنى كۆردۈم،
ئالتىنچى ئايدا — يېشىنى.

بۇ دۇنيا بىر بوشلۇق لەڭگەر.

بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭ،
ئادەملەر كېلىپ ـ كېتەر.

بۇ دۇنيا كەپتەرخانا،
بىرى ئۇچسا، بىرى قونار.

بۇرۇن ئەتكەن خامان قىلۇر،
كېيىن ئەتكەن ئارمان (قىلۇر).

بۇغداي تېرىساڭ كۆزگى تەر.

بۈگۈن توق،
ئەتىگە يوق.

بۈگۈن ماڭا كەلدى،
ئەتە ساڭا كېلەر.

بۈگۈن مېھمان،
ئەتە خىمان.

بۈگۈن ئۆتسە ئەتىگە خۇدا پادىشاھ.

بۈگۈن يوق دەپ كايىما،
ئەتە كېلەر تەلىيىڭ.

بۈگۈنسىز ئەتە بولماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورىسى www.uyghurkitab.com

بوگۈنكى غەنىيمەت بىلەن ئەتىنى خىيال ئەتمە.

بوگۈنكى كۈنچىقىشقا باغلىق،
ئەتىكى كۈنپېتىشقا (باغلىق).

بوگۈنكى مېھنەت ئەتىكى راھەت.

بوگۈنكى ئىش — قولۇڭدىكى ئىش،
ئەتىكى ئىش — يولۇڭدىكى (ئىش).

بوگۈنگە ماس كەلمىگەن ئەتىگە يۈك بولۇر.

بوگۈننى غەنىيمەت بىل، ئەتىنى خىيال ئەتمە.

بوگۈننىڭ بەرگىنىدىن زوقلان،
ئەتىنىڭ بېرىشىدىن روھلان.

بىر تاۋۇشنى كۆپ تاۋۇش يوق قىلار.

بىر قارلىغاچ كەلسىمۇ باھار شەپىسى.

بىر قارلىغاچ كەلگەن بىلەن باھار بولماس.

بىر كۈن تۈز يېگەن جايغا قىرىق كۈن تەزىم ئەت.

بىر كۈنگە ئۆكۈز ئۆلمەس،
ئىككى كۈنگە ئىگىسى بەرمەس.

بىر گۈل ئېچىلغان بىلەن باھار بولماس.

بىر يىلىلىق ئىش باھاردىن باشلىنىدۇ،
بىر كۈنلۈك ئىش سەھەردىن (باشلىنىدۇ).

بىر يىلنىڭ غېمى ئۇچۇن ئاشلىقتا ئىشلە،
ئون يىلنىڭ غېمى ئۇچۇن كۆچەتكە ئىشلە.

بىرنىڭ ئۇنى يىراققا كەتمەس.

بىللە يېگەن ئاش تاتلىق،
بىللە قىلغان — ئىش.

## پ

پاتار كۈننىڭ ئاتار تېڭى بار.

پەسىل كىشىنى ساقلاپ تۇرماس.

پىلەككە ئالدىنىپ، خەمەكسىز قاپتۇ.

## ت

تارازىدا توختىغان قىشقا كىرەلمەس.

تاغنىڭ تاغدەك پايدىسى بار،
تاغدەك زىيىنى بار.

تاڭ ئۈيقۇسى — خاننىڭ ئۈيقۇسى.

تال قىڭغايسا پەس بولۇر،
كۆن قىڭغايسا كەچ (بولۇر).

تەرگەن ھېساب ئەمەس، يىغقان ھېساب.

توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۆندە تۇتۇپتۇ.

توقلۇق ناھاردىن.

توڭلىغان چاغدا مۇز ئۇچراپتۇ،
ئۇسسىغاندا ئۇن (ئۇچراپتۇ).

تويدىن كېيىن ناغرا چېلىپتۇ.

تۈندىن كېيىن ناھار كېلۇر،
قىشتىن كېيىن باھار كېلۇر.

تېرەكنىڭ ياخشىسى تۈز،
پەسلىنىڭ ياخشىسى كۈز.

تىرىشچانغا ۋاقىت يەتمەس،
مېھنەت، ئەجرى بىكار كەتمەس.

تىنىمسىز ئادەم تېز قېرىيدۇ.

## ج

جان قىينالماي جان چىقماس.

جەۋزا تۇغماي ياز چىقماس.

جۈمە ياغسا شەنبە توختار،
شەنبە ياغسا قاچان توختار.

جىنى بارنىڭ قازاسى بار،
ھەر يۈرتنىڭ مازاسى (بار).

## چ

چاشقان يىلى — توقچىلىق،
قوي يىلى — پوقچىلىق.

چىرايلىقنىڭ دەردى بار،
سەتنىڭ ھالى بار.

چىللە كىردى — قىش قالمىدى،
تومۇز كىردى — ياز قالمىدى.

## خ

خوراز چىلىلمىسىمۇ تاڭ ئاتىدۇ،
ساقال چىقمىسىمۇ قېرىيدۇ.

## د

داۋاسىز دەرد بولماس،
ھەۋەسسىز قېرى (بولماس).

دەرەخ تومۇرى بىلەن چىڭ،
ئادەم — بىرلىك بىلەن.

دەلۋە — دىۋانە،
سوغۇق — بىگانە.

دەلۋىنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما،
دۈشمەننىڭ كۈلگىنىگە.

## ز

زامان بۇزۇلسا، ئاتتىن ئېشەك ئۆتۈپ كېتىدۇ.

زامان پەپلەپ كېلەر،
قىلىچ ئۆينىتىپ كەلمەس.

زامان شۇڭقارنىمۇ ئالار، تۇلپارنىمۇ ئالار.

زامان قايان،
سەن شۇيان.

زامان قېرىتقانغا بوياق ياراشماس.

زامان يامانىنىڭ ئەمەس، ئامانىنىڭ.

زامانەڭ تۈلكە بولسا،
سەن ئۇنىڭ قىرغاۋۇلى بول.

زامانغا باققان دانىشمەن.

زامانغا قاراپ بۆك كەي.

زامانىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر تالاش.

زامانى بىرنىڭ زارى بىر.

س

ساقال ئېقى ئۆلۈمدىن بېشارەت.

سايىاق يۇرگەن تاياق يەر.

سايىنىڭ دەرىخى يوق تۇز كۆرۈنەر،
ياز ئۆتسە كۈز كۆرۈنەر.

سەراتاندا سۇغار، مىزاندا تېرى،
مىزاندا تېرىيالمىساڭ تۇرۇپتۇر نېرى.

سەھەر شامىلى يۇرەككە داۋا.

سەھەر قوپساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
ۋاقچە قوپساڭ ئېشىكىڭ يىتەر.

سەھەر قىلساڭ ناشتا،
كېسەل تۇرماس باشتا.

سەھەر ئورۇپ، كەچ بىلە.

سەھەردە قوپقان سائادەت،
ۋاقچە قوپقان پالاكەت.

سەھەردىكى چۈش — ئوڭدىكى چۈش.

سەۋر يامغۇرى — سىرىق ئالتۇن.

سوغۇق تونۇر نان تۇتماس.

سوغۇق قار قاردىن چىقۇر،
جىگىردەك ياغدىن (چىقۇر).

سوغۇقنى نەدە قىشلايسەن، دېسە،
تاغارنىڭ ئۈندا، كالىنىڭ بۆرىدا دېگۈدەك.

سۇغا كىلىپ ئۇسسۇز قاپتۇ.

سۇمبۇلىدا سۇ سال،
مىزاندا تەر، سەرەتاندا ئور.

سېرىقتال چاغدا ئەر سارغىيار.

سىم ـ سىم يامغۇر ھۆل قىلۇر،
قىسىر خوتۇن گول قىلۇر.

سىيىر يىلى — توقلۇق،
قوي يىلى — پوقلۇق.

# ش

شاپاق يەرگە چۈشتى، كۆزگە تەۋە،
ساقال ـ بۇرۇت چىقتى، ئەرگە (تەۋە).

شار ـ شار يامغۇر ياندىن ئۆتەر،
سىم ـ سىم يامغۇر جاندىن ئۆتەر.

شامال توۋەندىن كېلەر،
ئاپتاپ يۇقىرىدىن (كېلەر).

# غ

غاز كەلدى ــــ ياز كەلدى،
غاز كەتتى ــــ ياز كەتتى.

غازاڭنىڭ چۈشكۈسى كەلسە بىردەمچىلىك.

# ق

قار ياغدى ــــ ئۈن ياغدى.

قار ياغماي قىش بولماس،
ئىچى سۈرمەي چىش چىقماس.

قارلىغاچ كەلمەي ياز كەلمەس.

قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز.

قەۋس تۇغماي قىش كەلمەس.

قول قولنى يۇسا،
قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار.

قولاقنىڭ ئالدى يوزگە تەۋە،
غازاڭ سارغايسا كوزگە (تەۋە).

قىرىق يىلدا بىر قېتىم ئېشەك ئويۇنى.

قىش باھارنى توڭدۇرالماس.

قىش سوغۇق كەلگۇدەك،
قېرى دوڭغاق (كەلگۇدەك).

قىش غېمىنى يازدا قىل،
غاز ـ ئۆردەكنى سازدا قىل.

قىش قانچە سوغۇق بولسا،
باھار شۇنچە ئىللىق بولۇر.

قىش كۆنى يا جوۋا ئال،
يا جوۋان ئال.

قىش كۈنىنىڭ ئاپتىپى،
دۇشمەننىڭ كۈلگىنىچە بار.

قىش مەينەت ـــ ياز دۆلەت.

قىش ئوچىقى تار،
قوپ ئۆيۈڭگە بار.

قىشتا بىكار، يازدا چاكار،
بىر كويچەنىڭ مەدىكار.

قىشتا ئوچاق ئۆزىگە تارتار.

قىشتا يەلپۈگۈچ، يازدا مەش.

قىشلىقى قايان باراي،
ياز كەلسە ساراي سالاي.

قىشنىڭ ئاپتىپى چىرايغا باقار.

قىشنىڭ ئاپتىپى دۈشمەننىڭ كۆلگىنىچە بار.

قىشنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانماڭ،
دۈشمەننىڭ كۈلگىنىگە (قاراڭ).

قىشنىڭ راھىتى — چوغ بىلەن پىيما.

قىشنىڭ سوغۇقى ياندىن ئۆتەر،
ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جاندىن (ئۆتەر).

قىشنىڭ سوغۇقىدا توڭغاندىن،
يازنىڭ ئىسسىقىدا كۆيگەن ياخشى.

قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىل،
يازنىڭ غېمىنى قىشتا (قىل).

قىشنىڭ قارنى يوغان.

قىشنىڭ قىش بولغىنى ياخشى،
يازنىڭ ياز بولغىنى ياخشى.

قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ.

قىشنىڭ كۈنى بىر تۇتام.

قىشنىڭ گۈلى ــ ئوت.

قىشنىڭ گىلىمى كەڭ،
يازنىڭ قوينى كەڭ.

قىشنىڭ ئىشى ــ هارام،
يازنىڭ ئىشى پەرداز كالام.

ك

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماپتۇ،
ياتلىق بولغان قىز هۆجرىدىن قورقماپتۇ.

كەچ يات، سەهەر قوپ.

كەچتە ئىشىمغا كەلگۈچە،
ئەتىگەن ئىشىمغا كەل.

كەچتىكى ئاشتىن،
سەهەردىكى مۇشت ياخشى.

كەلكۈن ــ يىرتقۇچ هايۋان.
كونا يىگىمغا جان بىرەر.

كۆپ ياققان ئوت كۆككه يېتەر.

كۆپتىن يامانلاپ، كۆمۈلمەي قاپتۇ.

كۆپنىڭ مىلىنى ئوغرى ئالماس.

كۆكنى كۆرۈپ، كۆكسۈڭنى كېرىمە.

كۆز پەسلىنىڭ ھەرىسى يامان،
قازاخۇنۇمنىڭ دەررىسى (يامان).

كۆز — بايۋەچچە،
قىش — بىكارچى.

كۆز — چىلىق - چىلىق،
قىش — قورۇقچىلىق.

كۆز، ئۆزۈڭنى تۈز.

كۆزدە توي تولا،
ئەتىيازدا ئۆلۈم (تولا).

كۆزدە توي تولا،
ئېغىلدا قوي (تولا).

كۆزدە ئۇخلىغان، قىشتا مۈزلاپتۇ.

كۆزگىگە توپا كېرەك،
يازغىغا ۋاقىت (كېرەك).

كۈزلۈك ئىنەكنىڭ قايمىقى تولا،
كەنجى نوگاينىڭ مايمىقى (تولا).

كۈزلۈكنىڭ چالمىسى،
ئەتىيازنىڭ ئالمىسى.

كۈزنىڭ ئاپتىپى چىرايغا ياقار.

كۈزنىڭ پوقمۇ ئالتۇن.

كۈزنىڭ توپىسىنى يىغ.

كۈزنىڭ شامىلى ياندىن ئۆتەر،
ئەتىيازنىڭ شامىلى جاندىن (ئۆتەر).

كۈزنىڭ قىتىقىنى كۈيۈئوغلۇڭغا بەرمە.

كۈزنىڭ قىتىقى — قوينىڭ يىغى.

كۈزنىڭ كېلىشى ئەتىيازدىن بەلگىلىك.

كۈن ئارقىدا قالساڭ يىل ئارقىدا قالىسەن.

كۈن بارىدا يۇلتۇز يوق.

كۈن بولمىسا گۈل قۇرۇيدۇ،
سۇ بولمىسا كۆل (قۇرۇيدۇ).

كۆن پاتقۇچە ئاي ئۇخلاپتۇ.

كۆن چىقسا ھەپىرەك،
كۆن چىقمىسا زەپىرەك.

كۆن چىقمىسا ساراي سالاي،
كۆن چىقسا ئوينىۋالاي.

كۆن قارايماس،
زېمىن تارايماس.

كۆن قايتار،
زامان قايتماس.

كۆن ئۆچمەس،
زېمىن كۆچمەس.

كۆن يۇلتۇزدىن نۇر ئالماس.

كۆندە قىلساڭ ھەرىكەت، كۆزدە كېلەر بەرىكەت.

كۆندە كولاۋەرسەڭ تاغمۇ يىقىلىدۇ.

كۆندە كېلىپ كۆندە كەت،
تىنچ كېلىپ تىنچ كەت.

كۆندۈزى سۆزلىسەڭ ئەتراپىڭغا باق.

كۆندۈزى ئىشتىن قاچقان يۇلتۇز سانايدۇ.

كۈندىن قالدىڭ ـــ ئايدىن قالدىڭ،
ئايدىن قالدىڭ ـــ يىلدىن قالدىڭ.

كۈنگە باققان نۇرلىنار،
تۇنگە باققان خورلىنار.

كۈنگە باققىنى قىزاردى، باقمىغىنى قارايدى.

كۈنگە تولا تىكىلگەن كۆزسىز قالار.

كۈنلەر ئۆمۈر كىتابىنىڭ ۋارىقى.

كۈننى توسۇۋالغىلى بولماس،
ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى (بولماس).

كۈننىڭ بېشى ئەتىگەن،
يىلنىڭ بېشى ئەتىياز.

كۈننىڭ پارقىرىغىنىغا قارىما،
چوكاننىڭ ۋارقىرىغىنىغا (قارىما).

كۈننىڭ پېتىشىغا باق،
ئاينىڭ چىقىشىغا (باق).

كۈننىڭ پىلانى سەھەردىن،
يىلنىڭ پىلانى باھاردىن.

كۈننىڭ چىقىشىغا باقماي، پېتىشىغا باق.

كۈنىنىڭ چىقىشىغا باق،
سۈنىڭ ئېقىشىغا (باق).

كۈنىنىڭ غېمى سەھەردىن،
يىلنىڭ غېمى باھاردىن.

كۈنىنىڭ كۆزى بار،
تۈنىنىڭ قۇلىقى (بار).

كېچە قانچە قاراڭغۇ بولسا،
يۇلتۇز شۇنچە يورۇق بولىدۇ.

كېچىدىن سەھەر ياخشى،
ئويناشقا شەھەر (ياخشى).

كېچىسى جۆيلۈگەك،
كۈندۈزى سۆزلىگەك.

كېچىسى سۆزلىسەڭ ئېغىزنى قولاققا ياق.

كېچىلەپ يول يۈرسەڭ، تاڭ ئاتقاندا سۆيۈنەرسەن،
كىچىكىڭدە توي قىلساڭ قېرىغاندا سۆيۈنەرسەن.

كېچىنىڭ ئايدىڭىدىن،
كۈندۈزنىڭ سايىسى ياخشى.

كېيىن قالغان ئىشقا قار ياغار.

كىمكى يازدا ھاڭۋاقمىسا،
قىشتا ناخشا ئېيتالار.

گۆلدۈردىن قورقما،
مۆلدۈردىن قورق.

## م

مۈزنىڭ ئۆمرى باھارغىچە.

## ن

نامازدىگەردە ئىش تۈگەر،
تۈگىمىسە مۈشت تېگەر.

نامازدىگەر ــ ئىشنىڭ تۈگەر.

## ھ

ھاۋا سالقىن ــ پاشا يوق.

ھاۋا ئوچۇق بولسا قىچىپ قۇتۇلالمايسەن،
ھاۋا تۇتۇق بولسا، ئىزدەپ تاپارسەن.

هايۋان ئىشتىن قېرىيدۇ،
ئادەم چىشتىن (قېرىيدۇ).

ھەر ئاينىڭ نامى باشقا.

ھەر نەرسىنىڭ قەرەلى بار.

ھەر ئىشقا بىر نۆۋەت.

ھوت كىردى، دېھقان ئىچىگە ئوت كىردى.

ھوت ياخشى كەلسە قوت،
يامان كەلسە جۇت.

ھوت، كەتمەن سېپىنى تۇت.

ھوتنىڭ ئوتى يامان،
دەلۋىنىڭ سوغۇقى (يامان).

ھوتنىڭ ئېتى يامان،
دەلۋىنىڭ سوغۇقى (يامان).

ھۇكە يانغا ئۆتتى، يازغا تەۋە،
قوماق گەدەنگە چۈشتى تازغا تەۋە.

ھېيتتا كىيمىگەن توننىڭ ياقىسىغا چىچاي.
ھېيتتىن كېيىن ياسانغاننىڭ نېمە پايدىسى.

## ئو

ئوت بىلەن سۇ ــ تىلسىز يېغى.

ئوت كۆيدۇرۇپ قورۇيدۇ،
بوران چېچىپ سورۇيدۇ.

ئوت ئۇلغىيار ياتار چاغدا،
ئوقەت كۆپىيەر ئۆلەر چاغدا.

ئوتنىڭ يىلتىزى ئاسماندا.

ئوچاق سوۋۇغاندا خېمىر ئۆرلەپتۇ.

ئوزۇقلۇق ئات هارماس.

## ئۇ

ئۇلۇغ ئاي ــ سۈت ـ قېتىقچا باي.

ئۇيقۇڭ كەتسە كەتسۇن، ۋاقتىڭ كەتمىسۇن.

## ئۆ

ئۆتكەن ئەسىردىن كېلەر پەسىل ياخشى.

ئۆتكەن ۋاقىت — چىرىگەن تۆمۈر.

ئۆتكەن ئىش — كۆرگەن چۈش.

ئۆتكەن ئىشقا ئۆكۈنمە.

ئۆرۈك چېچەكىدە ئۆرۈك كۆتىكىم بولسا.

ئۆرۈك قىزىل كوس — بۇغدايغا سۇنى توس.

ئۆمرۈڭگە ئىشەنمە،
ۋاقىتنى قەدىرلە.

ئۆمۈر ئۇزار،
ھۆسن تۇزار.

## ئۇ

ئۇجمە تۇگىگەندە سوپىسوپىياڭ كەپتۇ.

# ۋ

ۋاقىتقا قالغانلا شاخقا قاپتۇ.

ۋاقتى ئۆتكەن ئىشقا قاقشىغىنىڭ بىكار،
خەلق ياخشى دېمىسە خىزمىتىڭ بىكار.

ۋاقتىدا قىلىنغان ھەرىكەت،
مول ھوسۇلغا بەرىكەت.

ۋاقتىڭ كەتتى ـــ بەختىڭ كەتتى.

ۋاقىت ئاتقان ئوق،
ئۇنىڭ يېنىشى يوق.

ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.

ۋاقىت دېگەن ئاتقان ئوق،
بىكار ئۆتسە ھېچنېمە يوق.

ۋاقىت قەدرىنى بىلمىگەن ـــ ئۆز قەدرىنى بىلمەس.

ۋاقىت قەدرى ـــ ھايات قەدرى.

ۋاقىت ئۆمۈر دېمەكتۇر.

ۋاقىت ــ ئۇچقۇر قۇش.

ۋاقىتتىن ئالتۇن كېلەر،
ئالتۇندىن ۋاقىت كەلمەس.

ۋاقىتنى ئالتۇنغا ئېلىپ بولماس.

ۋاقىتنى چىڭ تۇتساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
ھۇرۇنلۇق قىلساڭ ئۆمرۈڭ كېتەر.

ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى بولماس.

ۋاقىتنى غەنىيمەت بىل، پۇلۇڭغا ئىشەنمە.

ۋاقىتنى ئۆمۈردىن ئەلا بىل.

ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ــ ئۆمۈرنى زايە قىلغانلىق.

ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن،
ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتەلمەس.

ۋاقىتنىڭ كەتكىنى ــ گۆھەرنىڭ يىتكىنى.

ۋاقىت ــ ئەڭ ئادىل سوتچى.

## ئي

ئېسىڭنىڭ باردا ئېتىكىڭنى ياپ.

ئېشەكنىڭ قېرىشى چىشىدىن ئايان،
ئادەمنىڭ قېرىشى ئىشىدىن (ئايان).

ئېغىر ئىش بىرلىشىپ قىلسا، يېنىك بولار.

# ئى

ئىت يىلىدا بارىڭ ئۆسەر.

ئىت يىلىدا مال كۆپىيەر.

ئىتلار كۆپ بولسا،
يولۋاسقىمۇ قىر كۆرسىتىدۇ.

ئىش قىلساڭ پەسىلگە باق،
ئادەم تىللىساڭ نەسلىگە (باق).

ئىش ـ ئوقەت باھاردىن،

ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن،
يىلنىڭ بېشى باھاردىن.

ئىككى دۇنيا بىر قەدەم.

ئىككى قوچقار سوقۇشسا،
بۆرىگە ئوزۇق چىقىدۇ.

ياخشى ھەيدەپ بوزغا تەر.

ياز بار، قىش بار،
ئالدىرىماڭ، ئىش بار.

ياز بىرىنى باي قىلار،
بىرىنى گاداي (قىلار).

ياز پەسلى — ناز پەسلى.

ياز چاناڭنى تەييارلا،
قىش هارۋاڭنى تەييارلا.

ياز مېۋىسى — قىش خەزىنىسى.

يازدا يېپىنچاڭنى،
قىشتا ئوزۇقۇڭنى ئۇنۇتما.

ياز — يېرىلماق،
قىش — قىسىلماق.

يازدا تاشلاپ قويغان چالما،
قىشتا كۆرۈنىدۇ ئالما.

يازدا چاناڭنى تەييارلا،
قىشتا هارۋاڭنى (تەييارلا).

يازدا چوڭگۈننىڭ ئەتىۋارى يوق،
قىشتا يەلپۈگۈچنىڭ (ئەتىۋارى يوق).

يازدا سايىدىن خۇش بولساڭ،
قىشتا تاغىرىڭ بوش قالار.

يازدا قىلساڭ ئىشنى،
ئويناپ ئۆتكۈزىسەن قىشنى.

يازدا كەلگەن مېهمان ئىشقا كېلەر،
قىشتا كەلگەن مېهمان ئاشقا (كېلەر).

يازدا كۈننى ئۇزاق قىلغان قىشلىقىنى غەملىۋالسۇن دەپ،
قىشتا تۈننى ئۇزاق قىلغان ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ.

يازدا لۆكچەك،
قىشتا دۈمچەك.

يازدا مۇشەققەت،
قىشتا هالاۋەت.

يازدا هورۇنلۇق قىلساڭ،
قىشتا تىلەمچى بولىسەن.

يازدا ئوينىغان قىشتا مۇزلاپتۇ.

يازدا ئىچتىم ئايران،
قىشتا بولدۇم ۋەيران.

يازدا يېپىنچا ئال،
قىشتا ئوزۇق.

يازدا يېيىل، قىشتا قىسىل.

يازلىق قوغۇن تورلاشماس،
تۇزسىز خېمىر قولاشماس.

يازنى كۆرۈپ قىشلىق كىيىمنى تاشلاپتۇ،
قىش كەلگەندە كۆزىنى ياشلاپتۇ.

يازنى ئىشلەپ ئۆتكۈز،
قىشنى ئويناپ (ئۆتكۈز).

يازنىڭ تېزىكى قىشتا دورا.

يازنىڭ راھىتى دوغ بىلەن مېۋە،
جاننىڭ راھىتى ھەرىكەتتىن كېلە.

يازنىڭ قازىنى قۇرۇق قالماس.

يازنىڭ قەدرىنى بىلەي دېسەڭ،
قىشنىڭ سوغۇقىنى ئەسلە.

يازنىڭ قىقى — قىشتا دورا،
كەمبەغەلنىڭ ئىشى چىشقا (دورا).

يازنىڭ قىش كۈنى بار،
شادلىقنىڭ غەم كۈنى (بار).

يازنىڭ قىشى بار،
قىشنىڭ يازى بار،

يازنىڭ كېلىشىنى باھاردىن بىل.

يازنىڭ يامغۇرىدا لاي بولماس،
ئالتە ئۆچكە بىلەن باي (بولماس).

يازنىڭ يۈندىسى قىشتا ئۇسسۇزلۇق.

ياز ـــ يېتىمنىڭ ئاتىسى.

ياش چېغىڭ ـــ ئالتۇن چېغىڭ،
پەرۋىش قىلساڭ، گۈللەر بېغىڭ.

ياش ۋاقتىدا لاتا تەخلىكى،
قېرىغاندا ئاتا تەخلىكى.

ياشلىق ھەم گۈل، ھەم ئوت.

ياشلىق ئۆتۈپ كەتسە يېتىپ بولماس،
قېرىلىق قايساپ كەلسە قېچىپ بولماس.

ياشلىق ـــ لاۋۇلدىغان ئوت.

ياشلىق — ئوت،
قېرىلىق — كۈل.

ياشلىقتا دۆلەت،
قېرىلىقتا مەينەت.

ياشلىقتىكى سۆلەتتىن قېرىلىقتىكى دۆلەت ياخشى.

ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنما.

يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسا دېڭى چىقماس.

يالغۇز قىر ئاشقۇچە،
كۆپ داۋان ئاشار.

يالغۇزنىڭ يولى يىراق.

يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە،
كۈز ھەيدىمىسەڭ، يۈز ھەيدە.

يەر — ھەممىنى يەر.

يەرنىڭ هارام چۆپ ئۆز بالىسى،
ئاشلىق — ئۆگەي بالىسى.

يەككە - يېگانە،
ھېلىم دىۋانە.

يېزى كېتىپ كۆزى كەلدى،
قىشى كېتىپ مۆزى قالدى.

يېمەك بولسا، غېمەك بولمايدۇ.

يەلنى بەرسەڭ، يازنى بەر،
كۆننى بەرسەڭ ئازنىنى (بەر).

يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدەك كاماردىن تۆگىدەك سوغۇق كىرەر.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق،
چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق،
باغۋەنچىلىك توغرىسىدا

# ئا

ئات ئالساڭ تۈۋىقىغا قارا،
قوي ئالساڭ قۇلىقىغا (قارا).

ئات ئايغىنى تاي باسار.

ئات باقساڭ تاتىلاپ باق،
كالا باقساڭ سىلاپ (باق).

ئات بولمىسا، ئېشەك ئۇلۇغ.

ئات مىنگەن كىشى ئارپا غېمى يېمەس.

ئات ھەم ئوقۇردىن،
ھەم تورۋىدىن يەر.

ئات ئورنىغا ئېشەك باغلىما.

ئات ئۆلۈم ئالدىدا تاش چىشلەر.

ئات يوق يەردە ئېشەكمۇ يوق.

ئات يۈتەلسە ئوقۇر سال،
كالا يۈتەلسە پىچاق (سال).

ئات يىقىتار يالى بىلەن،
ئېشەك يىقىتار تۈيىقى بىلەن.

ئات يىقىلسا پىچاق سال،
ئېشەك يىقىلسا قوناق (سال).

ئاتاڭ مىراب بولغىچە،
يېرىڭ ئەن بولسۇن.

ئاتتا ئۆت يوق،
قۇشتا سۈت يوق.

ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ،
ئېگەر - توقۇمدىن ئايرىلما.

ئاتنى تاۋلىسا قۇش بولۇر،
كالىنى تاۋلىسا ئات (بولۇر).

ئاتنى مىنگەندە كۆر،
مىلتىقنى ئاتقاندا (كۆر).

ئاتنىڭ سالتىڭى يورغا بولۇر،
ئەرنىڭ سالتىڭى موللا (بولۇر).

ئاتنىڭ ياخشىسى ئارغىماق،
ئوتنىڭ ياخشىسى كۆكقىياق.

ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە،
يەرنىڭ ياخشىسى تەردە.

ئاتنىڭ يورغىسىنى يولدا كۆر،
قىچىرنىڭكىنى سايدا (كۆر).

ئادەم يەرنى ئالدىمىسا،
يەر ئادەمنى ئالدىماس.

ئادەم يەرنى باقسا،
يەر ئادەمنى باقىدۇ.

ئادەمنى توغرىلىقتا ياراتقان،
قوينى قۇربانلىقتا (ياراتقان).

ئادەمنىڭ ھەققىنى يەر قايتۇرار.

ئارپا ئاتمىش كۈندە پىشار،
بۇغداي توقسان كۈندە (پىشار).

ئارپىنى ياش ۋاقتىدا سۇغار،
بۇغداينى باش ۋاقتىدا (سۇغار).

ئارقىدا قالغان ئىشىڭغا،
قار ياغىدۇ بېشىڭغا.

ئازگال يەر سۇ ئىچكۈچە،
دۆڭ يەر نەم تارتار.

ئاستىنى ئۆرۈپ ھەيدىسەڭ،
دۆۋىلەپ ھوسۇل ئالىسەن.

ئاسماندىن تاش ياغسىمۇ يەرگە پايدا.

ئاش بولمىسا ئىش ئاۋۇماس.

ئاش تېرىش — ئوزۇقلۇق ئۈچۈن،
قوغۇن تېرىش — ئۇسسۇلۇق ئۈچۈن.

ئاشلىق تەر، خامان بولۇر،
تېرىمىساڭ ئارمان بولۇر.

ئاشلىق تېرىپ تاغ ئەت،
ئورمان تىكىپ باغ (ئەت).

ئاشلىقىڭ بولسا،
قاشلىقىڭ بولار.

ئاشلىقىڭ كەم بولسا ھاۋادىن كۆرمە.

ئاشنىڭ قەدرىنى يېتىم بىلىدۇ،
گەندىنىڭ قەدرىنى جىرىم (بىلىدۇ).

ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تەرمە.

ھال تەگكەن ئاش خاماندا قاپتۇ،
ئۇششۇك تەگكەن ئاش ئامباردا (قاپتۇ).

ئالا زىرائەت ئاتقا مىندۈرەر،
قىلىن زىرائەت قىرغا (مىندۈرەر).

ئالا كېۋەز ئات مىندۈرەر،
قىلىن كېۋەز قىرغا (مىندۈرەر).

ئالتىنچى ئايدا يەر ھەيدىسەڭ،
ساپان ئالدىدىن ياغ تامار.

ئالما چېچەكلىگەندە ئالتۇن بېرىپ بۇغداي سۇغار.

ئامۇت چېچىكىدە بۇغداي سۇغارساڭ،
ئوراڭنى چوڭقۇر قىل.

ئانارنى چۆلگە تىك،
ئەنجۈرنى كۆلگە تىك.

ئاۋال تۇجۇپىلەپ باغ ئەت،
ئاندىن بايلىق بىلەن تاغ ئەت.

ئايرىپ - ئايرىپ ھەيدىسەڭ ئارىدەك بولۇر،
يېرىپ - يېرىپ ھەيدىسەڭ يىڭنىدەك بولۇر.

ئە

ئەتىيازدا توخۇ تويماس.

ئەجرى كۆپنىڭ ھۆرمىتى چوڭ.

ئەجرىڭنى دەريا قىل،
ھەققىڭنى جاڭگالدىن ئال.

ئەجىر قىلساڭ تاشقا،
ئاغزىڭ تېگەر ئاشقا.

ئەجىر قىلساڭ چۆلگە،
پۈركىنىسەن گۈلگە.

ئەجىر قىلساڭ يېرىڭگە،
نان چىقىدۇ بېلىڭگە.

ئەردىن تاپالمىغان بەختىڭنى يەردىن تاپارسەن.

ئەسكى كالا يازدا موزايلاپتۇ.

ئەڭگىز قالماس بەدەندە،
ئوما ئورۇساڭ تومۇزدا.

ئەلدىن سورىغۇچە،
يەردىن سورا.

ئەلنەغمىگە ئۇسسۇل كېرەك،
دېھقانغا ھوسۇل (كېرەك).

ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس،
ئېدىرلىقتا ئات (ئۆلمەس).

ئەمگەك قىلساڭ يەر سېخىي.

ئەمگەك ئىتىزدا قالماس،
باشاق ئېتىزدا (قالماس).

ئەنجۈرنى كۆلگە تىك،
چىلاننى چۆلگە (تىك).

# ب

باغ ئەت چېتى بىلەن،
ئىش قىل ئېپى بىلەن.

باغ قىلاي دېسەڭ تام چۆرى.

باغ قىلساڭ چىت بىلەن،
ئىشىك ساقلا ئىت بىلەن.

باغسىز يۇرتقا بۇلبۇل قونماس.

باغقا كىرگەننى تويغۇز،
قوغۇنلۇققا كىرگەننى توڭغۇز.

باغۇەن پەملىك بولسا،
باغ مېۋىسى تەملىك بولۇر.

باقساڭ باغ بولار،
بولمىسا تاغ بولار.

باقمىدىغان مال ـــ ئۆچكە بىلەن قوي،
ئوينىمايدىغان نېمە ـــ مەشرەپ بىلەن توي.

بالدۇر پىشقان مېۋە ئوغرىنىڭ گېلىنى غىدىقلار.

بالدۇر تېرىساڭ ئاش ئالىسەن،
كېيىن تېرىساڭ شاخ (ئالىسەن).

بالدۇر تېرىغان ئاش ئالار،
كېيىن تېرىغان تاش (ئالار).

باي بولاي دېسەڭ ئۆچكە باق.

باينىڭ قىزىنى ئال،
گادىينىڭ مېلىنى (ئال).

بەرپا قىلساڭ باغ - ئورمان،
ئامەت ياغار مىڭ پاتمان.

بولىدىغان ئاش كۆكىدىن مەلۇم.

بوي تۆگىدە،
ھىممەت قويدا.

بويىدىن قاچ،
كەكرىگە چاچ.

بۇغداي تېرىسالڭ بىنامغا،
خۇش بولىسەن خامانغا.

بۇغداي تېرىسالڭ توڭغا،
ئىشىڭ تارتار ئوڭغا.

بۇغداي تېرىسالڭ يەڭگىلەرەك كۆم،
قوناق تېرىسالڭ چوڭقۇرراق (كۆم).

بۇغداي دېگۈدەك: «مېنى مۇزغا مىلىسالڭ، سېنى ئۇنغا مىلەيمەن».

بۇغداي قويۇقلۇقىدىن بولۇر،
قوناق سۇيۇقلۇقىدىن (بولۇر).

بۇغداي قىغ بىلەن ئوخشار،
قوناق تىغ بىلەن (ئوخشار).

بۇغداي ياخشى ئادالانمىسا، بوغۇزغىمۇ يارىماس،
ئارپا ياخشى ئادالانسا، بۇغدايدىن قالماس.

بۇغداينىڭ بارار يېرى تۈگمەن.

بۇلاق يېرىقنى ئىزدەر،
بېلىق بۇلاقنى (ئىزدەر).

بۆرە بوغقان قوي هارام بولماس.

بۆرە بولمىسا قوينىڭ مېڭىسى قۇرتلار.

بۆرە قوشنىسىغا تەگمەس.

بۆرە ياردىن قورقار،
قۇزغۇن قىردىن (قورقار).

بۆرىدىن قورققان چوپان مالدىن قۇرۇق قالار.

بۆرىگە ئىچ ئاغرىتساڭ قويۇڭغا زامىن بولىسەن.

بۆرىنىڭ ئالدىغا ئۆتمە،
قېچىرنىڭ كەينىگە (ئۆتمە).

بۆرىنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا ئىشەنمە.

بۆرىنىڭ كەينىدىن ماڭغان تۈلكە ئاچلىقتىن ئۆلەر.

بېشىڭغا يېغى كەلسىمۇ،
قېچىپ يۈرۈپ ئۇرۇق چاچ.

بېشىڭنى تاتىلىغۇچە،
ئېتىزىڭنى تاتىلا.

بېغى بار ئادەم خار بولماس،
يەل - يېمىشكە زار بولماس.

بېغى بارنىڭ تېغى بار،
يايرايدىغان چېغى بار.

بېغىنى سورىما، مېۋىسىنى سورا،
تېكىنى سورىما ئۇزۇمىنى سورا.

بېلىق سۇغا تارتار،
توشقان سايغا (تارتار).

بېلىق ئۆلسە سۇدا قالار،
بۇلبۇل ئۆلسە باغدا (قالار).

بېلىق يامغۇردىن قورقماس.

بېلىقچىنىڭ رىزقى سۇدا.

بېلىقچىنىڭ سىرىنى بېلىقچىدىن سورا.

بېلىقچىنىڭ كۆنى سۇدا.

بېلىققا ئۈزۈش ئۆگىتىلمەس.

بېلىقنى سۇدىن ئىزدە،
ئالتۇننى قۇمدىن (ئىزدە).

بېلىقنى ئۆلتۈرسە قان چىقماس.

بېلىقنىڭ پەيزى سۇ بىلەن،
بۇلبۇلنىڭ پەيزى گۈل (بىلەن).

بېدە ئاتنىڭ ئوزۇقى،
توپا ـ سامان دوزىخى.

بىر باش بۇغداي ـــ بىر قوشۇق ئاش.

بىر پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە،
بىر تاپان يېرىڭ بولسۇن.

بىر تۈپ دەرەخ كەسسەڭ،
ئون تۈپ كۆچەت تىك.

بىر داندىن مىڭ دان چىقار.

بىر كۈن بالدۇر تېرىساڭ،
ئون كۈن بالدۇر يىغىسەن.

بىر كۈن تېرىغان ئاشلىقىڭ يۈز كۈنگە ئوزۇق.

بىر مو يەرگە بىر ھاشا،
مىڭ مو يەرگە تاماشا.

بىرنى كەسسەڭ،
ئوننى تىك.

بىرى تالدا، بىرى مالدا،
بىرى شالدا تۈگمەس بەرىكەت بار.

بىرى مىڭ بولۇر،
قۇيرۇقى دىڭ بولۇر.

بىكار قويۇپ بەرسەڭ ئېشەككىمۇ مۈڭگۈز چىقار.

بىلىكىڭ تالغۇدەك ئورغاق بىلىسەڭ،
يۈرىكىڭ قانغۇدەك ئورما ئورۇيسەن.

بىنەم ئېچىپ جىرىم قوي،
چۆنىكىنى چوڭقۇر ئوي.

# پ

پادىچى يىتكەن مالنى تۆلىيەلمەس.

پادىنىڭمۇ باشلامچىسى بار.

پاكار تاغ يايلاقا يارىماس.

پۇلى يوق دەپ ئەردىن قاچما،
چۆپى يوق دەپ يەردىن (قاچما).

پىتىقتا قالغان بىلىق تۆلكىگە ئۇچراپتۇ.

پىلىنىڭ ئۆمرىنى كوتا قىلغان ئۇنىڭ چىشى.

# ت

تاغ قىياسىز بولماس،
دۈشمەن رىياسىز (بولماس).

تاغ يۆتكەلسە يۆتكىلەر،
ئادەم خۇيى يۆتكەلمەس.

تاغ يۆتكەيمەن دېگۈچە،
باغ چىتلا.

تاغنى ئاچساڭ بوز قىلىپ،
ئۆينى باسار سەل كېلىپ.

تاغنى تەۋرىتىش ئاسان،
ئىرادىنى تەۋرىتىش قىيىن.

تاغنى قازمىغۇچە كۆمۈر چىقماس،
تاشنى تاۋلىمىغۇچە تۆمۈر (چىقماس).

تاغنىڭ ئارقىسىنى بىلگەننىڭ تاشتەك يۈرىكى بار.

تاغنىڭ تېيىكى يەردە،
ئەرنىڭ يۈرىكى ئەلدە.

تاغنىڭ داۋنىدىن قورق،
ئادەمنىڭ يامىنىدىن (قورق).

تاغنىڭ زىننىتى — قورام تاش،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئۇستىباش.

تاغنىڭ كۆركى تاش بىلەن،
ئادەم كۆركى باش بىلەن.

تاقىر بولسا تاغلىرىڭ،
قۇرۇپ توگەر باغلىرىڭ.

تال تېرىمدا،
ئالما قىرىمدا.

تال دەيدىكەن: «ئېشىم يانتاق، ئىگەم جاللات بولسۇن».

تال قويمىغان ئەر،
ئاخىرى پۇشايمان يەر.

تالغا تىغ،
كۆكتاتقا قىغ.

تالغا يانتاق كۆم،
قاپاققا تېرە (كۆم).

تاللاپ تېرىساڭ بىر تالنى،
كۆزدە ئالىسەن مىڭ تالنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىسىكتى www.uyghurkitap.com

تامار ـ تامار كۆل بولۇر،
قوزا باقساڭ قوي بولۇر.

تاينى ئايغان ئات مىنەر.

تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس.

تەر بىلەن كەلگەن تەنگە داۋا.

تەر تۆكمىسەڭ يەر بولۇمسىز.

تەر تۆكمىگۈچە، ھالاۋەت يوق.

تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۇرۇق،
كۈزدە قالمايسەن قۇرۇق.

تەرگەن ھېساب ئەمەس،
يىغقان ھېساب.

تەسكەيدە قار ئۆكسۈمەس،
قويدا ياغ (ئۆكسۈمەس).

توپىنى قانچە ئېگىز يۆلىسەڭ،
قوناق شۇنچە يوغان بولۇر.

توختىمىغان يارغا چوڭ قوزۇق قاق.

توخۇ بېرەر دېنىمىغا تۇخۇم،
ئىت قاۋايدۇ نېنىمىغا چوقۇم.

توخۇ يېمەيدىغان تۈلكە يوق،
بەز يېمەيدىغان مۈشۈك يوق.

توخۇيۈگنى سانىغۇچە،
تۇخۇمىنى سانا.

توخۇيۇم تۇغسۇن دېسەڭ، دان بەرمىسەڭ بولماس،
ئېتىم چاپسۇن دېسەڭ، يەم بەرمىسەڭ بولماس.

توغراق تىك تۇرۇپ مىڭ يىل،
يىقىلىپ مىڭ يىل، كۆمۈلۈپ مىڭ يىل ياشار.

توك تېشىپ تېرىق ئال،
مۇز تېشىپ بېلىق (ئال).

تومۇزدا ئۈچ كۈن يامغۇر ياغسا چاشقان ئۆلەر.

تۇرۇپ بازارغا چىقسا،
تېۋىپقا ئىش قالماس.

تۇغقان يوقلاشمىسا يات بولۇر،
كەتمەننى ئىشلەتمىسە دات (بولۇر).

تۇمانلىق كۈنى تۈلكە ئۈزار،
بورانلىق كۈنى بۆرە (ئۈزار).

تۆكۈلسە تەرىڭ،
ئۈنۈملۈك بولار يېرىڭ.

تۆگىمۇ تۆگە،
مايىقىمۇ تۆگە.

تۆگىنى سۇ ئېقىتسا،
ئۆچكىنى لاي ئارىسىدا كۆر.

تۇزلەڭدە تاغ يوق،
ھۇرۇندا باغ.

تېپىپ يەي دېسەڭ باغ قىل،
بېقىپ يەي دېسەڭ مال (قىل).

تېرىساڭ ئالىسەن،
تىلىسەڭ تاپىسەن.

تېرىساڭ خامان قىلۇرسەن،
تېرىمىساڭ ئارمان (قىلۇرسەن).

تېرىساڭ قىرىق بولۇر،
تېرىمىساڭ ئېرىق (بولۇر).

تېرىساڭ كاسا يەيسەن،
تېرىمىساڭ ھاسا (يەيسەن).

تېرىساڭ يىغارسەن تاغارلاپ ئاش،
تېرىمىساڭ تاتىلارسەن باش.

تېرىغان خامان قىلار،
تېرىمىغان ئارمان قىلار.

تېرىغان ھوسۇل ئاپتۇ، تاغار توشۇپتۇ،
ئۈنىمغان ئۇسسۇل ئاپتۇ، بالا قورشاپتۇ.

تېرىغان ئوراپ يەر،
تېرىمىغان سوراپ يەر.

تېرىغان ئۆزىدىن سوراپتۇ،
تېرىمىغان كىشىدىن (سوراپتۇ).

تېرىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،
كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن.

تېرىغانغا يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر (قېرىماس).

تېرىق تاپساڭ تاشقا چاچ.

تېرىق تېرىغان يەر،
كېزىكتىن قويقان ئەر.

تېرىق تېرىيدۇ ھەر كىشى،
يىغىۋالىدۇ ئەر كىشى.

تېرىق ئورۇماق — قىز قۇچاقلىماق،
ئارپا ئورۇماق — خۇن چىقارماق.

تېرىقمۇ تېرىمايمەن،
قۇشقاچمۇ قورۇمايمەن.

تېرىماي، تىكمەي باغ بولماس.
تېرىمىغان ئادەمنىڭ خامىنى بولماس.

تېرىمىغان بىر يىل پۇشمان قىلار،
ئوقۇمىغان يۈز يىل پۇشمان قىلار.

تېرىيدىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،
كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن.

تېۋىپ ھېيلىگە ئامراق،
دېھقان پىلىگە (ئامراق).

تېيىز ئېرىقتىن سۇ تاشار،
چوڭقۇر ئېرىققا قۇم پاتار.

تىكىۋەرسەڭ كۆچەتنى بىكار جايغا،
ئايلىنىسەن بىر كۈنى كاتتا بايغا.

ج

جىرىم قويساڭ پۇتاپ تۇر،
تۇز لىم ئالىسەن.

# چ

چارۋا باقىقان ياغ يەر،
باقمىغان زاغ (يەر).

چارۋىچىلىق كۆچە ـ كۆچە،
دېھقانچىلىق كۈندۈز ـ كېچە.

چارۋىسى بار بېقىپ يەيدۇ،
ئورمىنى بار يېتىپ يەيدۇ.

چارۋىنى تاغدا سات،
مېۋىنى باغدا (سات).

شال سۇغا قانماپتۇ،
چال ئۆيگە (قانماپتۇ).

چورتاننىڭ ئاغزى بولسىمۇ، تىلى يوقتۇر.

چورتان ــــ سۇ ئاستىدا سۇلتان.

چوڭ دەرەخ كىچىككىگە ئاپەت بولۇر.

چۆلدە يۈرگەن ئۆردەك كۆل قەدرىنى بىلمەس.

چۆلگە يامغۇر ياخشى،
ئۇماچقا چامغۇر (ياخشى).

چۈجىنى كۈزدە ساناڭ،
ئوغلاقنى تۈزدە ساناڭ.

چېتى يوق باغنىڭ مېۋىسى تۇرماس.

چېكەتكىدىن قورقساڭ ئاشلىق تېرىما.

چىلان سالغان چىلان يەر،
سالمىغان ئارمان (يەر).

چىلاننى چۆلگە تىك،
ئەنجۈرنى كۆلگە تىك.

چىنار چىرىماس،
ئارچا قېرىماس.

## خ

خامان ئالماق شەھەر ئالماق.

خامان ئىشى — يەل بىلەن،
ئادەم ئىشى — ئەل بىلەن.

خامان يۇمشىتاي دېسەڭ،
تېگى بىلەن ئۆرۈپ بەر.

خەلق بايلىقى — يەر بىلەن سۇ.

خۇدانىڭ ئاسمىنى كەڭرى،
رىزقى تولا.

خىللاپ تېرىساڭ بىر دانە،
ئۆيگە كىرىدۇ مىڭ دانە.

## د

دان سۈيى — جان سۈيى.

داننىڭ توقلۇقى تۇپراقتا باغلىق،
گۈلنىڭ جامالى يوپۇرماقتا (باغلىق).

دەرەخ پوستى بىلەن ياشار،
ئادەم دوستى بىلەن (ياشار).

دەرەخ تۆۋى ئوتياشقا يارىماس،
نادان يىگىت ئويناشقا (يارىماس).

دەرەخ تىكسەڭ باغ بولۇر،
ئېغىز - بۇرنۇڭ ياغ (بولۇر).

دەرەخ تىكسەڭ ساقلار تۇپراقنى،
مۇنبەت قىلار بىنەم، ئوتلاقنى.

دەرەخ تىكسەڭ قاش بولار،
ئوغۇت يىغساڭ ئاش (بولار).

دەرەخ جىم تۇراي دېسە،
شامال جىم تۇرغۇزماپتۇ.

دەرەخ چىملىقتىن قورقىدۇ،
بەدەن جىملىقتىن (قورقىدۇ).

دەرەخ زىننىتى ياپراق،
ئىنسان زىننىتى ئەخلاق.

دەرەخ سالساڭ ھۆرمەت تاپىسەن،
سايىسىدا مېغىز چاقىسەن.

دەرەخ شېخىدىن سۇنار،
ئادەم گېپىدىن (سۇنار).

دەرەخ غولىدىن سۇنماس،
شېخىدىن سۇنار.

دەرەخ قانچە ئېگىز بولغىنى بىلەن تۇپراقتىن ئايرىلالمايدۇ.

دەرەخ مېۋىسى تەنگە،
بىلىم مېۋىسى ئەلگە.

دەرەخ ئون يىلدا يېتىلىدۇ،
ئادەم ئەللىك يىلدا (يېتىلىدۇ).

دەرەخنى يىقىلغاندا كۆرۈڭ،
بوۋاينى ماڭغاندا (كۆرۈڭ).

دەرەخنىڭ ئاينىشى بۇلاقتىن،
بىلىم مەنبەسى قۇلاقتىن.

دەرەخنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئەي بىلەن،
ئادەمنىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىلىم (بىلەن).

دەرەخنىڭ ئۇچىدىن تارتساڭ غولى ئېگىلەر.

دەرەخنىڭ ئۆزىگە باقماي،
مېۋىسىگە باق.

دەرىخى يوق بازاردىن،
دەرەخلىك مازار ياخشى.

دەريادىكى بېلىقنىڭ باھاسى يوق.

دوناي ياغاچ تاغقا چىقماس.

دۆڭ تاغ بولماس،
ئازغان باغ (بولماس).

دۆڭگە جىرىم تىكمە،
ئويغا ئۆي سالما.

دېھقان ئاشلىق بىلەن،
ئادەم ياشلىق بىلەن.

دېھقان بالىسى — ئانارنىڭ دانىسى.

دېھقان بولساڭ شۇدىگەر قىل،
موللا بولساڭ تەكرار قىل.

دېھقان بولساڭ قاشتا بول،
سوپى بولساڭ باشتا (بول).

دېھقان بولساڭ ۋاقتى - سائىتىنى بىل،
تېرىقچىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا قىل.

دېھقان بولساڭ يەرگە ئىشلە،
دىۋانە بولساڭ تىلەپ چىشلە.

دېھقان تەرگەننى ئالار،
تىلەمچى بەرگەننى (ئالار).

دېھقان كەتمىنىنى ساتماس،
ئاشپەز كەپكۈرىنى (ساتماس).

دېھقان كىرمىگەن بازار بازار بولماس.

دېھقان ئىشلەپ دان چاچار،
بەخت يولىنى ئاچار.

دېھقان ئىشلەر، ئۇرۇق چاچار،
رىزقى يولىنى ئاچار.

دېھقان يەر بىلەن گۈللىنەر،
ھايات تەر بىلەن (گۈللىنەر).

دېھقانچىلىق بەزىدە چىلىق ـ چىلىق،
بەزىدە قۇرغاقچىلىق.

دېھقانچىلىق كاندۇر،
ئىشلىتەلىگەنگە ناندۇر.

دېھقانچىلىق ـــ ھاياتلىقنىڭ يۈرىكى.

دېھقاندا ھاشا تولا،
سازلىقتا پاشا (تولا).

دېھقاندىن خامان قالماس،
ئوۋچىدىن ئارمان (قالماس).

دېھقانغا ھاشا تولا،
چاپچالدا پاشا (تولا).

دېھقاننىڭ باغرى يەرگە قانماپتۇ،
جۇۋاننىڭ باغرى ئەرگە (قانماپتۇ).

دېھقاننىڭ بۇرنىغا يەر پۇرايدۇ.

دېھقاننىڭ پۇلى نەدە،
پېشانىسىدىكى تەردە.



ئۇيغۇر كىتاب ئۆيى www.uyghurkitap.com

دېھقاننىڭ قېشىدا كەتمەن،
كادىرنىڭ قېشىدا دەردمەن.

دېھقاننىڭ ئوبدىنى چامغۇر تېرىيدۇ،
ئادەمنىڭ ئوبدىنى يۇرتىدا قېرىيدۇ.

دېھقاننىڭ ئېتى نان،
قۇۋۇتى قان.

دېھقاننىڭ ئىشى پەسىل بىلەن،
ھايۋاننىڭ ئىشى نەسىل بىلەن.

دېھقاننىڭ ئىشى سۇ بىلەن ئوخشار،
قازاننىڭ ئىشى ئوت بىلەن (ئوخشار).

ز

زىغىر تېرىغان يەر ــ كېزىك بولغان ئەر.

زېمىن ئالساڭ تاللاپ ئال، ئېرىق بويىدىن.

زىرائەت ئەجىرسىز ئوخشىماس.

زىرائەت تېرىساڭ چېچەكتە،
ھوسۇل يېتەر تىلەككە.

زىرائەت تېرىمىسا ئۈنمەس،
ئادەم ئۆگەنمىسە بىلمەس.

زىرائەت زېمىننىڭ ئۆگەي بالىسى،
ياۋا ئوت ئۆز بالىسى.

زىرائەت سۇ بىلەن كۆكلەيدۇ،
ئادەم بىلىمى بىلەن (كۆكلەيدۇ).

زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم،
بالا كىچىكىدىن (مەلۇم).

زىرائەتنىڭ كۆكىگە ئىشەنمەي،
تۇۋىگە ئىشەن.

زىرائەتنىڭ كۆكىگە ئىشلىمەي تۇۋىگە ئىشلە.

زىرائەتنىڭ ئوخشىشىنى كەتمەندىن سورا،
خامىنىڭنىڭ ئوخشىشىنى ئارىدىن (سورا).

زىرائەت ــ زېمىننىڭ ئۆگەي بالىسى،
ياۋا ئوت ــ ئۆز بالىسى.

زىرائىتىڭنىڭ پاكىزىنى كەتمەندىن سورا،
خامىنىڭنىڭ پاكىزىنى ئارىدىن (سورا).

زىغىر دېگۈلۈك: مېنى لايغا مىلىسەڭ،
سېنى مايغا مىلەيمەن.

# س

ساپ ھاۋا تەنگە داۋا.

ساغلىق قوينىڭ تېشى يامان،
ئەركەك قوينىڭ بېشى (يامان).

ساق ساراڭدىن قورقار،
ئەنجۈر باراڭدىن (قورقار).

سەن تەر بەرسەڭ،
يەر زەر بېرەر.

سەن تېرىيسەن باللىرىڭ ئورۇيدۇ.

سەن يەرنى باقساڭ،
يەر سېنى باقار.

سەن يەرنى گۈللىساڭ،
يەر سېنى گۈللايدۇ.

سۇ باشتا،
نان ئاياغدا.

سۇ بولسا ئالتۇن تېرىسىمۇ ئۈنەر.

سۇ بولمىسا ئاشلىق يوق،
ئەل بولمىسا باشلىق (يوق).

سۇ بېشىدا قۇم ئاقتۇرار،
ئايىغىدا تاش (ئاقتۇرار).

سۇ بېشىدىكى يەر بالدۇر سۇ ئىچەر.

سۇ بىلەن دەرەخ قۇرۇماس،
بىلىم بىلەن ئادەم خورىماس.

سۇ بىلەن زېمىن ياشنار،
بىلىم بىلەن ئەل (ياشنار).

سۇ بىلەن يەر كۆكىرەر،
ئەقىل بىلەن ئەر (كۆكىرەر).

سۇ پەسكە ئاقار،
ئادەم ئېگىزگە (ئاقار).

سۇ پەسلىسە،
تاش كۆرۈنەر.

سۇ تارتىلسا،
يەر يېرىلار.

سۇ تاشسا، دۆڭگە چاپ.
سۇ تالاشساڭ، بېشىنى تالاش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇ توختار،
دۈشمەن توختىماس.

سۇ تۈتقاندا سۇدىن سۈيۈق بوپتۇ.

سۇ تۆۋەنگە ماڭار،
تۈتۈن يۇقىرىغا (ماڭار).

سۇ تىلەپ كەلسەڭ چېلەكنى يوشۇرما.

سۇ دەريادا ئاقسا، ئىنسانغا راھەت،
تاشسا ئىنسانغا ئاپەت.

سۇ شور كۆتۈرەر،
ئەسكى گەپ (كۆتۈرەر).

سۇ قاتتىق يەرگە سىڭمەس.

سۇ قاتسا مۇز بولۇر،
ئەقىل ئاشسا نۇر (بولۇر).

سۇ كەلسە ئېرىق پۈتەر.

سۇ كەلگۈچە تۈغان سال،
سۈنى كۆرۈپ ئاياغ (سال).

سۇ كەلمەس ئېرىقسىز،
ئاش كەلمەس تېتىقسىز.

سۇ كۆتۈرسەڭ چېلەك بىلەن كۆتۈر،
ئات كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن (كۆتۈر).

سۇ كېلىشتىن ئىلگىرى تۇغان سال،
يار كەتمىسۇن يوغان (سال).

سۇ كىرگەن ئېتىز قۇرۇق قالماس.

سۇ كىرمەيدىغان تۆشۈك يوق.

سۇ كىرمىگۈچە، يەر كۆكەرمەس،
ئەقىل تاپمىغۇچە ئەر (كۆكەرمەس).

سۇدا ئاققان سامانغىمۇ ئېسىلار.

سۇدا بېلىق ئاداشماس.

سۇدىن ئاۋۋال تۇغان سال.

سۇدىن بۇرۇن تۇغان سال.

سۇسىز گىياھ بولماس،
جۇدۇنسىز باھار (بولماس).

سۇغا تەشنا چۈشىدىمۇ سۇ كۆرۈپتۇ.

سۇغا قانسا ئېتىزلىق،
ئاشقا تولار ئامبىرىڭ.

سۇغا قانمىسا چۆل غېرىب،
ئۆردەك قونمىغان كۆل (غېرىب).

سۇغا كېلىپ ئۇسسۇز قاپتۇ.

سۇغا لايىق ئېرىق يوق،
ئېتىزغا لايىق تېرىق يوق.

سۇغا مەنمەنلىك قىلما.

سۇغا يېقىن سۆچى كېلەر،
چۆلگە يېقىن نوچى (كېلەر).

سۇغا يىقىلغان يامغۇردىن قورقماس.

سۇلۇق بولساڭ شال قىل،
باللىق بولساڭ مال (قىل).

سۇمبۇلدا سۇ سال،
مىسراندا تەر.

سۇنبۇلە تۇغسا،
ئات سەمرەر.

سۇنىڭ ئالدى شاۋقۇن،
كەينى دولقۇن.

سۇنىڭ بېشى سۇزۇك،
ئوتتۇرىسى تۇزۇك، ئايىغى ئۇزۇك.

www.uyghurkitap.com

سۇنىڭ قەدرىنى دېھقان بىلۇر.

سۇ — دېھقاننىڭ قېنى،
يەر — دېھقاننىڭ جېنى.

سۆگەت سۇغا تويماس.

سۆگەت سۇغا تويماس،
سۇ يوق يەردە بىر كۈنمۇ تۇرماس.

سۇتسىز ئىنەك تەپكەك كېلۇر.

سۇتسىز ئىنەكنىڭ يېلىنى قېلىن.

سۇيۇق غول – ھوسۇلۇق مول.

سۇيۇق كۆپ بولسا،
كېمەك ئويناپ ماڭار.

سۇيۇم كۆلدە،
ئېشىم چۆلدە.

سۇيى بار يەرنى لاي (باسار).
ئوتى بار يەرنى ئوت باسار،

سۇيى سوغالسا، بېلىقى قۇرۇماس.

سۇيى ئۆزىدىن – چۆپى ئۆزىدىن.

سېرىق نەمگە قوناق تەر،
قارا نەمگە كېپەز (تەر).

سېغىز يەر — مېغىز يەر،
قۇم يەر — شۇم يەر،
شور يەر — خور يەر.

سېغىنى يوققا ياز بولماس،
زىرائەتنى يوققا كۈن (بولماس).

سېمىز قوي يۈگۈرەلمەس.

سېمىز كالىنى سالجا چاقماس.

سىنىمىغان ئۆلاغىنىڭ بېشىنى تۇتما.

ش

شاپتۇل قوي ئۆزۈڭگە،
ئۆرۈك قوي بالاڭغا،
ئامۇت قوي نەۋرەڭگە،
ياڭاق قوي چەۋرەڭگە.

شالاڭ بۇغداي باش كۆرسىتەر،
قويۇق بۇغداي چەش (كۆرسىتەر).

شالاڭ بۇلۇتنىڭ يامغۇرى ئاز.

شالاڭ زىرائەت باش كۆرسىتەر،
قويۇق زىرائەت چەش (كۆرسىتەر).

شالاڭ قۇيرۇق، نېپىز تۇياق،
كالتە يال ئات ئات بولماس.

شامال تېرىساڭ بوران ئالىسەن.

شامال چىققاندا ئات،
توختىغاندا يات.

شامالغا قاراپ ئارا ئات.

شەھەر تالاشقۇچە يەر تالاش.

شور كۆلنىڭ بېلىقى تاتلىق.

شورلۇق يەرگە ئوسا بىكار،
قېرى خوتۇنغا ئوسما (بىكار).

شورلۇق يەردە سۇمبۇل ئۈنمەس.

غ

غېرىچ بولمىغان بېلىق يېيىلمەس،
ئالتە ئاي بولمىغان توخۇ يېيىلمەس.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

# ق

قاچساڭ ئېلىپ قاچ،
كەتسەڭ تېرىپ كەت.

قار يەرنى تويغازسا،
يەر ئەلنى تويغۇزۇر.

قاسساپ تىغدىن ئايرىلماس،
مالچى تاغدىن (ئايرىلماس).

قەيەردە بېلىق بولسا شۇ يەردە بېلىقچى بولىدۇ.

قۇشقاچنى بوردىساڭ توخۇ بولماس،
ئوغلاقنى بوردىساڭ تۆگە (بولماس).

قوتىنى يوق مال ئەتمە،
قاشاسى يوق باغ (ئەتمە).

قوزا تۇغسا ئۆستەڭ ئال.
قوزا تۇغسا، قوي ئۆلمەس.

قوزىدا قوتانغا قارا،
ئۇيدا ئېغىلغا (قارا).

قوناق دان ئالسا ساقىلى كۆپ چىقار،
تېرىق ئوخشىسا پاخىلى (كۆپ چىقار).

قوناقنى دۆڭگە تېرى،
بېدىنى ئويغا (تېرى).

قوي تۇغۇپ سۈت چىقمىسا،
نان بىلەن بوغۇزدا باق.

قوي كۆپيەر بىرە ـ بىرە، ھەر ئىشىكتە گۇرە ـ گۇرە.
ئىت كۆپيەر گۇرە ـ گۇرە، ھەر ئىشىكتە بىرە ـ بىرە.

قوينى سالجا يەيدۇ،
سارجىنى كۆيە (يەيدۇ).

قويۇق قوناق چاچ كۆرستەر،
سۇيۇق قوناق باش (كۆرستەر).

قۇدۇق سۈيىدە بېلىق بولماس.

قۇم قېتىشسا تاش بولۇر.
قۇم كۆپەيسە تاغ بولۇر،
ئورمان كۆپەيسە باغ بولۇر.

قۇم ئۈنمەس،
قوڭغۇز قوشقا ماڭماس.

قۇم يىغىلسا تاش بولۇر،
ياخشى تېرىساڭ ئاش (بولۇر).

قۇمغا چۈشكەن تاشنىڭ ئاۋازى چىقماس.

قۇملۇق يەرگە باغ قىلما،
مېۋە كۆرمەي يۈرىكىڭنى داغ (قىلما).

قىچىپ كەتكۈچە چىقىپ كەت.

قىشىڭنى كۆرسەتكۈچە ئىشىڭنى كۆرسەت.

قىرىق بېغىم بار،
نېمىدىن غېمىم بار.

قىغ يىغقان ئاش يىغىدۇ.

قىغسىز يەر — پۇلسىز يەر.

قىغلىساڭ، يېرىڭ تويار.

ك

كالا كۆك چۆپ يەپ، ئاق سۈت بېرەر.

كالا گۆشى سوغۇق، ئۆچكە گۆشى قوقاق،
تەڭرى، بەندەم دېسەڭ قوي گۆشىدە باق.

كان قازغان بايلىق تاپار.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئىزدەش www.uyghurkitap.com

كاۋىسى بولمىسىمۇ بارىڭى بار.

كەتمەن بىلەن يەر كۆكىرەر،
مېھنەت بىلەن ئەر (كۆكىرەر).

كەتمەن چاپساڭ ئەپلەپ چاپ،
يەر پەيتىنى ئىزدەپ چاپ.

كەتمەن چاپمىغان ئاشنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
قورسىقى توق ئاچنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

كەتمەن دەردىنى قول بىلەر،
لەززىتىنى تىل (بىلەر).

كەتمەن ئۆيدا ئەمەس،
گەپ قولدا (ئەمەس).

كەكلىككە تاغ ياخشى،
بۇلبۇلغا باغ (ياخشى).

كەنتتە تۇرۇپ، تاغدا مال بېقىپتۇ.

كۆچەت پوستى بىلەن ياشار،
ئادەم دوستى بىلەن (ياشار).

كۆچەت تىكتىم تام ئاشتى،
تىكمىگەننى قوم باستى.

كۆچەت تىكسەڭ باغ بولۇر،
قازان ـ قومۇچ ياغ بولۇر.

كۆچەت تىكسەڭ پۈتاپ تۆر،
ئۆتياش تېرىساڭ ئوتاپ تۆر.

كۆچەت تىكسەڭ ئۈجمە قوي،
بەھرە ئالسۇن مەھەللە ـ كوي.

كۆچەت تىككەن شاپتۇل يەر،
تىكمىگىنى نەق پۇل (يەر).

كۆچەت تىكىپ باغ ئەتتىم،
مېۋىسىدىن ياغ (ئەتتىم).

كۆچەت تىكىپ ئىشلە،
قېرىغاندا چىشلە.

كۆچەت قويساڭ بىغىڭغا،
ھەسەل تامار تىلىڭغا.

كۆچەت قويساڭ ھۆرمەت تاپىسەن،
سايىسىدا مېغىز چاقىسەن.

كۆچەت قويساڭ ئۈجمە قوي،
بەھرە ئالسۇن ھەممە ئۆي.

كۆچەت قېرىم بىلەن،
چۆپ نېرىن بىلەن.

كۆچەت ئۆچۈن هارماي ئىشلە،
قىرىغاندا تاتلىق چىشلە.

كۆچەتنى باقساڭ باغ بولۇر.

كۆچىتىم بوي تارتسۇن دېسەڭ،
تۈۋىگە پات ــ پات سۇ قوي.

كۆكتىن ئىزدىمەي،
يەردىن تاپ.

كۆككۆرەك كەلمىگۈچە تەك ئاچما.

كۆكنى سۆيگەن دەرەخ قەلەمچىدىن ئۆسەر.

كۆكنى كۆرۈپ كۆكسۈڭنى كەرمە.

كۆل بېشىدا چاڭ تۇرماس.

كۆل بېلىقى بىلەن داڭلىق.

كۆل دەريا سۈيىگە موهتاج.

كۆلدە سۈيۈڭ بولغۇچە،
بالدەك سۆزۈڭ بولسۇن.

كۆلدىكى غاز يامغۇردىن قورقماس.

كۆز پەسلىنىڭ هەرىسى يامان،
ئايغىر ئاتنىڭ قىرىسى (يامان).

كۆز ۋاقتىنىڭ چالمىسى — ئەتىيازنىڭ ئالمىسى.

كۆيۈئوغۇل ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە،
ئاندىن قوي بورداپتۇ.

كېمىچى كېمىسى بىلەن،
باغۋەن مېۋىسى بىلەن.

كېۋەز غوزىلاشتىن كۆپىيەر،
قوي قوزىلاشتىن (كۆپىيەر).

كېۋەزنىڭ كۆزى كۆنگەيدە.

## ل

لاي بۇلاق بولماس،
قوتۇر ئېشەك ئۇلاغ (بولماس).

لايدانغا چىققان بېلىق قارماققا چىقماي قالماس.

## م

مال باقساڭ يەمنىڭ غېمىدە بول،
ئۆي سالساڭ دەمنىڭ غېمىدە (بول).

مال بولسا موමام بار.

مالچى بولساڭ ھاننات بول،
باغچى بولساڭ جالالات (بول).

مالچىنىڭ ئىتى تالاشسا،
بۆرە نەپ ئالۇر.

مالنى كېپەككە ئال،
باققۇچىنى ئالتۇنغا (ئال).

موزاي قىغى كۇنجۇرا،
كەتمىنىڭنى سۇندۇرا.

موزاي ئېغىلىنى ئىزدەر،
ئىت يالىقىنى (ئىزدەر).

موزاي ئىنەكتىن ئايرىلماس،
سويما پىلەكتىن (ئايرىلماس).

مولالامنى كېيىن قويغان پەتە،
دېھقاننى كېيىن قويغان ئەتە.

مېلىڭ زايە بولسا بولسۇن،
ئورمان زايە بولمىسۇن.

مېۋە يەي دېسەڭ باغ قىل.

مېۋىلىك دەرەخ بوي تارتماس.

مىلىڭ قويغا بۆرە چاپسا،
بىرىگە پىچاق ئېلىپ يۈگۈرۈپتۇ.

# ن

ناشتا قىلغان ئادەم قېرىماس،
شۇدىگەرلىگەن يەر (قېرىماس).

نان دېسەڭ نان بېرىمىز،
سۇ دېسەڭ جان (بېرىمىز).

نەدە سۇ بولسا، شۇ يەردە جان بار.

# ھ

ھال تەگكەن ئاش خاماندا قاپتۇ،
ئۇششۇك تەگكىنى تاغاردا (قاپتۇ).

ھەركىم تېرىسا ئۆزى ئورار.

ھورۇن خوتۇن ئەردىن يامانلار،
ھورۇن دېھقان يەردىن (يامانلار).

ھوسۇل بەرمەيدىغان يەرگە ئوسا بىكار.

هوسۇلسىز يەر ـــ پۇلسىز ئەر.

هوسۇللۇق يەر ياخشى،
ئەخلاقلىق ئەر (ياخشى).

هوسۇلنىڭ كېمىسى يەردىن ئەمەس، ئەردىن.

هوسۇلۇڭ خاماندا ياخشى،
گىردە نان داستىخاندا (ياخشى).

هوسۇلۇڭ كەم بولسا هاۋادىن كۆرمە.

هۆپۈپنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن،
سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقى (ئۇزۇن).

## ئو

ئوت بىلەن سۇ ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ.

ئوت ئۆچۈرسەڭ چوغىنى قويما،
ئوت ئورۇساڭ يىلتىزىنى (قويما).

ئوت ـ چۆپ كۆپ يەردە زىرائەت ئاز بولۇر.

ئوتاقچىلىقتىن كەپسەن ياخشى.

ئوت ـــ يەرنىڭ ئۆز بالىسى.

ئورەكنى چوڭقۇر ئوي،
ئاندىن كۆچەتنى قوي.

ئورما بۆلۈمدە تۈگەر.

ئورمان بولمىسا تىرىكلىك بولماس.

ئورمان بىلەن بەختىڭ ئېچىلۇر.

ئورمان بىلەن قاپلانسا سايلىق،
ئاخىر بولىدۇ بايلىق.

ئورمان دېگەن پۇل،
كۈنۈڭ بولار گۇل.

ئورمان سالساڭ كۆزلەپ سال،
ئورەكلەرنى تۈزلەپ سال.

ئورمان سالغان ساۋاب تاپار،
سالمىغان ئازاب (تاپار).

ئورمان قىلغان خار بولماس،
ياغاچ ـ تاشقا زار بولماس.

ئورمان كۆپ بولسا ئەل باي بولۇر.

ئورمان كۆپ بولسا هۆلچىلىك بولۇر،
جۇت يىللاردىمۇ مولچىلىق بولۇر.

ئورمان كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ،
كۆككىمۇ يەتكۈزىدۇ.

ئورما، يېگەن ناننى سورىما.

ئورمانچىنىڭ ئۆزى ئۆلمەس،
ئۆزى ئۆلسىمۇ ئىزى (ئۆلمەس).

ئورماندا تۆرۆپ ئوتۇنسىز قاپتۇ،
ئالتۇن قامچىسى تۆرۆپ، ئوزۇقسىز قاپتۇ.

ئورمانسىز ھايات بولماس،
بولسىمۇ ئاۋات بولماس.

ئورمانلىقنى تاشلىما،
تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.

ئورماننىڭ بېشى — كۆچەت.

ئورما — ئوروش بىلەن تۈگەيدۇ،
ئادەم ئۆلۈش بىلەن (تۈگەيدۇ).

ئورمىچى ئورمىچىنى كۆرسە،
ئورغىقىنى بېلىگە قىستۇرار.

ئورمىنى بار كۆككە باقار،
ئورمىنى يوق يەرگە (باقار).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورمىنى بار ئۆزار،
ئورمىنى يوق توزار.

ئورمىنى بارنى پۇل باسار،
ئورمىنى يوقنى قۇم باسار.

ئورمىنى بۆلۈم تۈگمتەر،
ئادەمنى ئۆلۈم (تۈگمتەر).

ئورمىنى غول،
ئاشلىقى مول.

ئورمىنى كۆپنىڭ تەلىيى ئوڭ.

ئورمىنى يوق شەھەردىن،
يانتاقلىق سەھرا ياخشى.

ئورمىنىڭنىڭ نىنىنى يەي دېسەڭ،
كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە.

ئورمىنىم يوق دېگەن ھۆرۈننىڭ گېپى.

ئوسا چالا بولسا،
مايسا ئالا بولۇر.

ئوغۇت بىلەن يەر كۈچلىنەر،
ئەمگەك بىلەن ئەر (كۈچلىنەر).

ئوغۇت سالساڭ قامالـلاپ،
ئاش ئالـسەن پاتمانلاپ.

ئوغۇت يەرنىڭ ئوزۇقى،
ئورمان يەرنىڭ قوزۇقى.

ئوغۇت ــــ يەرنىڭ يېغى.

ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ،
ئاش ئالـسەن قاچىلاپ.

ئوغۇت يىغساڭ، ئاش ئالـسەن.

ئوغۇت يىغقان گۆھەر يىغىدۇ.

ئوغۇت ــــ يەرنىڭ يېغى.

ئوناق ــــ ئوناققا كەلمەيتۇ،
ئارقىدىكى يەر قوناققا (كەلمەيتۇ).

## ئۇ

ئۇرۇق ئۈنمىسە گۇناھنى يەرگە قويما.

ئۇرۇقنى تاشقا چاچ،
بەختىڭدىن كۆر.

ئۇرۇقنى يېگۈچە،
چورۇقۇڭنى يە.

ئۇرۇقۇڭ ئوبدان بولسا،
مايساڭ سەردان بولۇر.

ئۇزارتقۇڭ كەلسە ئۆمرۈڭنى،
ئورمانغا پۈركۈ يۇرتۇڭنى.

ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار،
قاۋۇل دېھقان بوز ئاچار.

ئۇي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا بەلگىلىك.

ئۇي ئۇي تۇغار،
قوي قوي تۇغار.

ئۇينىڭ ئوبدىنى ۋاخان بولۇر،
ئادەمنىڭ ئوبدىنى دېھقان (بولۇر).

## ئۆ

ئۆرۈك قىزىل كوس،
بۇغدايغا سۇنى توس.

ئۆرۈك گاداي قىلۇر،
ئۈجمە لاغاي قىلۇر.

ئۆز بېغىڭدا بولسا خالىغانچە يەيسەن،
كىشى بېغىدا بولسا بەرگەندە (يەيسەن).

ئۆزۈڭ يېتىشتۈرگەن مېۋە كېسىلىڭگە داۋا.

ئۆزىنى ماختىغان ئەر ئەمەس،
ئاش چىقمىغان يەر ئەمەس.

ئۆستەڭنىڭ زىنىنتى سۆگەت ـ تال.

ئۆلۈشكە چىدىساڭ مال ئەت،
كۆمۈشكە چىدىساڭ تال (ئەت).

ئۆينى ئېگىزگە سال،
كۆچەتنى پەسكە (سال).

ئۆيۈڭ ئۆستەڭ بويىدا بولسا،
قاپىقىڭ قۇرۇق قالماس.

## ئۇ

ئۈچ ھەيدىگەن يەر — ئالتۇن.

ئۇزۇم سالار ھەر كىشى،
باراڭغا ئالار ئەر كىشى.

# ئې

ئېتىمىزدا ھەرىكەت،
خامىندا بەرىكەت.

ئېتىمىزدا ئىزى يوقنىڭ،
خامىندا يۈزى يوق.

ئېتىمىزدا يوق ــ خامىندا يوق،
تاغاردا يوق ــ قازاندا يوق.

ئېتىمىزلىقتا قويغا ئىشەنمە،
قوتاندا بۆرىگە (ئىشەنمە).

ئېتىمىزنىڭ قىرى بار،
يۇرتىنىڭ يېرى بار.

ئېچىقنى يىغلاپ ئەت،
سۇنى ئوينىاپ تۇت.

ئېرىقنى چوڭقۇر چاپ،
سۇنى ئوينىاپ تۇت.

ئېرىقنى قاشلاپ چاپساڭ،
سۇنى ئوينىاپ تۇتىسەن.

ئېرىقنىڭ قېنىنى ئال،
يىلاننىڭ جېنىنى (ئال).

ئېشەك باقساڭ كۆچەتكە ئارام يوق،
باقمىساڭ جانغا (ئارام يوق).

ئېشەك سەمرىسە تۆۋەنگە قاچار،
تېكە سەمرىسە سۈيدۈك چاچار.

ئېشەكنىڭ تەخىيى كۆپەيسە،
يۈكى ئېغىرلىشار.

ئېشەكنىڭ قېرىسى موزاينى قېرىتار.

ئېغىلدىن قاچقان قوي بۆرىگە يولۇقار.

ئىگىسىز يەر — يېتىم.

ئى

ئەت باقساڭ قاۋاپ بېرەر،
قۇش باقساڭ سايراپ بېرەر.

ئەت توڭلىسا مۇزدا ياتار.

ئەت قاۋىسا چىشى ھىڭگايماي قالماس.

ئىت قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ دەرياغا كىرمە.

ئىت ئىگىسى بىلەن بولسا،
يولۋاسقا چاڭ سالار.

ئىتقا ئاش بەرسەڭ پېشىڭغا ئېسىلار.

ئىتنىڭ ئىگىسى كۆپ بولسىمۇ، ئۆلۈكى چۆلدە.

ئىشنىڭ ئاسىنى يوق،
يەرنىڭ يامىنى يوق.

ئىشنىڭ ئوبدىنى دېھقانچىلىق،
ئىشلىگەنگە مولچىلىق، ئىشلىمىگەنگە غېرىبچىلىق.

ئىلگىرى باغداتتىن كەلسە، هازىر قازناقتىن چىقار.

پادا باقساڭ يىغىپ باق،
ئىنەك ئالساڭ سېغىپ (باق).

ئىنەكنىڭ سۈتى يېلىنىدا ئەمەس، يېمىدا.

ئىنەكنىڭ ئۈستى ئۆلاق،
ئاستى بۇلاق.

ئىنسان كۆلكىگە تەشنا،
مايسا يامغۇرغا (تەشنا).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ي

ياخشى ئات ئوغۇل بالىغا قانات.

ياخشى ئەردە تۆك تولا،
ياخشى يەردە ئوت (تولا).

ياخشى دېھقان ئۆلاغنى باقار،
يامان دېھقان قامچىسىنى قاقار.

ياخشى ئۇرۇقتىن ياخشى پىياز.

ياخشى يەر — جاننىڭ جېنى.

يازدا بېلى بوشنىڭ قىشتا گېلى بوش.

ياڭاق مىڭ يىل ياشار،
ئارچا بىلەن تەڭ ياشار.

يامغۇر تىلىسەڭ قار ياغار.

يامغۇر تىلىگەن بورانغىمۇ چىدار.

يامغۇر ياغدى — ماي ياغدى،
قار ياغدى — نان ياغدى.

يايرايدىغان چىغى بار.

يايلاقنى مال تونۇيدۇ،
مالنى مالچى (تونۇيدۇ).

يەر ئاچچىقى ــــ جان ئاچچىقى.

يەر ئاچقاننىڭ بەختى ئېچىلار.

يەر ئاغدۇرساڭ كۆز ئاغدۇر،
كۆز ئاغدۇرمىساڭ يۈز (ئاغدۇر).

يەر ئالتۇن قوزۇق،
غاجاپ يېسەڭ تۈگىمەس.

يەر ئەسكى ئەمەس،
ئەر ئەسكى.

يەر باقاردىن يەر قورقار.

يەر بولسا دەردى بولمىسا،
ئەر بولسا قەرزى بولمىسا.

يەر تاغسىز بولماس،
ئەل ياۋسىز (بولماس).

يەر تەر بىلەن،
ئەر يەر بىلەن.

يەر تويار ـــ ئەل تويار.

يەر تويدۇرار،
ئوت كۆيدۇرەر.

يەر تويمىغۇچە ئەر تويماس.

يەر تېرىسا توڭدا،
يېتىپ يەيسەن ئوڭدا.

يەر تېرىساڭ باي بولىسەن،
يۈزۈڭ يورۇق ئاي بولىسەن.

يەر تېرىساڭ تاللاپ ئۇرۇق،
يەر قويماس سېنى قۇرۇق.

يەر تېرىساڭ كۆزگى تېرى،
ئارپا تېرىساڭ بوزغا (تېرى).

يەر تېرىغىن رەت بىلەن،
موللا بولغىن خەت بىلەن.

يەر خەزىنە،
سۇ ئالتۇن.

يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق.

يەر سەمرىسە باغ بولۇر،
مال سەمرىسە ياغ (بولۇر).

يەر سەمرىتكەنىنىڭ قورسىقى توق.

يەر قاتتىق بولسا ئۆ ئۆكۈز - بۆ ئۆكۈزدىن كۆرۈپتۇ.

يەر قاتتىق بولسا،
ئۆكۈز ساپاندىن قورقىدۇ.

يەر قەدرىنى بىلمەيدۇ،
يەر تېرىمىغان ئادەملەر.

يەر قوشنىسى تام قوشنىسىدىن يېقىن.

يەر كۆركى يېشىل،
ئەر كۆركى ئەقىل.

يەر كىشىنى يەيدۇ،
كىشى يەرنى يەيدۇ.

يەر ھەيدىگىن بۆقىدا،
شالنى سوققىن سوقىدا.

يەر ئوغۇتتىن بىلىنەر،
ھوسۇل چاناقتىن (بىلىنەر).

يەر يارىماس ئەمەس،
ئەر يارىماس.

يەر يامان ئەمەس،
يەرگە ئىشلىگەن يامان.

يەر يۇتۇپ تويماس،
كۆز كۆرۈپ (تويماس).

يەر يىرتىلمايدۇ،
سۆز تۈگىمەيدۇ.

يەر بىر ئەجىرگە مىڭنى بېرەر.

يەر - زېمىن يېشىل بولسا،
ئۆمرۈڭ ئۇزاق بولۇر.

يەر — ھوسۇل ئانىسى،
ئەمگەك ئۇنىڭ ئاتىسى.

يەردىكى يەم ئاسماندىكى قۇشنى شەرمەندە قىلار.

يەردىن تىلىمە،
تەردىن تىلە.

يەرگە ئارتماڭ،
سوقىڭىز قاشاڭ.

يەرگە بېقىپ ھوسۇل،
دايقا بېقىپ ئۇسسۇل.

يەرگە يەم ئىشلەت،
چايغا قەنت (ئىشلەت).

يەرگە تەر تۆكسەڭ،
كاتقا ئات تۆكسەن.

يەرگە چۈشكەن گۈل بولۇر،
ئوتقا چۈشكەن كۈل بولۇر.

يەرگە چۈشكىنى — يېتىمنىڭ ھەققى.

يەرگە قىلساڭ يەرسىز قالىسەن،
ئەرگە قىلساڭ ئەرسىز (قالىسەن).

يەرگە قىلما خىيانەت،
سېنى باقار زىرائەت.

يەرلىك بولمىغۇچە،
ماللىق بولالمايسەن.

يەرنى ئالدىساڭ بىر قېتىم،
سېنى ئالدار مىڭ قېتىم.

يەرنى ئالدىساڭ بىردەم،
سېنى ئالدايدۇ ھەردەم.

يەرنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدار.

يەرنى ئەمگەك ئۆزگەرتىدۇ،
ئادەمنى مەنسەپ (ئۆزگەرتىدۇ).

يەرنى بولماس دېمە،
ئەرنى پۇل تاپماس (دېمە).

يەرنى بېقىپ باغ ئەت،
مالنى بېقىپ ياغ (ئەت).

يەرنى بىر ئالدىساڭ،
يەر سېنى يۈز ئالدايدۇ.

يەرنى دېمىگىن بېخىل،
ئەمگەك قىلساڭ يەر سېخىي.

يەرنى سەمرىتكەننىڭ قورسىقى توق.

يەرنى شور بۇزىدۇ،
ئادەمنى سۆز (بۇزىدۇ).

يەرنى قازمىساڭ ئالتۇن چىقماس،
سۇغا قارماق سالمىساڭ بېلىق (چىقماس).

يەرنى ئوت باسقىنى — ئىگىسىنى نەس باسقىنى.

يەرنى ئوغۇتقا تويدۇرساڭ،
قورساقنى ئاشقا تويدۇرىسەن.

يەرنىڭ ئاۋاتلىقى ئەردىن.

يەرنىڭ ئەسكىسى يوق — قىغى يوق،
ئەرنىڭ ئەسكىسى يوق — پۇلى يوق.

يەرنىڭ ئەسكىسىنى ئاق تىكەن باسار.

يەرنىڭ ئەسكىسىنى ئورمان يوشۇرىدۇ.

يەرنىڭ بەرىكىتى سۇ بىلەن.

يەرنىڭ بىتىمنى ئاچقاننىڭ،
بەختىنى خۇدايىم ئاچار.

يەرنىڭ تۈگىلۈكى يوق،
ئاسماننىڭ شوتىسى يوق.

يەرنىڭ خۇشلۇقى يامغۇر،
تەننىڭ خۇشلۇقى چامغۇر.

يەرنىڭ دەردى بولسا شورلايدۇ،
ئادەمنىڭ دەردى بولسا توۋلايدۇ.

يەرنىڭ غېمى ئوغۇت،
ئايالنىڭ غېمى تۇغۇت.

يەرنىڭ قەدرىنى سۇ بىلەر.

يەرنىڭ قىممىتى كەتمەندە.

يەرنىڭ كۆزى ئاچ.
يەرنىڭ كۆزى ئوغۇتتا.

يەرنىڭ ئوقى كۆرۈنمەس.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com

يەرنىڭ يېمى ئوغۇت،
ئانا غېمى — تۇغۇت.

يەر — دېھقاننىڭ جېنى،
سۇ — دېھقاننىڭ قېنى.

يەر — ھەممىنى بەر.

يەر — ھوسۇلنىڭ ئانىسى،
ئەمگەك — ئۇنىڭ ئاتىسى.

يەلسىز جۇت بولماس،
بۆرىسىز قۇت (بولماس).

يەر تېرىساڭ ئورۇق تاللاپ،
ئاش ئالىسەن پاتمانلاپ.

يېقىمسىز باغ تاغ بولۇر،
يۈرەك - باغرىڭ داغ بولۇر.

ياز كۈنى بېلى بوشنىڭ،
قىش كۈنى گېلى بوش.

يوغان تېرەك پو تېرەك،
كىچىك تېرەك چىڭ تېرەك.

يول بويىدا بولسۇن جۇجەم، كۆل بويىدا تال،
سۇغا يېقىن دەرەخ تىك، تېز بولىدۇ شال.

يۇپقا بۇغداي باش كۆرسىتەر،
قېلىن بۇغداي چەش (كۆرسىتەر).

يۇپقا قوناقتا تاغار توشار،
قېلىن قوناقتا خالتا (توشار).

يۇلتۇز كۆكنىڭ زىننىتى،
دەرەخ زېمىننىڭ (زىننىتى).

يۇلغۇن چۆلدە ئاينىيدۇ،
بېلىق كۆلدە (ئاينىيدۇ).

يېرى بارنى يەر باقار،
يەر باقمىسا ئەل (باقار).

يېرى بارنىڭ ئېتى بار.

يېرى يوقنىڭ جېنى يوق.

يېرىپ - يېرىپ ھەيدىسەڭ يىغىندەك بولۇر.

يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،
يۇرتىدىن ئايرىلغان ئۆلگۈچە (يىغلار).

يېرىڭ باغ بولسا،
قازان - چۆمۈچۈڭ ياغ بولۇر.

يېرىڭ تاش بولسىمۇ،
ئېچىقىڭ باش بولسۇن.

يېرىلك ئوغۇتقا تويسا،
خامىنىڭ ھوسۇلغا تولار.

يېرىڭگە ئوت چىقمىسۇن دېسەڭ ـــ كۆزگى تېرى.

يېرىڭنى ئۆزۈڭ سۇغار،
تۆگمىنىڭگە ئۆزۈڭ بار.

يېرىڭنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى،
ئېشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى.

يېرىم باينىڭ ياتقۇسى كەلمەس،
كېيىمى يېلىڭنىڭ قويقۇسى (كەلمەس).

يېزىدا ئالۋان تولا،
كېنتىدا پالۋان (تولا).

يېقىمسىز باغ چۆل بولۇر،
ھەسرەت يېشى كۆل (بولۇر).

يىغلاپ تۇرۇپ كۆل چاپساڭ،
كۈلۈپ تۇرۇپ سۇ تۇتىسەن.

يىگىندەك تۆشۈكمۇ قاشنى بۇزار.

يىلتىز سۇدا بولمىسا،
ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتمە.

يىلتىزلىق دەرەخكە بوران كار قىلماس.

يىلتىزى يوق دەرەخ ئايدا تۇتار،
يىلتىزى بار دەرەخ سايدا (تۇتار).



www.uyghurkitap.com



# كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي توغرىسىدا

# ئا

ئاچ ئەرۋاھتىن قاچ ئەرۋاھ.

ئاچ ئالدىراڭغۇ، توق بىغەم.

ئاچلىقتىن توقلۇق يامان،
مەسچىتتە شوخلۇق (يامان).

ئاقخان ئۇمىچىنى داڭلار.

ئادەم ئۆلمىسە رىزقى تۈگىمەس.

ئادەم بىر جاندىن زېرىكمەس،
بىر ناندىن (زېرىكمەس).

ئاشنىڭ تاختىغا چىققىنى پىشقىنى،
يوتقاننىڭ پاختىغا چىققىنى پۈتكىنى.

ئاق قۇ ھەممە كۆلگە قونماس.

ئاش بەرسە قوشۇق تىلەپتۇ.

## ئە

ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ،
كەچكىچە شۇ.

ئەتىگەندە تويمىغان قورساق ئاخشامغىچە تويماس.

ئەرنىڭ ياخشىسى ئوتتۇرا قورساق.

ئەرزان مالنىڭ يىلىكى تېتىماس.

ئەرگە يۈز كېرەك،
ئاشقا تۇز (كېرەك).

ئەر كىشى قېرىماس.

ئەسكى تامدا دەز تولا،
ئورۇق گۆشتە بەز (تولا).

## ب

بار ـ يوقى بىلەن ئىشىم يوق،
كۆڭلۈم ھەسەل تارتىدۇ.

باي چۈشەرلىك ئۆيۈڭ بولسۇن،
خان چۈشەرلىك كۆرەڭ بولسۇن.

بويۇڭ بىلەن ماختانما، ئۆيۈڭ بىلەن ماختان.

بويۇن گۆشى ئوبدان گۆش،
يېيىشكە ئەپسىز، ئويمان ـ دۆش.

بويۇن گۆشى تاتلىق گۆش،
يېمەك مۇشكۇل، قاتتىق گۆش.

بۇغداي ئۇنى نان بېرەر،
ئانا سۈتى جان (بېرەر).

بۆرىنىڭ قازان ئاسقىنى يوق،
خام يەپ ئۆلگىنى يوق.

بۆرىنىڭ ئوزۇقى بۇرنىدا،
بۆرە تويغان يېرىدە ياتماس.

بۇركۇت سامادا،
چاشقان كامادا،
تۇل خوتۇن تامادا.

بېلىق شورپىسى ـــ ئىشتىها دورىسى.

بېلىق بېشى ـــ باينىڭ ئېشى.

بىر بۆككە ئىككى باش سىغماس.

بىكار گەپتىن ئۈيقۇ ياخشى،
ئارپا ناندىن زاغرا (ياخشى).

## پ

پولۇ قورۇشتىن ئوخشار،
شورپا سورۇشتىن (ئوخشار).

پىشمىغان ئاشتىن خام كاۋا ياخشى.

تاماق تۈزى بىلەن،
دوغاپ مۇزى بىلەن.

تاماق خۇرۇچى ھەر ئۆيدە بار،
ئوخشاتقۇچى بىر ئۆيدە (بار).

تونلۇققا تولا سوغ،
تونسىزغا ئاز سوغ.

توخۇ تويماس،
چۆمۈچ قۇرۇماس.

توخۇنىڭ تۈگمىنى يوق دان يەيدۇ،
بۆرىنىڭ قازنى يوق خام (يەيدۇ).

تۈزسىز ئاشنى ئىت يېمەس.

تۆزسىز نان تونۇردا تۇرماس.

تېمىتقىغا گۈل چەككۈچە ئۆلىغا تاش قوي.

تېرىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،
كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ (بولسۇن).

تىلىڭ كۆيسە تۈز يالا،
ئىچىڭ كۆيسە مۇز (يالا).

تىنچ كۆڭۈلگە تۆزسىز ئۇماچ.

## ج

جان بەرگەنگە جان بەر،
جاي بەرگەنگە جاي (بەر).

## چ

چوڭ ئۆينىڭ ئورتاق،
كىچىك ئۆينىڭ قورداق.

چاپاننىڭ ئالدى پېشى بۇرۇن يىرتىلار.

چاپاننىڭ يانچۇقى تېشىلەر،
چورۇقنىڭ سونجىقى (تېشىلەر).

چارۋاڭنىڭ يېيىشىدىن قورقما،
خوتۇنۇڭنىڭ يېيىشىدىن قورق.

چۆلدە قونساڭ دۆڭدە يات.

چۆلگە يامغۇر ياخشى،
يوبدانغا چامغۇر (ياخشى).

چۆمۈچ بىر، قازان باشقا،
قوي بىر، قوتان باشقا.

چېچىكى چۈشسە غورىسى قالار،
چامغۇرنى يۇلسا، ئورىسى (قالار).

چىقتىم ئۆيۈمنى تاشلاپ،
قالدىم بېشىمنى قاشلاپ.

چىرايلىق كىيىم ياغاچ قونچاقنىمۇ يارىشار.

## خ

خوش ـ خوش دەيدۇ،
موك ـ موك يەيدۇ.

خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس.

خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق،
شال تېرىغان يەردە پولا (يوق).

## د

داش قازان كۈندە قاينىماس.

داڭگال قېتىپ تاش بولماس،
چامغۇر ـ زەدەك ئاش بولماس.

دېنى يوق خامانغا قۇشقاچ چۈشمەس.

دېسە دېگۈچە قويدۇم،
كېسىپ يېگۈچە قويدۇم.

ــ دوزاخ نەدە؟
ــ ئىككى ئادەم تاماق يەپ،
بىرى قاراپ تۇرغان يەردە.

## ز

زاڭغا تويمىغان نانغا تويماس.

## س

ساما ناغرا بىلەن،
قېتىق زاغرا بىلەن.

ساتمىنى ياراتمىساڭ،
كېسەك ئۆي ئىزدەپ نەگە باراي؟

سوراپ بەرگۈچە ئۇرۇپ بەر.

سېلىپ يېگەن بىرنى يەر،
تۇگۇرۇپ يېگەن ئوننى (يەر).

سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن كۆڭۈل تارلىقى،
نېرى يات، بېرى يات دېگەن ئورۇن تارلىقى.

سەھەرلىك ناشتىدىن قالما،
دەسلەپكى مۇشتتىن (قالما).

سۈنىڭ قەدرىنى تۆگە بىلەر،
بېلىق بىلمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ش

شەھەر سالماقتىن ئۆي سالماق تەس.

## ق

قازى ئاچ قالسا بازار كېزەر،
سوپى ئاچ قالسا مازار (كېزەر).

قاتتىق زاغرا قېتىقتا ياخشى،
ئەسكى ئۆتۈك يامغۇردا (ياخشى).

قورساقتا نان بولسا،
بىلەكتە جان بولار.

قورۇما تاماق يېمەيمەن،
ھېكىم لوقمان دېمەيمەن.

قۇش قونمىغان دەرەخ يوق.

قۇلان سەمرىگەن يېرىگە تۇك تاشلار.

قۇش ئايىغىدىن ئىلىنار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitab

سەزگۈر بىلىق ساقىقىدىن (ئىلمىنار).

قېتىق بىلەن زاغرا ياخشى،
سۇناي بىلەن ناغرا (ياخشى).

قىشلىقى قېزا يە،
قېزىدىن كېيىن سەۋزە (يە).

## ك

كاككۇكنىڭ ئۇۋىسى يوق.

كەڭ تون توزۇماس.

كەڭ تون كېڭىشىپ يىرتىلار،
تار تون تارتىشىپ (يىرتىلار).

كۆزى تويسا، ئۆزى تويار.

كۆكتىكى چولپاندىن سۇدىكى چورتان ياخشى.

كۆنەلگۈ بولمىسا، قېتىق ئۇيۇماس.

كۆپ يېگەن هايۋاننىڭ ئىشى،
ئاز يېگەن ئادەمنىڭ ئىشى.

كېڭەشىپ ئېتىلگەن ئاش تاتلىق بولار.

كېڭەشىلگەن تون تار كەلمەس.

كېڭەش قىلغان ئەل ئازماس،
كەڭ پىچىلغان تون توزۇماس.

كىيىمنىڭ ئېغىرىنى سوغۇق كۆتۈرەر.

كىچىك ئاياغ كىيگەن ئادەم يولنىڭ كەڭلىكىنى بىلمەس.

كىشىنىڭ رىزقىدا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟

كىرمىگەن گۆر قالمىدى،
يېمىگەن پوق (قالمىدى).

## گ

گالنىڭ غېمى ــ جاننىڭ غېمى.

## ل

لازا يېسەڭ چاغلاپ يە،
سامساق يېسەڭ داغلاپ (يە).

## م

مالسىز ئۆي بولار،
نانسىز ئۆي بولماس.

ماي سېسىسا تۇز سېپەر،
تۇز سېسىسا نېمە سېپەر.

موللام دۇئاغا زورلار،
نېنى يوق چايغا (زورلار).

مۇزلىساڭ مۇز يە،
ئۇسسىساڭ تۇز (يە).

مۇشۇكنىڭ بىر پۇلى يوق گۆشكە ئامراق،
يىگىتنىڭ بىر پۇلى يوق تۆشكە ئامراق.

مېهمان كەلسە خوما ئېلىڭ،
ئاشنى تۇگىتەي دېسىڭىز موما سېلىڭ.

## ھ

ھالال تېپىلمىسا، ھارام يېمەي ئۆلەيمۇ؟

هالىم پەرىشان،
كۆڭلۈم تېرە ئىشتان.

هاي ـ هايىنىڭ ۋاي ـ ۋۇيى بار،
كەڭ يەرنىڭ تار يېرى (بار).

## ئو

ئوغلاق گۆشى ئەم بولۇر،
ئۆچكە گۆشى يەل (بولۇر).

## ئۇ

ئۇزاق ـ ئۇزاق كۈنلەر كېلۇر،
جىگدە يېمەك ئاندىن كېلۇر.

ئۇماچ ـــ كوركىرماچ،
يوبدان ـــ يورغىلىماچ.

## ئۆ

ئۆزۈڭنىڭ تۈتۈنى ئۆزۈڭنىڭ موراڭدىن چىقار.

ئۆردەك ئۆرۈلسە لاچىنغا يەم بولۇر.

ئۆزۈم بېدىشتە ياخشى،
ئەبجەش ماي ئىدىشتە (ياخشى).

## ئۇ

ئۇنچە ـ مارجان تاش ئىكەن،
ئارپا ـ پۇرچاق ئاش ئىكەن.

## ئې

ئېشەككە مۆلە ياپسا، تۇيىقىدىن بەلگىلىك.

ئېشەكنىڭ ئۆلۈمى ــ ئىتنىڭ بايرىمى.

ئېيىقنى ئۇسسۇلغا ئۆگەتكىنى ــ گال.

ئېغىلدىكى گۆشتىن تەڭنىدىكى ئۆپكە ياخشى.

## ئى

ئىگىسى يوق ئىچكەن ئاش ئۇن يىلغىچە قۇستۇرار.

## ي

ياتار قورساققا يارتى نان.

ياغ چايناشقاننىڭ يۈرىكى پۈتۈن،
بال چايناشقاننىڭ بۆرىكى (پۈتۈن).

يالغۇزنىڭ ئىشىنى يالماپ يە،
خېنىمنىڭ ئىشىنى چاغلاپ (يە).

يالغۇزغا مۇشۇكمۇ ھەمراھ.

يېڭى كۆلنىڭ سۈيى تاتلىق،
يېڭى قازاننىڭ ئېشى (تاتلىق).

يېگەننىڭ يېگۈسى كېلەر،
كىيگەننىڭ كىيگۈسى (كېلەر).



# ئۆرپ - ئادەت، ئاچ - توقلۇق، مېھماندوستلۇق توغرىسىدا

# ئا

ئات قەدرىنى بىلمەس پىيادە ماڭمىغۇچە،
ئاش قەدرىنى بىلمەس ئاچ قالمىغۇچە.

ئات گۆشى قىرىق يىل قالغان ئاغرىقنى قوزغايدۇ.

— ئاتنى نەگە باغلايمەن؟
— ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا.

ئاتۇشنىڭ قىزى بولسا،
ئاۋاتنىڭ تۇزى بولسا،
بەشكېرەمنىڭ ئۇنى بولسا،
ئۇنىڭدا ئوخشىمامدۇ چۆپ؟

ئاچ ئادەم ئاش تاللىماپتۇ،
قاغدالما قىز ياش (تاللىماپتۇ).

ئاچ ئاشنى كۆرسە ئالدىغا ئۆتەر.

ئاچ ئەسنەپتۇ،
توق كېكىرىپتۇ.

ئاچ بەچچىغەردىن قاچ بەچچىغەر.

ئاچ بولساڭ تۆرگە يۈگۈر،
تالادا بولساڭ ئۆيگە يۈگۈر.

ئاچ بولساڭمۇ توقتەك بول،
غەم تەشۋىشى يوقتەك (بول).

ئاچ بۆرە شىرغا ئېتىلىپتۇ.

ئاچ تاماق تاللىماس،
قېرى قىز ئەر (تاللىماس).

ئاچ توق بىلەن ئوينىماس.

ئاچ تويغىنىنى بىلمەس،
بېخىل بېيىغىنىنى (بىلمەس).

ئاچ دەردىنى توق بىلمەس،
كېسەل دەردىنى ساق (بىلمەس).

ئاچ قالساڭ قال،
كەچ قالما.

ئاچ قالسىمۇ ئارپا يېمەپتۇ.

ئاچ قالغان تاماق تاللىماپتۇ.

ئاچ قورساق كۆك پىياز يەپتۇ.

ئاچ قورساققا ئاچچىقسۇ بېرىپتۇ.

ئاچ قورساققا گەپ ياقماس.

ئاچ قورساققا ئۇيقۇ كەلمەس.

ئاچ قورساققا يېسە، مېغىز تېتىمىدۇ،
توق قورساققا يېسە سېغىز تېتىمىدۇ.

ئاچ قويىنىدا نان تۇرماس.

ئاچ قۇرت بالىسىنى يەيدۇ.

ئاچ قۇش ئىگىسىنى ئالىدۇ.

ئاچ كۆز ئېھساندىن قاچار،
بېخىل مېھماندىن (قاچار).

ئاچ كىشى ئۇرۇشقاق كېلەر،
ئورۇق كىشى تىرىشقاق (كېلەر).

ئاچ مېلىم — بار مېلىم،
توق مېلىم — يوق مېلىم.

ئاچ ئوسۇرار،
توق كېكىرەر.

ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس.

ئاچ ئېيىق ئويىنىماس.

ئاچ ئىت ئاش ئىچسە توق ئىت خىرقىراپتۇ.

ئاچارچىلىقتا بەرگەن ناننىڭ تەمى كەتمەس.

ئاچارچىلىقنى كۆپ كۆرگەن ئۆزى تويماي، «مە» دېمەس،
يېتىملىكنى كۆپ كۆرگەن ئۆن چىقارماي «هە» دېمەس.

ئاچسا ئېمىپتۇ،
هارسا مىنىپتۇ.

ئاچقان ئاش تاللىماس،
قاچقان يول (تاللىماس).

ئاچقان خام دېمەيدۇ،
كەمتەر نام (دېمەيدۇ).

ئاچقاندىن نان سورىغۇچە،
هارغاندىن يول (سورا).

ئاچقانغا قازان ئاستۇرما،
توڭلىغانغا ئوت ياقتۇرما.

ئاچلىق بىلەن توقلۇقنىڭ ئارىسى بىر قوۋۇز نان.

ئاچلىق نېمىنى يېگۈزمەس،
توقلۇق نېمىنى دېگۈزمەس.

ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا تاشلىما.

ئاچلىقنى ياستۇق كۆتۈرەر،
توقلۇقنى ياشلىق (كۆتۈرەر).

ئاچلىقنىڭ تېگىدە ھېكمەت بار،
توقلۇقنىڭ تېگىدە غەپلەت (بار).

ئاچنىڭ ئاچچىقى تاغدىن ئېگىز.

ئاچنىڭ ئاچچىقى يامان،
توقنىڭ شوخلۇقى (يامان).

ئاچنىڭ غېمى ئاشتا،
تازنىڭ غېمى چاچتا.

ئاچنىڭ غېمى يېرىم نان.

ئادەتنى تاشلىغان ئاغرىققا يولۇقۇر.

ئادەم ئادەمگە مېھمان،
جان تەنگە (مېھمان).

ئادەم ئادەمدىن تەقسىرات كېتىدۇ.

ئادەمگە ئادەم يات ئەمەس.

ئادەمگەرچىلىك ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئادەمگەرچىلىكنىڭ تۈرى قىرىماس.

ئادەمنىڭ ئۆزى ئۆلۈغ،
مېھماننىڭ يۈزى ئۇلۇغ.

ئارتۇق تۈزلاش ئازدىن يامان.

ئاز يە، كۆپ چاينا.

ئاز يېگەن تەنگە سىڭەر،
كۆپ يېگەن يەرگە (سىڭەر).

ئاز يېگەن توق يەيدۇ،
كۆپ يېگەن پوق (يەيدۇ).

ئاز يېگەننىڭ سۆزى ئاز،
جىق يېگەننىڭ بېشى تاز.

ئاش تاختىغا چىقتى پىشتى،
چاپان پاختىغا چىقتى پۈتتى.

ئاش تاۋۇقى كېرەك ئەمەس،
قاش - قاپىقى كېرەك.

ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ،
سۇ كەلسە سۇڭگۈچنى (ئاچ).

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئاش كەلسە يە،
سۆز كەلسە دە.

ئاش ئىگىسى بىلەن تاتلىق.

ئاش ئىگىسى بىلەن مەززىلىك.

ئاش يوق،
ئىشتەي يوق.

ئاشلىق — بەدەن ئوزۇقى،
بىلىم — ئەقىل بۇلىقى.

ئاشنى باداڭدىن سوراڭ،
ئىشنى كاداڭدىن (سوراڭ).

ئاشنى بۇزغان بىر سىقىم كىپەك.

ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن.

ئاش — پەيغەمبەر،
نان — ئەۋلىيا.

ئاغرىق قالسىمۇ ئادەت قالماس.

ئاغرىقنىڭ ئېتى — «ياخشى».

ئاق بار ئۆيدە بەرىكەت بار.

ئاقىل مېھمان ئۈنىمۇ سىنايدۇ،
بۇنىمۇ سىنايدۇ.

ئاقىل مېھمان ئۆزۈڭنىمۇ سىنايدۇ،
ئېلىڭنىمۇ (سىنايدۇ).

«ئال» دېگەندە يۈدۈپ ماڭار پىلنىمۇ،
«بەر» دېگەندە قىمىشتالماس قىلنىمۇ.

ئالتە ياشلىق يولدىن كەلسە، ئاتمىش ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ.

ئالدىدا كەلگەن ئورۇن ئۈچۈن، كېيىن كەلگەن تاماق ئۈچۈن.

ئالدىرىغاننى تۈتما،
توقنى زورلىما.

ئالما يەپ دەرد تارتقۇچە،
بېھى يەپ ئۆلگەن ياخشى.

ئايدا يېگەن توق،
كۈندە يېگەن ئاچ.

## ئە

ئەتكەن ئېشىڭ شۇ بولسا،
ئىسسىتقان ئېشىڭ نە بولۇر.

ئەتىيازدا كەلگەن مېھماندىن كۈزدە كەلگەن ئوغرى ياخشى.

ئەخمەق مېھمان ساھىبخانىنى كۈتۈپتۇ.

ئەسقاتمىغان دەريادىن،
ئەسقاتقان كۆلچەك ياخشى.

ئەسكى مېھمان ئىشىكتىن كىرگۈچە،
كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.

ئەل بەرگەندە دوستۇڭ بولسۇن،
يەر بەرگەندە قوشناڭ (بولسۇن).

ئەل توي بىلەن بولدى،
بۆرە قوي بىلەن (بولدى).

ئەلچىگە ئەيىب يوق.

ئەلچىگە ئۆلۈم يوق.

## ب

بارى بىلەن بازار.

بارىنى بەرگەن ئۇيالماس.

باشقا يەرنىڭ ئادىتى باشقا.

بەرىكەت ــ بېرى كەل،
مەينەت ــ نېرى كەت.

بەزى چاغدا مېھمان كېلۈر، بەتتە - پولۇ ئەتكۈدەك،
بەزى چاغدا مېھمان كېلۈر، بېرىپ قوڭخغا تەپكۈدەك.

بەش ياشلىق مېھماندىن بەش ئاتلىق مېھمان ياخشى.

بولسا ھەرنېمە ئوخشايدۇ،
بولمىسا لايدا توختايدۇ.

بولغان تالغا ئېشەك كاللىسى ئېسىپتۇ.

بولغانچە بولغۇسى كەپتۇ.

بويتاقنى ئەلچى قىلماس.

بۇغداي نېنى مېھمانغا ياخشى،
قوناق نېنى قېتىمقا (ياخشى).

بۇغداي نېنى ياخشى،
ئېيتقۇزىدۇ ناخشى.

بېخىل مېھماننىڭ قولىغا قارايدۇ،
سېخىي مېھماننىڭ يولىغا (قارايدۇ).

بېلىمنى ئاغرىتقان گېلىم.

بىر ئاچقانغا سۆزلىمە،
بىر هارغانغا.

بىر جايدا يىغا،
بىر جايدا توي.

بىر قارنىم بار،
ئاچتىن ئۆلمەس.

بىر قېتىم تۇزنى تېتىغان يەرگە،
مىڭ قېتىم تازىم قىل.

بىر كۆزى ئاسمانغا قارىسا،
بىر كۆزى قاسقانغا قاراپتۇ.

بىر كۈن مېهمان،
ئىككى كۈن مېهمان،
ئۈچىنچى كۈنى خىمان.

بىرسى ئاچپاقىلىقتىن كۈلىدۇ،
بىرسى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ.

بىرسىنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولساڭ بالىسىدىن سورا.

بىرى، ئۆلۈك ئۇششۇق،
يەنە بىرى، مېهمان ئۇششۇق.

بىزنىڭكىگە كەلسە يەپلا،
سىزنىڭكىگە بارسا گەپلا.

«بىسمىللا» دېسەڭ، تىشىڭدا دە، دېمىگەنلەر دېسۇن،
«شۈكرى» دېسەڭ ئىچىڭدە دە، يېمىگەنلەر يېسۇن.

## پ

پولۇ دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ بوغۇزى.

پېشمىغان ئاشتىن، خام كاۋا ياخشى.

## ت

تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،
تاپالمىغىنى چۈجە خوراز.

تارىمىغان چاچنىڭ زىننىتى بولماس،
چاقىرمىغان مېھماننىڭ ئىززىتى (بولماس).

تاسما يېگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگىچە قالماس.

تاغ يۆتكەلسىمۇ،
مىجەز يۆتكەلمەس.

تاللىمىغان غىزا قورساقنى ئاغرىتار.

تاماق گۆشتە ئوخشايدۇ،
زىرائەت دۆشتە (ئوخشايدۇ).



www.uyghurkitap.com

تاماق يېسەڭ بېشىڭنى پەس تۇت.

تاماقنى چاينىماي يېمە،
گەپنى ئويلىماي دېمە.

تاماقنى كۆپ يېسەڭ قارنىڭ بۇزۇلار،
غەمنى كۆپ يېسەڭ بەدىنىڭ (بۇزۇلار).

تاماقنىڭ تەمىنى قوشۇق بىلمەس.

تاماقنىڭ خۇرۇچى ھەر ئۆيدە بار،
تاماق قىلغۇچى بىر ئۆيدە (بار).

تاۋاق تارتقاندا تىلىڭنى تارت.

تەسەللا تەكلىپ قىلاي كۆڭلى قالمىسۇن،
ئورۇق ئاتقا بوغۇز بېرەي يولدا قالمىسۇن.

توق ئاچ بىلەن ئوينىمايدۇ،
ئاچ «توق بولىمەن» دەپ ئويلىمايدۇ.

توقلۇقتا قوي قۇيرۇقى ئەمەن تېتىيدۇ.

توقنىڭ تىلىكى تىللا.

توقنىڭ كۆزىگە ئاچ كېكىرگەندەك كۆرۈنەر.

توقنىڭ كۆزىگە ئۆلۈكمۇ كېكىرگەندەك بىلىنەر.

توڭلىغانغا يوتقان سال،
ئاچقانغا داستىخان (سال).

توي باھانىسىدا تون پۈتۈپتۇ.

توي تۆكۈندىن باشلىنىدۇ،
زىياپەت چۆگۈندىن (باشلىنىدۇ).

توي دېسە قورۇق كالا دومىلاپتۇ.

توي قىلىشتىن بۇرۇن ئىككى كۆزۈڭنى چوڭ ئاچ،
تويدىن كېيىن بىر كۆزۈڭنى يۇمۇۋال.

توي نەغمە ـ ناۋا بىلەن،
ئۆلۈم يىغا ـ زارە بىلەن.

توي ئىشى ــ كۆڭۈل ئىشى.

توي يات بىلەن ياخشى،
بەيگە ئات بىلەن (ياخشى).

تويار ئاشنى كۆز بىلىدۇ.

تويدا كۆرگەن دوستۇڭنى ئۆلۈمدە سىنا.

تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار.

تويغا بارساڭ تونلۇق بار،
بۆز خالتاڭنى قويۇپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
تاۋار ـ دۇردۇن كىيىپ بار.

تويغان يەرگە توققۇز كۈن تەزىم.

تويغانغا قورساق يېرىلماس،
خۇشلۇققا بۆرەك يېرىلماس.

تويمىغاندىن ئاشقاننى يېمە.

توينىڭ ئەلچىسى بولغۇچە،
باينىڭ غالچىسى بول.

توينىڭ بولغىنىدىن — «بولدۇ»سى قىزىق.

توينىڭ تاماشىسى ئاز،
تالىشى تولا.

توينىڭ نىكاھ پەتىسى بار،
مېھماننىڭ كەلدى ـ كەتتىسى (بار).

تۆز ھەققى — خۇدا ھەققى.
تۆزنىڭ يولى ئۇلۇغ.

تۇيۇقسىز كەلگەن مېھمان،
ئوغرى توقمىقىدىن يامان.

تۆپىسى — ئاش،
ئوتتۇرىسى — ئۇماچ،
ئاستى — قوتۇرماچ.

تۆگە بىلەن دوست بولساڭ،
تۆگىخانا سال.

تۆھپىگە — تۆگە.

تۈزنىڭ يولى ئۇلۇغ.

تۈگمەن ئاتاڭنىڭ بولسىمۇ،
نۆۋىتىڭگە باق.

تۈگمەن نۆۋىتى بىلەن.

تۈگۈرۈپ يېگەن مېھماندىن قورق.

تىرىككە مېھمان لازىم،
ئۆلۈككە ئىمان لازىم.

## ج

جېنى بارنىڭ گېلى بار.

جىق ئىشىم لاۋزا ئىشىم،
ئاز ئىشىم تاتلىق ئىشىم.

# چ

چاقىرغان مېھمان خۇدايى مېھمان،
ئۆزى كەلگەن مېھمان بالايى مېھمان.

چاقىرغان مېھماننىڭ كۆڭلىنى تاپماق تەس.

چاقىرغاننىڭ ئېتى ئۇلۇغ.

چاقىرمىغان تويغا داخىل بولغۇچە،
ئەسكى راۋابقا ناخۇل بول.

چاقىرمىغان مېھمان ئەستاغپۇرۇللا،
چاقىرغان مېھمان بىسمىللا.

چاقىرمىغان مېھماننىڭ كۆڭلىنى تاپماق قىيىن.

چاقىرمىغان مېھماننىڭ ئىززىتى يوق،
چاينىمىغان ناننىڭ لەززىتى (يوق).

چاقىرمىغان يەردە پۇتىمىغان چوماق بار.

چاقىرمىغان يەرگە بارغۇچە،
غازاڭ قېقىپ قويۇڭنى باق.

چاقىرمىغاندا بېسىپتۇ مېھمان،
ئاش كەلگەندە قېچىپتۇ ئىمان.

چاقىرمىغاننىڭ ئېتى ئۇلۇغ.

چاقىرىلغان مېھمان پۇتىغان تاياق.

چاقىرىلمىغان مېھمان سۇپۇرۇلمىگەن يەردە ئولتۇرۇپتۇ.

چاقىرىلمىغان مېھمان قارشى ئېلىنماپتۇ.

چاقىرىلمىغان مېھمان،
قېرى قىزدىن يامان.

چاينىماي يۇتقان تاماقنىڭ تەمى يوق.

چۆچۈرە چۆرۈلگۈچە،
ئۇگرە ئۆرۈلگۈچە.

چۆچۈرە كۆلدە پىشار،
مانتا چۆلدە (پىشار).

چۆچۈرە يېيىشتىن مەقسەت ـــ گۆش يېمەك.

چۈشنى دوستۇڭغا ئېيتما،
دۈشمىنىڭگە ئېيت.

# خ

خالتىدىن خەۋەرسىز مېھمان باشلاپتۇ.

خەقنىڭ گۆرىگە خەق كىرمەس.

خوتۇن ئۇرۇشقاق بولسا،
ئالەمنىڭ تىنچلىقى بىلىنمەس.

خوتۇنۇڭ پۇچەك بولسا،
مېھمىنىڭ مۇتتەھەم بولۇر.

خوشمۇ خوش،
داڭقاندا گۆش.

# د

داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات.

داستىخىنىڭ كەڭ بولسا،
يۈزۈڭ چوڭ بولۇر.

دوزاخقا ئۆگەنگەن بېھىشقا كۆنمەس.

دوك كىشى گۆرگە كىرگەندە تۈزۈلىدۇ.

## ز

زاڭغا تويمىغان نانغا تويماس.

## س

سالام قىلماق پەرز،
ئىلىك ئالماق قەرز.

سالامچى بولساڭ تۆرگە ئۆت.

ساھىبخانا بارىنى قويسا،
مېھمان ئاز كۆرمەس.

ساھىبخانا سۆلەتلىك بولسا،
سۈپرىسى بەرىكەتلىك بولۇر.

ساھىبخانا مېھماندوست بولسا،
ئۆيدە مېھمان ئۆكسۈمەس.

ساھىبخانا هارماي ئىشلەر،
مېھمان يالماپ چىشلەر.

سەن كەلسەڭ، نېمە ئېلىپ كېلىسەن،
مەن بارسام، نېمە ئېتىپ بېرىسەن؟

سەنلىسە، سىزلە،
تاشلىسا، ئىزدە.

سەۋزە، گۆرۈچ ئاش بولۇر،
مېھمان كۆڭلى خۇش (بولۇر).

سوراپ بەرگۈچە، ئۆرۈپ بەر.

سۇ ئىككى دومىلىسا ھالال.

سۆز بىلەن پولۇ پىشماس،
ماي بولغان بىلەن گۆرۈچ (پىشماس).

سۇپۇرگە — ئۆي خىزمەتكارى.

سۇپۇرۇلمىگەن ئۆيگە مېھمان كەپتۇ.

سىرىقتالدا كەلگەن مېھمان،
ئوغرى كەلگەندىن يامان.

سىڭىلىڭ ئىشىكىڭ ئەلگە ئوچۇق بولسا،
ئەل ئىشىكى ساڭا ئوچۇق.

سىڭگەننى يە،
ئاشقاندا بە.

سىڭگىنى ئاش،
سىڭمىگىنى تاش.

سىڭمىگەن پولۇدىن سىڭگەن ئوماچ ياخشى،
مىننەتلىك ئېشىڭدىن ئاچ يۈرگىنىم ياخشى.

## ش

شاپاق ـ شالتاقنى يە، كۆتۈرمە،
دوست ـ يارەنگە دە، چۆكۈرمە.

شەرم ـ هايا ئىمان بىلەن،
ئۆي ـ بەرىكەت مېھمان بىلەن.

شەيتاننى «توپا يەمسەن» دېسە، «يېغى بارمىكىن» دەپتۇ.

## ق

قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا،
بوراندا بوتقا ياخشى.

قازان بېشىدىكى ئادەم بۇس بىلەن تويىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورساق توق،
كۆڭۈل خۇش.

قورساق دېگەن شىرە،
يەۋەرسە كىرە.

قورساقتا نان بولسا،
بىلەكتە جان بولىدۇ.

قورساققا نان كىرە،
بەدەنگە جان كىرىدۇ.

قورساقنى كەڭ تۇتساڭ،
بىر ساپ ئۇزۇم قىرىق ئادەمگە يېتىدۇ.

قورسىقى ئاچ مۇنارغا مۇشت تەڭلەپتۇ.

قورسىقى ئاچنىڭ ئاچچىقى يامان.

قورسىقى ئاچنىڭ قۇلىقى گاس.

قورسىقى ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا،
قورسىقى توقنىڭ كۆزى ئۇستىباشتا.

قورسىقى تويسىمۇ كۆزى تويماپتۇ.

قورسىقى كەڭنىڭ ئۇيقۇسى تاتلىق.

قوشناڭ يامانلىق قىلسا،
سەن نادانلىق قىلما.

قوشناڭ يىغلىغاندا كۈلمە.

قولغا ئۆگەنگەن بالا يەرگە چۈشمەس.

قونغۇچە مېھمان ئۆيىلار،
قونغاندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ئۆيىلار.

قوي يوق چاغدا قۇربان كېلەر،
نان يوق چاغدا مېھمان (كېلەر).

قوينى شاپاقتا زورلىما،
مېھماننى تاماقتا (زورلىما).

قۇرۇق سۆدىن كاچات ياخشى.

قۇرۇق ئۈستەلدە سۆھبەت قىزىماس.

قونۇچى قونۇچىنى كۆرەلمەس،
ئۆي ئىگىسى ھەر ئىككىلىسىنى (كۆرەلمەس).

قىرىق ئاغچا ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

قىزىل ئەت كېتەر، قىزىل بەت قالار.

كاۋاپ نېمىشقا تاتلىق؟
— چالا - بۇلا پىشقاچقا.

كەچقۇرۇنلۇقى قىچارغان خورازدىن قورق.

كەچقۇرۇنلۇقى قىچارغان خورازنىڭ كاللىسىنى ئال.

كەل دېمەك بار،
كەت دېمەك يوق.

كەلسىلە قارىم، سىلىنىڭ ئولتۇرىدىغان يەرلىرى ئايرىم.

كەلگەن مېھمان ئالتە،
قونغان چېۋىن ئاتمىش.

كەلگەندە ئىززىتىنى قىل،
كەتكەندە ھۆرمىتىنى (قىل).

كەلگەننى ھەيدىمە،
كەتكەننى قوغلىما.

كەلمەك مېھماندىن،
كەتمەك ساھىبخاندىن.

كەلمەك ئىرادە،
يانماق ئىجازەت.

كۆرپە سالساڭ تىز ئۈيىلار،
داستىخان سالساڭ يۈز (ئۈيىلار).

كۆرپە سېلىش — ھۆرمەت،
داستىخان سېلىش — ھىممەت.

كۆز تويسا قورساق تويار.

كۆڭلەك كىرىنى سوپۇن ئالۇر،
كۆڭۈل كىرىنى چاي (ئالۇر).

كۆڭۈل سورىغان كۆڭۈلگە ياخشى.

كۈتكەندە مېھمان كەلمەپتۇ،
ياسانغاندا توي بولماپتۇ.

كۈندە مېھمان كەلمەس،
ياسانغاندا يىغا (كەلمەس).

كۈندە يېگەن ئاچ (بولۇر).

كېچىدە كەلگەن مېھماندىن ئوغرى ياخشى.

كېڭەشلىك توي بۇزۇلماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتىدۇ ـ كېتىۋاتىدۇ جاھاننىڭ ئىشى،
ياتنى تۇغقان قىلغان قازاننىڭ ئىشى.

كىچىكىدە جاپا كۆرگەن قېرىغاندا ھالاۋەت كۆرەر.

كىيىم پىچساڭ بويىغا قارا،
قازان ئاسساڭ مېھمانغا (قارا).

## گ

گادايغا بەرگىنىڭ ــ خۇداغا بەرگىنىڭ.

گۆش يېسەڭ چىشقا كىرىدۇ،
يېمىسەڭ چۇشكە كىرىدۇ.

## ل

لەغمەن ــ كۆڭۈل خۇشى،
سۇيۇقئاش ــ كۆزنىڭ يېشى،
پولۇ ــ جان ئوزۇقى.

www.uyghurkitap.com

# م

مېنىڭ مەردلىكىمنى خەقنىڭ داستىخىنىدا كۆر.

مېھمان ئاتاڭدىن ئۇلۇغ.

مېھمان ئاز ئولتۇرار،
كۆپ سىنار.

مېھمان ئاش دەپ كەلمەس.

مېھمان ئەتىگەندە ئالتۇن،
چۈشتە كۈمۈش،
كەچتە مىس.

مېھمان بەرگەننى يەيدۇ.

مېھمان بولسا ئۈچ كۈنلۈك،
ئېشىپ كەتسە كەچكۈلۈك.

مېھمان بولساڭ بىر كۈن بول،
مالاي بولساڭ قىرىق كۈن (بول).

مېھمان بولساڭ قورقاق بول.

مېھمان بولمىغان مېھمان ئۆزىتالماس.

مېھمان بىر كۈن تۇرسا تېتار،
ئىككى كۈن تۇرسا سېسار.

مېھمان رىزقى بىلەن كېلىدۇ.

مېھمان ساھىبخانىغا ئەزىز،
ساھىبخانا مېھمانغا (ئەزىز).

مېھمان سوراپ كەلمەس.

مېھمان قوزىدەك ياۋاش،
خېنىمدەك نازۇك.

مېھمان قويدىن ياۋاش،
ماي بەرسەڭ يەۋېرىدۇ.

مېھمان كەلسە ئەت پىشار،
ئەت پىشمىسا بەت پىشار.

مېھمان كەلسە چاپتۇرار،
بار - يوقىنى تاپتۇرار.

مېھمان كەلسە قوش كېلۇر،
ئۆچەي - قورساق بوش (كېلۇر).

مېھمان كەلسە قوندۇرما،
قوندۇرساڭمۇ توڭدۇرما.

مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر.

مېھمان كەلسە نان ئۇشات،
دوستۇڭغا قورساق بوشات.

مېھمان كەلسە ئۆيۈڭگە،
كۆچەپ قالما ئۇنۇڭگە.

مېھمان كەلسە ئۆيۈڭگە
ئۇرۇپ سالما چىنەڭگە.

مېھمان كىرگەندە چۆمۈچنى تاراڭلاتما.

مېھمان مېھماندىن قىزغىنار،
ئۆي ئىگىسى ھەر ئىككىسىدىن قىزغىنار.

مېھمان مېھماندىن قىزغىنىپتۇ،
ئۆي ئىگىسى ھەر ئىككىلىسىدىن (قىزغىنىپتۇ).

مېھمان ھەم ئۇششۇق، ھەم ياۋاش.

مېھمان ئۈچ كۈن قونار.

مېھمان ئىككى كۈن ئەزىز.

مېھماندارچىلىقتىن يامانلىساڭ،
مېھمان چاقىرىپ باق.

مېھماندىن ئايىغان ئاش،
بېشىغا تەگكەن تاش.

مېھماندىن بۆرۈن خىزىر كېلىدۇ.

مېھماندىن سوراپ تۆگە سويغۇچە،
سورىمايلا سوغۇق سۇ قوي.

مېھمانغا ئاش قوي،
پۇت - قولىنى بوش قوي.

مېھمانغا تار بولغان،
دوستقا زار بولۇر.

مېھمانغا قاراپ خۇرۇچ ئال،
گۆش - ياغقا قاراپ گۇرۇچ (ئال).

مېھمانغا ئىت ياقماس.

مېھمانغا ئىسسىق ئېشىڭ بولمىسىمۇ،
ئىللىق سۆزۈڭ بولسۇن.

مېھمانلارنى كايىتىپ،
دۆڭ تاۋاقنى يېيىتىپ.

مېھماننى ئاچ قويساڭمۇ كەچ قويما.

مېھماننى ئاز كۈت،
ساز كۈت.

مېھماننى تۆرگە باشلا.

مېھماننى كەچ قويساڭ قوي،
ئاچ قويما.

مېھماننى ئۇزاق تۇرسۇن دېسەڭ ئۇلىغىنى ئوبدان باق.

مېھماننى ئۆيگە سولاپتۇ،
ئۆزى چىقىپ يۇرت سوراپتۇ.

مېھماننى ئىشقا بۇيرۇما،
ھاجەتمەننى قۇرۇق قول ياندۇرما.

مېھماننىڭ دىدارى غەنىيمەت.
مېھماننىڭ رىزقى ئۆزىدىن بۇرۇن كېلەر.

مېھماننىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن.

مېھماننىڭ قەدرى ئۈچ كۈن.

مېھماننىڭ قولىغا قارىما،
يولىغا قارا.

مېھماننىڭ كۆڭلى قىلدىن ئىنچىكە،
تۈكتىن نۇزۇك.

مېھماننىڭ كۆڭلى ــــ خۇدانىڭ كۆڭلى.

مېھماننىڭ كېتىشىنى سورىماي كېلىشىنى سورا.

مېھماننىڭ كېلىشى ئۆزىدىن،
كېتىشى ئۆي ئىگىسىدىن.

مېھماننىڭ كېلىشى، ئۇننىڭ تۇغۇشى، تۇغمەننىڭ يېتىشى تەڭ كەپتۇ.

مېھماننىڭ كېلىشى — ئۆيۈڭگە بەرىكەت.

مېھماننىڭ مەستلىكى كەيپ،
ساھىبخاننىڭ مەستلىكى ئەيىب.

مېھماننىڭ ئوبدىنى تاماق خىلىلىماس.

مېھماننىڭ ئولتۇرۇشىغا قاراپ كۆت،
قوپۇشىغا قاراپ ئۇزات.

مېھماننىڭ ئۆزى زىل،
كۆڭلى قىل.

مېھماننىڭ ئۆزىنى باقما،
ئېتىنى باق.

مېھماننىڭ ئېتىمۇ مېھمان،
ئىتىمۇ مېھمان.

مېھماننىڭ ئىسمى بەسى،
ھەپتىدىن ئاشسا سېسى.

مېھمىنى كۆپ ئۆينىڭ قازىنى قۇرۇماس.

مېھمىنىڭ قەدىرلىك بولسا،
قازىنىڭ تېز قاينار.

مىزبان سايراپ ئولتۇرسا،
مېھمان يايراپ ئولتۇرار.

ن

نان تۇگەپ قالغاندا ئۇۋاتلىق مېھمان كەپتۇ.

نان دېگەن ھەمراھ.

نان قۇرئاندىن ئۇلۇغ.

ناننى ئوخشاتقان تونۇرى،
ئاشنى ئوخشاتقان ھۈنىرى.

ناۋاي بولمىغۇچە ناننىڭ قەدرى ئۆتۈلمەس.

نەشپۈتنى نەۋرەڭگە بەر،
شاپتۇلنى مېھمانغا (بەر).

نەشپۈتنى ئۆزۈڭگە قوي،
شاپتۇلنى مېھمانغا (قوي).

نەغمىسىز توي بولماس،
يىغىسىز ئۆلۈم (بولماس).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەغمىسىز شاراب ــ قامچىسىز ئازاب.

ھ

ھالۋىنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ.

ھېيتنى ھېيت قىلغان ناغرا.

ھېيتنىڭ كېلىشىدىن «كېلىدۇ»سى قىزىق.

ئو

ئولتۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى،
ساقايمىغان كېسەلنىڭ ئۆلگىنى (ياخشى).

ئويۇن ئىككى چىشلىق بولماس.

ئويۇننىڭ ئېزى ياخشى.

ئۇ

ئۇچرىغانغا سالام قىل،
ئۆز يولۇڭنى داۋام قىل.

ئۇماچ ئىچسەڭمۇ پۇۋلەپ ئىچ.

ئۇماچ ئىچسەڭمۇ چايناپ يۇت.

ئۇن ھەر ئۆيدە، نان بىر ئۆيدە.

ئۇياتلىق مېھمان يامان چاغدا كېلۇر.

## ئۆ

ئۆتەڭگە يەتمەي نېنىڭنى تۇگەتمە،
ئورما كەلمەي ئېشىڭنى (تۇگەتمە).

«ئۆتمىدى» دېگەن توقلۇقتىن،
چۆنەك بۇزار شوخلۇقتىن.

ئۆردەكتە مېھمان قىلغاننى غاز بىلەن كۇتۇۋال.

ئۆزى كەلگەن مېھماننىڭ رىزقى بىللە.

ئۆزىنىڭكىدە ئاش ئەتمەس،
كىشىنىڭكىدە يەپ تويماس.

ئۆلەڭگە يۆگىسە، ئۆي يېمەيدۇ،
پوشكالغا يۆگىسە، ئىت يېمەيدۇ.

ئۆلگەندىن كېيىن ياخشى دېيىلەر.

ئۆلۈك چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈن سۆز - چۆچەك.

ئۆلۈك ئۆيدىن چىقار،
ئورنىغا سەۋر كىرەر.

ئۆلۈككە يىغلا،
تىرىكنى ئاسرا.

ئۆلۈمگە ئاغۇ يوق،
ئۆلگەنگە ـــ قازا.

ئۆيدە مېھمان بار چاغدا بىر سۆز كۆپايە.

ئۆيگە كىرگۈچە مېھمان ئۆيلىدۇ،
ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ـــ ئۆي ئىگىسى.

ئۆينى كېپەككە ئال،
قوشناڭنى ئالتۇنغا (ئال).

ئۆيىنىڭ تۆرىگە قارىما،
ساھىبجامالنىڭ تەرىگە قارا.

ئۆيىنىڭ تۆرىگە قارىماي،
ساھىبخانىنىڭ چىرايىغا قارا.

ئۆيىنىڭ كۆركى مېھمان.

ئۆينىڭ كۆركى — داستىخان،
داستىخانىنىڭ كۆركى — نان.

ئۆيۈڭ تار بولسىمۇ داستىخىنىڭ كەڭ بولسۇن.

ئۆيۈڭ كىچىك بولسىمۇ،
نېنىڭ چوڭ بولسۇن.

ئۆيۈڭگە مېھمان كەلگەندە، توخۇنى تاخ دېمە، مۇشۇكنى پەش دېمە.

## ئۇ

ئۇچىنچى كۈنى ماياق،
تۆتىنچى كۈنى تاياق.

ئۇگرە ئەتسەڭ تۇزۇك ئەت،
ئېتەلمىسەڭ ئۇزۇپ ئەت.

## ئي

ئىشىڭ ئاز بولسىمۇ،
پەيلىڭ ساز بولسۇن.

ئىغىز يېسە،
كۆز ئۇيىلار.

## ئى

ئىت قۇربانلىققا يارىماس.

ئىت ھۆۋلىغان يامان.

ئىگىسىنى سىيلىساڭ،
ئىتىغا سۆڭەك سال.

ئىتنى كەت دېمە،
مېھماننىڭ كۆڭلىگە كېلەر.

ئىتنىڭ كۆزى يالاقتا،
ئاچنىڭ كۆزى ئاياقتا.

ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ،
سوراپ كىر.

ئىككى قېتىم بولغان ئۆچىنچى قېتىم بولماي قالمايدۇ.

## ي

ياخشى ئاش ئۈستىگە كىرەر،
يامان سۆز ئۈستىگە (كىرەر).

ياخشى ئاش ئىشىپ قالغۇچە،
يامان قورساق ئىتىلىپ كەتسۇن.

ياخشى مېھمان چىللىسىمۇ كېلىدۇ،
تىللىسىمۇ كېلىدۇ.

ياخشى مېھمان غىزا ئۈستىگە كېلىدۇ،
يامان مېھمان ئىزا ئۈستىگە (كېلىدۇ).

ياخشىنىڭ گېپىنى قىلساڭ ئۆزى كېلەر.

ياردەم قىلدىڭ — خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ — يوق قىلدىڭ.

ياغ يەپ يالىڭاچ يات.

يەپ تۇر،
بەك تۇر.

يەتكۈزەي دېسەڭ ئۇماچ ئەت،
تۈگىتەي دېسەڭ كۆمەچ (ئەت).

يەرگە قاراپ ھۈۋلىغان ئىتتىن قورق.

يوقلۇقتا ئاچچىق غورا ھالۋا تېتىيدۇ.

يېقىن سۇ ھالال.

يىگەننىڭ يىلى بار،
يىمىگەننىڭ دەردى (بار).

يىمەك لەززىتى — مىھمان ئىززىتى.

يىمىگەننىڭ ئاغزىغا تاش.

يىراقتىكى مىھماننىڭ ئىشىكىنى باغلىغۇچە،
يىقىندىكى مىھمان ئۇزاپتۇ.

يىغىسى يوق ئۆلۈم بولماس،
كۈلكىسى يوق توي.

يىقىلساڭ، يەر كۆتۈرەر.

www.uyghurkitap.com



# توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، بالا - قازا، بەخت - تەلەي توغرىسىدا

# ئا

ئاپەتنىڭ كەينى ئامەت.

ئات بېشىغا كۈن كەلسە، يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر،
ئەر بېشىغا كۈن كەلسە، ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.

ئاتتىن يىقىلساڭ پاختىغا چۈشسەن،
ئېشەكتىن يىقىلساڭ تاختىغا چۈشسەن.

ئاتتىن يىقىلغان يۇمشاق چۈشەر،
ئېشەكتىن يىقىلغان قاتتىق (چۈشەر).

ئاچ قورسىقىم — تىنچ قورسىقىم.

ئاچ قۇيرۇقى يېشىلەر،
غەم قۇيرۇقى يېشىلمەس.

ئاچچىقنى بىلمىگەن تاتلىقنى بىلمەس.

ئاداشقانغا ياماشقان.

ئادەمدىن ئامەت قاچسا،
ئاق يەردە تۈلكە كۆرۈنۈپتۇ.

ئادەمگە ئامەت كەلسە،
تۆگە مايىقى ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ.

ئازاد ئادەمگە ئالەم كەڭ.

ئاسقۇدا گۆش بولسا ھامىنى بىر كۈن ئەسقاتىدۇ.

ئاسمان يىراق يەر قاتتىق،
ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق.

ئاسماندىن تۆگە ياغسا،
تۇمار قىپپى تەگمەپتۇ.

ئاش باردا ئىشتەي قاچتى،
ئىشتەي باردا قېنى ئاش؟

ئاش قەدرىنى بىلمىسەڭ،
ئاچلىق بىرەر جاجاڭنى.

ئاغرىغان يەرگە تاش تېگەر.

ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق.

ئاغزى ئاشقا تەگكەندە،
چىشى تاشقا تېگىپتۇ.

ئالدىرىغاننىڭ تاپىنى قىچىشار.

ئالدىرىغاننىڭ ئوشۇقى تېيىپتۇ.

ئاللا ئىگەم دوست، كەلگەن بالانى توس!

ئامەت بىلەن ئاپەت بىر تۇغقان.

ئامەت تاق كېلەر، قازا جۈپ كېلەر.

ئامەت كەلسە تازنىڭ بېشىغا تۈك ئۈنەر.

ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ،
جۈپ لېگەندە ئاش (كەپتۇ).

ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ،
گەر كەلمىسە مۈشت (كەپتۇ).

ئامەت كەلسە ئىشىك ـ تۇڭلۇكوڭنى ئېتىۋالساڭمۇ كىرەر.

ئامەت كەلگەندە قاپمۇ، خۇرجۇنمۇ تولار.

ئامەت كەلگەندە هوشيار بول،
ئامەت كەتكەندە قەيسەر (بول).

ئامەت كەلگەندە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال.

ئامەت ئوڭدىن كەلسە،
تەلەي دۆڭدىن كېلەر.

ئامەتلىكنىڭ شېشىسى، تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىنى سۇندۇرۇپتۇ.

ئامەتنى تەلەپ قىل،
ئاپەتكە سەۋەب (قىل).

ئامىتى قاچقان كىشىنىڭ هالۋىسى چىشىنى چاقار.

ئامىتى كەلگەن كىشىنىڭ شىشىسى تاشنى چاقار.

ئامىتىڭ كەلگەندە بىر شاپتۇلۇڭ مىڭ قاق بولۇر،
ئامىتىڭ قاچقاندا ئۈتتۈرسىنى هەرە يەپ، چۆرىسى قاسقان بولۇر.

ئامىتىڭ كەلگەندە تاش ئالساڭ ئاش بولۇر،
ئامىتىڭ كەتكەندە، ئالتۇن ئالساڭ تاش (بولۇر).

ئاي دالاغا ئاتقان ئوق،
ئەجىلى يەتكەنگە تېگەر.

## ئە

ئەجەب كەلدى تېپىلىپ،
ئىلمىكىمگە ئىلىنىپ.

ئەزمە ئويلانغۇچە تەۋەككۇلچى مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

ئەقىلسىز بەختلىك بولسا،
تورىسى تۆشۈك بولار.

# ب

باتۇرنىڭ كۆز يېشىنى كۆرمىگىچە،
ھەسرەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن.

باشتا كەلمىگەن تەلەيدە، ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى؟

باشقا چۈشكەننى كۆز كۆرىدۇ.

باشقىغا ئىچىڭ ئاغرىسا،
ئۆزۈڭنىڭكىگە كۆيەرسەن.

بالا كەلسە قوش كەپتۇ،
يەتتىلىسى تەڭ (كەپتۇ).

بالا كەلسە قوش كېلۇر،
ئامەت كەلسە تاق (كېلۇر).

بالا كەلسە، ھەممە باراۋەر.

بالا كۆرمەي بەختنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

بالا ـ قازا دەرەخ بېشىدا ئەمەس، ئادەم قېشىدا.

بالا ـ قازا قاش ـ كىرپىكنىڭ ئارىسىدا.

بالا ـ قازا قوشلاپ كېلىدۇ،
بىر ـ بىرىنى باشلاپ (كېلىدۇ).

بالا ـ قازا نەدە؟
قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا.

بالا ـ قازا يالغۇز يۈرمەس.

بالا ـ قازادىن ماشايىخمۇ قاچار.

بالا ـ قازانىڭ ئانىسى ـــ يەتتە بىر تۇغقان.

بالا ـ قازانىڭ كۆزى يوق.

بەخت بەلگىسى بىلىم.

بەخت تاقنى جۈپ قىلۇر،
قازا جۈپنى تاق (قىلۇر).

بەخت تۈڭلۈكتىن چۈشسە،
ئامەت ئىشىكنى تاقاپتۇ.

بەخت تىلەكتە ئەمەس، بىلەكتە.

بەخت قۇش ئەمەس، ئۇچۇپ كەلمەيدۇ،
هايات سۇ ئەمەس، ئېقىپ كەلمەيدۇ.

بەخت قۇشى ـــ بەختلىكلەر بېشىدا ئەگىيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەخت كېلەر جۈپ، دۆلەت كېلەر تاق.

بەخت گويا چۈشتۇر،
كېلىپ كېتىدىغان قۇشتۇر.

بەخت ئىزدىسەڭ ئىشچان بول.

بەخت يولى قىسقىدۇر، يېتىش قىيىن.

بەخت يۈملاق نېمە، باشتا توختىماس،
مەينەت ياپىلاق نېمە، تەپسە ئاجرىماس.

بەخت قۇش ئەمەس ئۇچۇپ كېلىدىغان.

بەخت ـ سائادەت ــ ئىتائەتتە.

بەخت، نەگە بارىسەن؟
ــ دوقا ماڭلايىنىڭ قېشىغا.

بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە، بېشىغا قۇم يېغىپتۇ.

بەختسىز قىز تېزەككە چىقسا،
كالىلار كۆلگە تېزەكلەپتۇ.

بەختسىزلىك ــ نادانلىقتۇر.

بەختسىزنى تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىت چىشلەپتۇ.

بەختسىزنىڭ ئوقىتىگە بەختلىك ئىگە بولۇپتۇ.

بەختنىڭ كۆزى قارىغۇ بولمىسا،
تازنىڭ بېشىغا قونارمىدى؟

بەختى بار تاپىدۇ،
بەختى يوق چاچىدۇ.

بەختى بارنىڭ رەختى يوق،
رەختى بارنىڭ بەختى (يوق).

بەختىكامنىڭ بەختى يوق،
بىتەلەيىنىڭ تەختى (يوق).

بەختىڭنى بازاردىن كۆر،
بازاردا كۆرەلمىسەڭ مازاردىن (كۆر).

بەختىڭنى پۇلدىن ئىزدىمە،
بىلىمدىن ئىزدە.

بەخت تىلەكتە ئەمەس، بىلەكتە.

بەختنىڭ ئانىسى ئەمگەك.

بەتبەخت دەرياغا كەلسە، سۈيى تارتىلار.

بەرگەنگە بېرىپتۇ تۇماقتەك،
بەرمىگەنگە بەرمەپتۇ قۇلاقتەك.

بەرمىگەن خۇدايىمنىڭ ياقىسىنى يىرتايمۇ.

بەرىكەت دىگەن خالتاڭدا ئەمەس، ئالىقاندا.

بەرىكەتنى ھەرىكەتتىن تىلە.

بەش گەز مۇز بىر كۈندە قاتمايدۇ.

بولسا ئادەم پىلانسىز،
كېتەر ئوقى نىشانسىز.

بولسا ئەگەر ئوغلىقىڭ،
بىلىنمەيدۇ يوقلىقىڭ.

بولسا قوللايدۇ،
بولمىسا خورلايدۇ.

بولسا كىشى كۆتۈرەلمەس،
كۆڭلى خۇشال يۈرەلمەس.

بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس،
بۇ مەينەت مەندە (تۇرماس).

بۇيرۇغان ئالار،
قۇتىرىغان قالار.

بۇيرۇغان ئالار،
يۈگۈرگەن قالار.

بۆرە كەلسە، بىر قويلۇققا كەپتۇ.

بۆكۈمنىڭ قۇندۇزىغا قارىماي،
ماڭلىيىمنىڭ يۇلتۇزىغا قارا.

بېشى قاپاقنىڭ هالى چاتاق.

بېشىڭغا دەرد كەلمىسە،
كۆزگە ياش كەلمەس.

بېشىغا هەر بالا كەلسە،
ئۆزۈڭنىڭ خۇي ـ پەيلىدىن كۆر.

بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە،
چىشىڭمۇ جىم تۇرماس.

بىقىنىمدا سانجىقىم بار، يۆتەل كۆتۈرمەيدۇ،
قورساقتا هۈنەر جىق، بازار كۆتۈرمەيدۇ.

بىئەجەل چۈشىن قىرىق يىللىق قىرغىنىدىمۇ ساق قاپتۇ.

بىئەجەل ئۆلەي دېسەڭ،
ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە يات.

بىتەلەي بۇغداي چاچسا، قىياق ئۈنەر.

بىتەلەي تالقان يېسە،
قارنىدىن بوران چىقار.

بىتەلەي تومۇزدا سوغا بارسا، مۈز توڭلاپتۇ.

بىتەلەي تۆگە مىنسە،
پۇتىنى ئىت چىشلەر.

بىتەلەي سۇغا چىقسا، دەريا قۇرۇپتۇ.

بىتەلەي سۇغا چىقسا، كالىلار سۇغا تېزەكلەپتۇ.

بىتەلەي ئوغرىلىققا چىقسا، ئايدىڭ بولۇپتۇ.

بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ.

بىتەلەيگە نۆۋەت كەلسە، تۆگىمەننىڭ سۈيى توختاپتۇ.

بىتەلەيگە يولۇقساڭ، ئىشىڭ خاراب.

بىتەلەينىڭ دورىسى يوق.

بىر غېرىب بولغان بىر مېھرىبان بولماي قالمايدۇ.

بىر قېتىم قەپەسكە كىرگەن قۇش ئىندەككە كەلمەس.

بىر مۇدۇرىگەن ئون مۇدۇرەر.

بىر ئوقتا ئىككى توشقاننى يىقىتىپتۇ.

بىر يەردە قېقىلىپ،
بىر يەردە كۇتۇلۇپتۇ.

بىزگە كەلگەندە تاغنىڭ سۈيى توختاپتۇ.

بىزنىڭمۇ ئېرىقلاردا سۇ ئېقىپ قالار.

بىغەرەزدىن بەخت قېچىپتۇ.

بىغەرەزدىن دوزاخ قېچىپتۇ،
تەلۋىدىن جىن (قېچىپتۇ).

بىغەمنىڭ خۇشاللىقى ــ كوسىغا چىققان ساقالچىلىك.

## پ

پاقىنىڭ بەختىدىن،
شۈڭقارنىڭ شورلۇقى ياخشى.

پېشكەللىك سۆزلەپ كەلمەس، كۆزلەپ كېلەر.

پىلىك كۆيەر، ئۇمىد قالار.

## ت

تازغا ئامەت كەلسە، پادىشاھ بوپتۇ.

تازغا تارغاق تېگىپتۇ.

تەرگەن تەرمىچىم بىر قالام بولدى.

تەلەي قونسا بېشىمغا،
يايرىم كېلۇر قېشىمغا.

تەلەي كىمدە — دوقا ماڭلايدا.

تەلەيدە بولۇڭ - بولۇڭ.

تەلەيسىز شويلا يېسە، چىشى سۇنۇپتۇ.

تەلەيسىزنىڭ بېغىغا مۆلدۈر يېغىپتۇ.

تەلەيسىزنىڭ پۈشايمىنى كېيىن كېلەر.

تەلەيلىككە ھەر يەردە،
تەلەيسىزگە قەيەردە.

تەلەيلىكلەر تېپىشار نە - نەدىن،
تەلەيسىزلەر تېپىشالماس بىر مەھەللىدىن.

تەلەيلىكنىڭ مېھمىنى قوش.

تەلىيى بارنى تەڭرى يۆلەپتۇ.

تەلىيى كەلگەن يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئوڭدىن كەپتۇ.

تەلىيى يوقنىڭ تاغىرىغا بۇغداي تۆكسە، تېرىق چىقىپتۇ.

تەلىيىمنىڭ يوقىدىن، شېكەر ئىچسەم تۇز بولۇر،
ياز كۈنى مۇنچىغا كىرسەم، پالتا ئۆتمەس مۇز بولۇر.

تەمتىرىگەن تام ياقىلار.

تەمكىن بولغان غەمكىن بولماس.

تەمىنى بىلەي دېسەڭ تېتىپ كۆر،
ئېپىنى بىلەي دېسەڭ قىلىپ (كۆر).

توقۇناق بالا،
ئىلمەك قازا.

توي دېسە نەغمىسى يوق،
ئۆلۈم دېسە يىغىسى (يوق).

تۇخۇغا يېتىۋىدىم، كالام ئۆلدى،
كالىغا يېتىۋىم، بالام (ئۆلدى).

تۇغۇلغىنىڭ ــــ ئۆلگىنىڭ.

تۆگە مىنگەن قوي كەينىگە يوشۇرۇنالماس.

تۆگىنىڭ تۆگىدەك يۈكى بار.

تۆمۈرنى دات يەيدۇ،
يۈرەكنى دەرد (يەيدۇ).

تىرىك تۇرۇپ ساندا يوق،
ئۆلۈك بولۇپ گۆردە (يوق).

تىرىكنىڭ يۈزى بار،
ئۆلۈكنىڭ روھى (بار).

تىرىكىدە خەيرىيەت،
ئۆلگىنىدە داد ــ پەريات.

## ج

جاپا ئالدىدا كېلەر،
راھەت كەينىدە (كېلەر).

جان تۇمشۇققا كەلمىگۈچە، جان بەرمە.

جان چىقمىغىچە ئۈمىد كەتمەس.

جان ھەلقۇمغا يەتكەندە قەرزنى قىستاپتۇ،
قولنى لېگەنگە ئۇزاتقاندا تەرەت (قىستاپتۇ).

جانغا تېگىشمىگەن گۆھەرنى نانغا تېگىشەلمەپتۇ.

جەننەتكە كۆسەي تاقاشماس،
دوزاخقا سەللە (تاقاشماس).

جىندىن قورقۇپ ئالۋاستىغا ئۇچراپتۇ.

## چ

چالمىدەك تاشلانغان،
ئالمىدەك ئەزىز بولۇر.

چىرايىڭغا ئىشەنمە،
بەختىڭگە ئىشەن.

چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە،
كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر.

## خ

خەققە دېسە گەپ بولىدۇ،
دېمىسە، دەرد بولىدۇ.

خەلپەم كۈلمەس، كۈلسە تېلىقىپ قالار.

خۇدا بەرسە قۇلىغا،
ئەكېلىپ قويار يولىغا.

خۇدا بەرسە ئىشىك ـ تۈڭلۈكتىن تەڭ كىرىپتۇ.

خۇدا بەرسە، ئاتاڭ كىم، دەپ سورىماس.

خۇدا بەرسە، پەيغەمبەر غىلاڭ قىلماس.

خۇدا قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ،
ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ.

خۇدا ئۇرغاننى ئاۋۋال ئەقلىدىن ئۇرىدۇ.

خۇش خەۋەرگە ئالدىرا،
شۇم خەۋەرگە ئاستقما.

خۇشاللىق كەلسە، قايغۇ كېتەر.

خۇشاللىق ياشارتار،
دەرد قېرىتار.

خۇشلۇقتا بالا كۆرۈنمەس.

خىيال باسقان ئەر — ئەمەن باسقان يەر.

«خۇدا» دېگەن بەندىسىگە،
ئەكېلىپ بېرەر مەھەللىسىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## د

داۋاسىز دەرد بولماس،
سەۋەبسىز گەپ (بولماس).

دەرد پاتمانلاپ كىرىپ،
مىسقاللاپ چىقار.

دەرد قورۇقى كېتەر،
ئاچ قورۇقى كەتمەس.

دەرد قىلىپ هال سورىغۇچە،
زەهەر بېرىپ جېنىمنى ئال.

دەرد كەلسە جۈپ، دۆلەت كەلسە تاق.

دەرد كەلسە قوشلاپ كېلەر،
بىر ــ بىرىنى باشلاپ (كېلەر).

دەرد كەلگەندە دەرمان كېتەر.

دەرد كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ،
دەرد كەلگەندە يىغلايدۇ.

دەرد كۆچەيسە ئەلەم بولۇر،
ئەلەم كۆچەيسە ئەجەل (بولۇر).

دەرد كېلىدۇ كەم غىزالىقتىن،
بەخت كېلىدۇ رازى ـ رىزالىقتىن.

دەرد كىچىك بولسىمۇ قايغۇ ئىزى.

دەردلىك باشتا ئەقىل بولماس.

دەردمەننىڭ دەردى تولا،
قىمارۋازنىڭ قەرزى (تولا).

دەردنى دەردمەن بىلىدۇ،
ئاغرىقنى تارتقان (بىلىدۇ).

دەردنى دەردمەندىن سورا،
ئاغرىقنى تارتقاندىن (سورا).

دەردى بار دەرمانى يوق،
دەردى يوق ئالەمدە يوق.

دەردى بارغا بوستان ياراشماس.

دەردى يوق دەردمەننى بىلمەس،
دوستى يوق دۈشمەننى (بىلمەس).

دەردى يوقنىڭ غېمى يوق،
غېمى يوقنىڭ جېنى (يوق).

دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

دەزى بار دالدىدا،
دەردى بار ئالدىدا.

دۆلەت كەلسە قوش كەلسۇن، بالا كەلمىسۇن.

دىتى بارنىڭ ئامىتى بار.

دەرد سۆزلىتەر، ئەلەم ئۆلتۈرەر.

ر

راھەت بىر ـ بىرلەپ كېلەر،
رەھمەت ئونلاپ (كېلەر).

راھەتنى قوغلاشما،
جاپادىن جاننى ئايىما.

رەختى بارنىڭ بەختى بار،
بەختى بارنىڭ تەختى (بار).

رەختىڭگە باققۇچە، بەختىڭگە باق.

رەختىڭگە ئىشەنگۈچە، بەختىڭگە ئىشەن.

## ز

زارىم بار، زورىم يوق.

## س

سەككىز كۆنلۈك ئۆمۈرنىڭ توققۇز كۆنلۈك ئىشى بار.

سۇ بىلەن ئوت ــــ تىلسىز يىغا.

سۇ قاتتىق يەردە توختىمايدۇ.

سۇغا ئوت كەتسە، نېمە بىلەن ئۆچۈرگۈلۈك؟

## ش

شاگىرت نان يەيدۇ،
ئۇستام غەم (يەيدۇ).

شۇم خەۋەر چاپسان تارقىلار.

# غ

غەم باسسا غەپلەتمۇ باسار.

غەم باسسا، چاچ ئاقىرار.

غەم غەمنى ئۆتار.

غەم قاقشىتار،
كۆلكە ياشنىتار.

غەم قىلغاندىن پەم قىلغان ياخشى.

غەم قىلغۇچە پەم قىل.

غەم ئۆمۈرنى يەيدۇ،
يالغان سۆز رىزىقنى (يەيدۇ).

غەم ـ قايغۇ كېسەل قىلىدۇ،
خۇشاللىق شىپا (قىلىدۇ).

غەمسىز قورساقتا يىغار،
ئەقىلسىز ئۆستىخانغا (يىغار).

غەمسىز كىشى بولماس،
ئەرسىز چىشى (بولماس).

غەمسىزلىك ــ پەمسىزلىك.

غەمسىزنىڭ پاراسىتى يوق،
پەمسىزنىڭ شىجائىتى (يوق).

غەمسىزــ پەرۋايى پەلەك.

غەمكىن باشتا ئەقىل بولماس.

غېمى بىرنىڭ نېنى بىر.

غېمى كۆپنىڭ بېشى پەس.

غېمى يوق ئادەم بولماس،
ئەيىبى يوق ھايۋان (بولماس).

غېمى يوقنىڭ ئىشى يوق.

غېمىڭ ئەلدە بولسا، ئۆمرۈڭ ئۇزىرار،
غېمىڭ ئۆزۈڭدە بولسا، بەختىڭ ئۇزىرار.

غېمىڭ يوق، كېمىڭ يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ق

قاپاق كۆندە سۇنماس، كۆنىدە سۇنار.

قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ.

قازا قاتراپ كەلمەس،
بالا مۆرەپ (كەلمەس).

قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر.

قازاننىڭ قارىسى يامان،
كۆڭۈلنىڭ ئالىسى (يامان).

قايغۇ جاننىڭ زىندانى،
ئاغرىق تەننىڭ (زىندانى).

قايغۇ كۆرمىگەن خۇشاللىقنى بىلمەس.

قايغۇ كېسەلنى بار قىلىدۇ،
خۇشاللىق كېسەلنى يوق (قىلىدۇ).

قايغۇدىن كېيىنكى خۇشاللىقتىن،
خۇشاللىقتىن كېيىنكى قايغۇ يامان.

قايغۇرغاندىن يالغۇزغان يامان.

قايغۇسى كۆپنىڭ سۆزى كۆپ.

قايغۇسى يوق كىشى سۇ ئىچسىمۇ سەمرىيدۇ.

قۇشناچىمنىڭ پەيلى يامان بولسا،
ئىمام خۇپتەننىمۇ چالا ئوقار.

قولنى كەسمىگۈچە، قان چىقماس.

قولۇڭدىن ئامىتىڭ كەتسە،
ئالتۇن ئايلىنار مىسقا.

قۇتلۇق مېھمان كەلسە،
قوي قوشلاپ تۇغار.

قۇدۇق چوڭقۇر، ئارغامچا قىسقا.

## ك

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماپتۇ،
ئەرگە تەگكەن دەرەڭگىدىن (قورقماپتۇ).

كۆپ ئۇيقۇ ئادەمنى لەختە قىلار،
غەم ـ ئەندىشە زەخمە (قىلار).

كۆپنى تىلىگۈچە ئازنىڭ بەرىكىتىنى تىلە.

كۆڭلى كەڭ ئادەمگە ئالەممۇ كەڭ.

كۆڭۈل ئۇخلىمىسا كۆزى ئۇخلىماس.

كۆڭۈلسىزدىن كۈلكە چىقماس.

كۈننىڭ تېڭى قاراڭغۇ، تېڭى يورۇق.

كۈننىڭ كۆزىدە مۇز تۇرماس.

كېرىكى يوق — بارغا كېرىكى يوق.

كېچىدە ئاي يورۇقىدا كۈن چىقمايدۇ.

كىشى خۇشال بولسا، سەنمۇ خۇشال بول،
كىشى قايغۇرسا، سەنمۇ قايغۇر.

كىشى دەردى كىشىدە قالماس.

كىشىگە كەلسە دۆلەت، ئالسا تۇپراق، بولغۇسى ئالتۇن،
كىشىدىن كەتسە دۆلەت، ئالسا ئالتۇن، بولغۇسى تۇپراق.

كىشىنىڭ ئۆلۈكى تالادا قالماس.

كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

كىمنىڭ قەيېرى ئاغرىسا، شۇ يېرىنى سۆزلەيدۇ.

## گ

گال پىچاق بىلەن بوغۇزلاپتۇ.

گۇلۇڭ كۈندە ئېچىلماس.

گۇمبەزگە ياڭاق ئاتساڭ دومىلاپ چۈشەر.

## م

مەزلۇمنىڭ قايغۇسى توپان بالاسىدىن يامان.

مەزلۇمنىڭ تىلىكى كۆككە يېتىپتۇ.

مەن ئوغرىلىققا چىققاندا،
ئاي يورۇق بولار.

مەن قىلۇرمەن ئوتتۇز،
خۇدايىم قىلار توققۇز.

موزاي ئېغىلدا تۇغۇلسا،
ئېرىق بويىدا ئوت - چۆپى بار.

مۇشۇك كىمنىڭ گۆشىنى يېيىشنى بىلەر.

مىلتىقسىزغا كېيىك ئۆچرار.

## ن

نانىنىڭ قەدرىنى خامانچى بىلەن،
سۇنىڭ قەدرىنى كارىزچى (بىلەر).

نەسلىك بىر ئادەمدە تۇرماس.

نېنىڭ پۈتۈن بولسا،
نامىزىڭدا شۈكۈر قىل.

## ھ

هارۋا بۇزۇلۇشتىن بۇرۇن غىچىرلايدۇ.

هايات سۇ ئەمەس ئېقىپ كېلىدىغان.

هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا،
ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە.

هەر كىشىنىڭ دەردى ئۆزىگە چوڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر كىمنىڭ رىزقى باشقا.

ھەركىم ئۆز دەردىنى سۆزلەيدۇ.

ھەركىم ئۆز ئۆلۈكى ئۈچۈن يىغلايدۇ.

ھەركىمنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقى ئۆزىگە چۈشەر.

ھەركىمنىڭ دەردى ئۆزى ئۈچۈن تۆگىدىن يوغان.

## ئو

ئوتتىن قېچىپ، سۇغا چۈشۈپتۇ.

ئوڭلىسا، ئوڭدىنمۇ كېلەر،
سولدىنمۇ كېلەر.

ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار.

ئون يىللىق راھەتتىن خاپىلىق يامان.

## ئۇ

ئۇخلاپ ـ ئۇخلاپ قانغۇلۇق،
يىغلاپ ـ يىغلاپ چوڭلىغۇلۇق.

ئۇخلىغاننىڭ قارنى ئاچ قالار.

ئۇيقۇ غەمدىن، بۆرگە نەمدىن.

ئۇيقۇسى ئۇزۇننىڭ بەختى قىسقا.

## ئۆ

ئۆزۈڭ يېمىسەڭ غېمىڭنى،
قاغا چوقۇر تېنىڭنى.

ئۆزۈڭدىن ئۆتكەن،
قولۇڭدىن كەتكەن.

ئۆلۈملۈك يەردە موللا سەمرەر.

## ئۈ

ئۈمىد بولمىسا، دۇنيادا ھېچكىمنىڭ تۇرغۇسى كەلمەس.

## ئى

ئىتتىن قورقۇپ بۆرىگە ئۇچراپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلىگەن بەخت تاپار،
ئىشلىمىگەن غەمگە پاتار.

## ي

ياتقاندا يان يوق،
ئۆلگەندە جان (يوق).

يارىسىغا تۇز سېپىپتۇ.

ياش قېرىتماس،
دەرد قېرىتار.

يامان گەپنىڭ ئېتى توقۇقلۇق.

يوقنىڭ خاھىشى كۈچلۈك.

يۇماي - تارىماي گۆردە قويۇپتۇ.

يېغا كەلسە، ئاقساقمۇ ساقتەك يۈگۈرەر.

يىغا بار يەردە كۈلكە بار.

يىغا بىر خىل،
كۈلكە ھەر خىل.

يىغا بىلەن كۈلكە قوشكېزەك.

www.uyghurkitap.com

يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس،
چوغ كىچىك بولسىمۇ تۇتقىلى (بولماس).

يىلاننىڭ يامان كۆرگەن ئۆتى ئېغىزىغا چۈشۈپتۇ.



# سودا - سېتىق، بازار، تېجەمكارلىق، بەتخەجلىك توغرىسىدا

# ئا

ئات ئالساڭ ئېگەر ئال،
ئېشەك ئالساڭ توقۇم (ئال).

ئات ئايغان ئات مىنەر.

ئات بېدىكى ئاچ بولار.

ئات قەدرىنى مىنگەن بىلەر،
مىلتىق قەدرىنى — ئاتقان.

ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار.

ئاتاڭنىڭ پۇلىغا ئالغاننى ئاتاڭ بىلەنمۇ ساتالمايسەن.

ئاتام تاپقان بىكار پۇل،
ئۆزۈم تاپقان شېكەر پۇل.

ئاتنى ساتساڭ يۈگەننى قالدۇر.

ئاتنىڭ يورغىسىنى ئال،
كىيىمنىڭ يارىشىملىقىنى (ئال).

ئاچ قالغانغا نان ياقتۇرما،
مۇزلىغانغا ئوت ياقتۇرما.

ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا تاشلىما.

ئادەمنىڭ لەۋزى ھالال.

ئارپا خاماندا پۇل،
كۆمۈش كاندا (پۇل).

ئارپا خاماندا پۇل،
زاغرا باياۋاندا (پۇل).

ئارتۇق دۆلەت باشنى يارماس.

ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.

ئاستا كەلگەن پايدىدىن ئىتتىك كەلگەن زىيان ياخشى.

ئاسرىساڭ، كۆندە يېڭى كىيىم،
ئاسرىمىساڭ، ھەمىشە كونا كىيىم.

ئاشپەز ئۆز تامىقىنى ماختار.

ئاشلىق ئالساڭ تېرىق ئال،
چارۋا ئالساڭ تىرىك (ئال).

ئاشنى تۆگەتكەن قوشۇق،
پۇلنى تۆگەتكەن ئوشۇق.

ئاقچا دېگەن پىشىق تاماق.

ئاقچا دېگەن ــ قولنىڭ كىرى.

ئال دېگەن مالدا پايدا بار.

ئالتۇن ئېلىپ زىيان تارتقۇچە،
چويۇن ئېلىپ پايدا تاپ.

ئالتىگە ئېلىپ بەشكە سات،
نامىڭ چىقسۇن سودىگەر.

ئالدى ـ بەردىدە ئادىل كىشىگە يول ئۈزۈن.

ئالدىڭ پۈتتى، ساتتىڭ يۈتتى.

ئالدىڭ ــ پۈتتۈڭ،
ساتتىڭ ــ يۈتتۈڭ.

ئالسا بازارى، ئالمىسا سازايى.

ئالسا بازىرى چىقتى،
ئالمىسا سازايى چىقتى.

ئالغان پايدا، ساتقان زىيان.
ئالغاندا ئېغىر ئالغان،
ساتقاندا ــ نېمىشقا يېنىك؟

ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك.

ئالغىچە سۆزىنى كۆرۈپ،
بەرگۈچە — كۆزىنى.

ئالغىنى كۆپكە تاۋاپ،
بەرگىنى ئازغا (تاۋاپ).

ئالماق ئوڭاي، بەرمەك تەس.

ئالماقتىن بەرمەك ئەلا.

ئالماقلىق زىرەكلىك،
بەرمەكلىك — نادانلىق.

ئالمىقى بار، سالمىقى بار.

ئالىدىغان مال ئالتۇندەك كۆرۈنەر.

ئالىمەن دىسە، قوشلاپ بېرىپتۇ.

## ئە

ئەتىگەنكى بازارنى ئۆتكۈزمە،
كەلگەن خېرىدارنى كەتكۈزمە.

ئەتىگەنكى سودىدىن يانما.

ئەخمەقنىڭ چوڭ سودىسى تېرە ـ جۇۋا.

ئەرزان بەرگەن ئاۋۋال ساتار.

ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق،
نامرات بەگنىڭ دورغىسى (يوق).

ئەرزان ئىللەتسىز ئەمەس،
قىممەت ھېكمەتسىز (ئەمەس).

ئەرزان ئىللىتى بىلەن،
قىممەت ھېكمىتى بىلەن.

ئەرزانچىنىڭ مېلى تالاشتا قالار،
قىممەتچىنىڭ مېلى تالادا (قالار).

ئەرزاننىڭ ئاخىرى قىممەتكە چۈشەر.

ئەرنىڭ زىننىتى بۇرۇت بىلەن ساقال،
بازارنىڭ زىننىتى ناۋاي بىلەن باققال.

ئەقىللىك سودىگەرنىڭ پۇلى بازاردا.

ئەل ھۆكمى ــ لىللا،
قۇلنىڭ پۇلى ــ تىللا.

## ب

بارىدا ئايا، يوقىدا تاقەت قىل.

بارىدا پولدۇرۇك ـ پولدۇرۇك،
يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇك.

بارىدا قىممەت كۆرۈنمەس،
يوقىدا ئەرزان بىلىنمەس.

بازار ئەقىلسىزنى خار قىلار،
ئەقىللىكنى باي (قىلار).

بازار پوش ـ پوش بىلەن،
گەپ خوش ـ خوش بىلەن.

بازار تاپسا قاسساپ بالىسىنىمۇ سويار.

بازار چاققانىنىڭ،
پۇل تاپقانىنىڭ.

بازار چاققانىنىڭ،
ئولجا تاپقانىنىڭ.

بازار مېلى بىلەن ئاۋات.

بازار مېلى بىلەن،
بىدىك تىلى بىلەن.

بازاردا بىرى بار، پۇل بەرمىسە بەرمەيدۇ.

بازاردا سالام يوق،
نامازدا تەكلىپ (يوق).

بازاردا غوۋغا، مازاردا سۈكۈت.

بازاردا كۆزى يوقى.

بازاردا ئىككى نەرسە ئەرزان: بىرى، قېرى ئات،
بىرى، كونا كات.

بازاردىكى ھەر ماتانىڭ نەرخى بار،
بىر ماتانىڭ بىر ماتادىن پەرقى (بار).

بازارغا بارغان بىدىك بەش تەڭگىدىن پۇل قىلار.

بازارغا بۆرىنىڭ ئۆزى كەلمىسىمۇ، تېرىسى كېلەر.

بازارغا كىرگەن بۆز ئەرزان،
ئېغىزغا كەلگەن سۆز ئەرزان.

بازارنى ئاۋات قىلغان مال،
ھويلىنى ئاۋات قىلغان تال.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلار تورى

بازارنى بازار قىلغان باققال،
ئەرنى ئەر قىلغان ساقال.

بازارنى بېدىك بۇزار.

بازارنىڭ ئەيىبى يانچۇقتا.

بازارنىڭ قېلىپى يوق.

بازارنىڭ كۆزى يوق.

بازار — چاققاننىڭ،
ئۆچكە — باققاننىڭ.

بازىرى ئاۋات يۇرتنىڭ كاسىپى ئاچ قالماس.

بازىرى چىقسا يۇندىمۇ پۇل.

بازىرى كاساتنىڭ پارىڭى تولا.

بازىرى يېقىن باي بوپتۇ،
مازىرى يېقىن خار (بوپتۇ).

باغ ئالساڭ قىشتا ئال،
باغ ساتساڭ يازدا سات.

باققالنىڭ ئالدى ياخشى،
قاسساپنىڭ كەينى (ياخشى).

بەرگەندە دوست،
ئالغاندا دۈشمەن.

بەرگەننىڭ بېشى ئالغاندا ئوڭلىنار.

بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۈلى بولار.

بولسا خېرىدارىڭ، ئۆسەر ئەتىۋارىڭ.

بولمىساڭ ئىللىق چىراي،
ئاچمىغىن دۈكان ـ ساراي.

بۈلبۈل گۈل ئىشقىدا،
سودىگەر پۈل (ئىشقىدا).

بېدىك ئىشەككە ئامراق.

بېرەرمەننىڭ بەشىنى ئالارمەن ئوڭشاپتۇ.

بېرىپ يامان بولغۇچە،
بەرمەي يامان بول.

بېلىقچى ئىسسىقچان كېلۇر،
تۆمۈرچى سوغۇقچان (كېلۇر).

بىر ئەخمەق ئالغاننى مىڭ ئەخمەقمۇ ساتالماس.

بىر پۈلنىڭ بىر دەردى بار.

بىر خېرىدار مال ئالغۇچە،
مىڭ خېرىدار مال كۆرەر.

بىر سەر ئالتۇن قوشۇلسا،
بىر سەر ئەقىل قوشۇلار.

بىر سىرلىق بول، سەككىز قىرلىق بول.

بىر سىقىم توپىنى تاغ دېمە.

بىرى باغدىن كەلسە،
بىرى تاغدىن كېلەر.

بىزنىڭ بازارمۇ بازار،
نېمە ئالساڭ شۇ تېپىلار.

بىلمىگەندىن قەرز ئالما.

پ

پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان.

پايدىدىن بۇرۇن زىياننى ھېسابلا.

پايدىنى كۆرسە چاپىدۇ،
زىياننى كۆرسە قاچىدۇ.

پۇل ئادەمنى تاپمايدۇ،
ئادەم پۇلنى تاپىدۇ.

پۇل بار چاغدا بىر تۆگە مىڭ پۇلغا ئەرزان،
پۇل يوق چاغدا بىر تۆگە بىر پۇلغا قىممەت.

پۇل بار چاغدا ئون ئەرزان،
پۇل يوق چاغدا بىر سەرگە قىممەت.

پۇل بولدى — كۆل بولدى.

پۇل تاپقۇچە، ھېساب تاپ.

پۇل ساقلىغۇچە زەر ساقلا.

پۇلسىز يىگىت ئەمەن پۇرار.

پۇلنى تاپار ئەرنىڭ ئېرى،
مېغىزىنى چاقار خوتۇننىڭ ئىككىنچى ئېرى.

پۇلنى يىغار مېنىڭ ئاتام،
سىرقىرايدۇ يوغان يوتام.

پۇلۇڭغا چېچەك چىقىپ قاپتىمۇ؟

پۇلى بارغا بازار،
پۇلى يوققا جازا.

پۇلى بارنىڭ ئۆزى ئوينار،
پۇلى يوقنىڭ كۆزى (ئوينار).

پۇلى نەق بولمىغان سودا مالنى زايە قىلىشتۇر.

پۈتمىگەن قەرزگە پوق ئال.

پۈتۈشكەن سودىغا سالا كەتمەس.

پىششىقلىقتا پىخسىقلىق يوق.

# ت

تاڭ ـ تۇڭ ئېتەر تۆمۈرچى،
پۇلنى سۈزەر كۆنچى.

تاۋۇز ئالساڭ چېكىپ ئال.

تاۋۇزنىڭ خېمى،
باققالنىڭ غېمى.

تىراكتورغا ئىشىنىپ، ئاتنى ئۆلتۈرمە.

توخۇنىڭ تارغىقى يوق،
بازارچىنىڭ باغىقى (يوق).

توقلۇقتا ئاچلىقنى ئۇنتۇما.

توڭغۇزنىڭ توكىنى بىر تالدىن بولسىمۇ يۇلغىنىم يۇلغان.

توخۇمنى بويىغانغا تەمى تاتلىق بولۇپ قالماس.

تۆگە تايغا تويماس،
سودىگەر مالغا (تويماس).

تۆگىنىڭ بويىنى ئەگرى،
قاسساپنىڭ قولى ئەگرى.

توگمەنچىگە سۇ غېمى.

توگمەنچىگە ئۇن يۇقىدۇ.

ج

جىق بولسا كېتەر،
ئاز بولسا يېتەر.

جىڭنى تۇتساڭ چىڭ تۇت.

جىڭنى كەم تۇتما، رىزقىڭ كۆيەر.
جىڭىڭ ساپ بولسا، بازاردىن قورقما.

## چ

چارۋىنى قوتاندا سات،
مېۋىنى باغدا (سات).

چاقماقتا ئېتىنى تېگىشكەن ئەخمەق.

چۆكۈپ كېتىدىغان دەسمايە يوق.

چۈشكىچە ئۆمرۈڭ بولسا،
شۇنىڭغىچە ئوقەت قىل.

چىراي كۆرۈپ هال سورا،
بازار كۆرۈپ مال (سورا).

## خ

خارەت كۆزدىن قورقىدۇ،
قارىغۇ تۈزدىن (قورقىدۇ).

خوتۇن ئالساڭ قىز ئال، دېدەك بولسىمۇ،
ئۇن ئالساڭ بۇغداي ئۇنى ئال، كېپەك بولسىمۇ.

خوش ــ خوشقا قورساق تويماس،
باريكاللىغا يانچۇق (تويماس).

خۇرجۇندا بىر پۇلنىڭ تاغاردا بىر دەردى بار.

خېرىداردا كۆز بولسا،
قاسساپ ئاچتىن ئۆلەر.

خېرىدادا كۆز بولسا،
كاسىپ ئاچ قالار.

خېرىدارنى ئالدىغىنىڭ ـــ خېرىداردىن ئايرىلغىنىڭ.

خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە ئەتتۇا.

د

دارىن بولمىسا تۈگچىسى بولماس،
گۆش بولمىسا شورپىسى (بولماس).

داڭقاننى پايدا ئالمەن دەپ قازاننى زىيان تارتىپتۇ.

دەردىڭ بولسىمۇ، قەرزىڭ بولمىسۇن.

دەريادىكى بېلىقنىڭ باھاسى يوق.



ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap

دەسلەپكى سودىدىن يانما.

دەسمايە غالتەككە چىقتى،
پاقا بالداققا چىقتى.

دەللالغا ئېيتما سىرىڭنى،
ئالداپ ئالار سىرىڭنى.

دوستقا دوست، ھېسابقا رۇس.

دۇتار چالدىم يۇسۇپ ئەخمەتكە،
ھېچنېمە كەلمەس قۇرۇق رەھمەتكە.

دۇكاندار تارازىدىن ئوغرىلايدۇ،
سېتىقچى مەككارلىقتىن.

دۇنيا — تىيىندىن،
بوران — قۇيۇندىن.

ز

زىياندىن قورقساڭ، سودىگەر بولما.

زىيانسىز سودا بولماس،
كىيىمسىز مودا (بولماس).

## س

ساتقۇچى مېلىنى داڭلار،
ئالغۇچى ئۆزىنى (داڭلار).

ساتقۇچىنىڭ سۆزى بار،
ئالغۇچىنىڭ كۆزى بار.

سالا قىل، ئالار قىل.

سالامدا دوستلۇق يوق،
سودىدا بوشلۇق (يوق).

سودا قىلساڭ ئادىل قىل،
مۇئامىلىنى دادىل (قىل).

سودا قىلساڭ سودىگەر بىلەن قىل،
ھەتتا بىتىم بىلەن ئىش پۈتمەس.

سودا قىلغىن سودىگەر بىلەن،
ئىش پۈتمەيدۇ مەككار بىلەن.

سودا ـــ ساقالنى سىيپىغۇچە.

سودا ـ سىتىق پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سودا ـ سېتىق تىل بىلەن،
زىلچا ـ گىلەم قىل بىلەن.

سوداگەدىن زېرىكمە،
خېرىدارغا تېرىكمە.

سودام راۋان بولسۇن دېسەڭ،
دەسلەپكى سودىدىن يانما.

سودىدا دوستلۇق يوق.

سودىدا دوستلۇق يوق،
سالامدا بوشلۇق (يوق).

سودىگەر بازار بىلەن،
سوپى مازار بىلەن.

سودىگەر تۇغقىنىنى تونۇمايدۇ،
بۆجەن ئانىسىنى (تونۇمايدۇ).

سودىگەر تىلى بىلەن بازار تاپار،
گىلەم قىلى بىلەن (بازار تاپار).

سودىگەر زەر ساقلار،
ياخشى خوتۇن ئەر (ساقلار).

سودىگەر مال تاللايدۇ،
سېۋەتچى تال (تاللايدۇ).

سودىگەردە يۈز يوق،
خېرىداردا كۆز (يوق).

سودىگەرنىڭ بار پۇلى — دېھقاننىڭ داڭگىلىغا يەتمەپتۇ.

سودىگەرنىڭ تۇغقىنى پۇل، دادىسى قۇل.

سودىگەرنىڭ جېنى پۇل، خوتۇنى تول.

سودىگەرنىڭ خېرىدارلىقى — تىلىدىن.

سودىگەرنىڭ ئىمانى — پۇل.

سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا.

سودىگەرنىڭ يۈز - ئابرۇيى مېلى بىلەن،
خېرىدارنىڭ يۈز - ئابرۇيى خىلى بىلەن.

سودىنىڭ ئالدى قىزىل تىل.

سورىغان ئالۇر،
سورىمىغان قالۇر.

سۇ سايغا ئاقار،
پۇل بايغا ئاقار.

سۇنىڭمۇ سورىقى بار.

سۇنىمۇ سوراپ ئىچ.

سۆرەلمە پايدىدىن،
ئەپچىل زىيان خوپ.

## ق

قاپمۇ تەڭ، قاپچۇقمۇ تەڭ.

قاپنىڭ تۇۋىدە ئايغىچە ئېغىزىدا ئايا.

قازان ئالساڭ، تۇۋاق ئال،
قوي ئالساڭ قۇلاق (ئال).

قازانچى قازانچىدىن قازان ئاپتۇ.

قاسساپ تونۇشىنى بابلايدۇ.

قاسساپ تۆت سەركەم بار دەپ ئۆلەر،
جۇۋىدار نىمشەك كەم دەپ ئۆلەر.

قاشتېشى سايدا تولا،
تېپىپ ساتسا پۇل بولا.

قەرز ئالماق ئاسان،
بەرمەك تەس.

قەرزدار بولساڭ،
پاتاڭغىچە بول.

قەرزى بار كىشىنىڭ يۈرىكىدە دەزى بار.
قەرز بولغاندىن قورساقنىڭ ئېچى ياخشى.

قەرزدار بولاي دېسەڭ،
نەق ئېلىپ، نېسى سات.

قەرزدار بولساڭ، بېرىپ قۇتۇل.

قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا.

قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق.

قەلەمگە رەڭ ياخشى،
بازارچىغا دەڭ (ياخشى).

قوشۇقلاپ يىغقاننى چۆمۈچلەپ چاچىدۇ.

قولۇڭ بىلەن بېرىسەن،
پۇتۇڭ بىلەن ئالىسەن.

قولى بىلەن ئېلىپ،
پۇتى بىلەن بېرىپتۇ.

قولى سۇس كاسىپ ئىلگىرى باسماس.

قولى ئوچۇقنىڭ يۈزى ئوچۇق.

قوينىڭ گۆشىنى تېرە ئۇستىدە پۇل قىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

قويۇڭنى قىرقىپ ساتساڭ تاۋار،
قىرقىماي ساتساڭ چاۋار.

قۇرۇق ھېسابنىڭ ئەتىۋارى يوق.

قۇشقاچ بالىسىمۇ گۆش.

## ك

كەپتەر ئالساڭ خىللاپ ئال، سىدان - گۆرىدىن،
زېمىن ئالساڭ تاللاپ ئال، ئېرىق بويىدىن.

كەپتەرۋازنىڭ غېمى پەغەزدە،
كاتىپنىڭ غېمى قەغەزدە.

كەچلىك سودا — غەشلىك سودا.

كونىسىز يېڭى بولماس.

كونىنى ئەپلەپ كېي.

كونىنى ياماپ كەي،
يېڭىنى ئاياپ.

كېرەك نەرسىنى كېرەكسىز چاغدا ئال.

كېرەكسىز نەرسە ئەرزان بولسىمۇ، قىممەت.

كېرەكلىك نەرسىنىڭ قىممىتى يوق.

كىرىشىنى سورىما، باھاسىنى سورا.

كىشىدىكى پۇل — چۆشتىكى پۇل.

كىشىنىڭ پۇلى بىلەن نوچىلىق قىلما.

كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالماس.

## گ

گۆش بىلەن ياغنىڭ يۈزىدىن ئۆپكە ـ شالاقنى پۇل قىلدۇ.

گىلەم سودىسىمۇ سودا،
كىگىز سودىسىمۇ سودا.

## م

ماتا يارىمىسا ئىگەمگە، كۈزلۈكنىڭ توپىسىمۇ پۇل.

مال بازىرى دەللالسىز بولماس.

مالدىن زىرىكمەڭ،
خىرىدارغا تىرىكمەڭ.

مالنى تاپقان باقسۇن،
ئوتۇننى چاپقان ياقسۇن.

مالنىڭ بېشى ــ توخۇ.

مەدىكارنىڭ ئېسىلى تامچى.

مەن كۆرمىگەن يەكەن ئەمەس،
پۇل بەرمىسە بەرگەن ئەمەس.

موللىغا مەسە ياخشى،
ھەممىگە بەرسە ياخشى.

موللىنىڭ دەسمايىسى جەننەت بىلەن دوزاخ.

مىڭ نېسىدىن بىر نەق ئەلا.

مىلتىق، مىلتىقنىڭ ئىچىگە پۇل تىق.

ن

ناتىيىنىگە قەرزدار بولما،
ھەم يولدا قىستار، ھەم گۆردە قىستار.

نائۇستىدا گەپ يوغان،
چالا ساتىراشتا كاپ (يوغان).

نەقتىن ھەسەل چىقار،
نېسىدىن كېسەل چىقار.

نەق سودا — پۇتكەن سودا،
نېسى سودا — يىتكەن سودا.

نەق ئېلىپ نېسى سات،
نامىڭ چىقسۇن سودىگەر.

نەق ئىشنىڭ ھوسۇلى بولۇر،
نېسى ئىشنىڭ جېدىلى (بولۇر).

نەقتىن ھەسەل چىقتى،
نېسىدىن جېدەل (چىقتى).

نېسى ئاپىرىپ بەرسىمۇ،
ھاننىاتتىن مال ئالما.

نېسى ئەتسەڭ نېسى ئەت،
ئالدىن ئۈتسە غەنىيمەت.

نېسى بەرگەننىڭ ھالى خاراب،
قالار دەپتىرىگە قاراپ.

نېسى ساتقان خاراب بولار،
دەپتىرىگە قاراپ قالار.

نېسى ساتقاننىڭ ھالى خاراب،
قالىدۇ قۇرۇق دەپتەرگە قاراپ.

نېسى قىلساڭ نەس باسار.

نېسى ئېلىشتا ھاي ـ ھاي،
پۇلىنى بېرىشتە ۋاي ـ ۋاي.

نېسى يېسەڭ گۆشىنى،
تېشىپ چىقار تۆشىنى.

نېسى ـــ نەسىنىڭ، ئوقىتى تەسىنىڭ.

نېسىدىن تەلىيىم يوق.

نېسىدىن نەق ياخشى،
بېخىلدىن سېخىي (ياخشى).

نېسىنى دەپ نەقتىن قۇرۇق قاپتۇ.

نېسىنىڭ مىڭ تەڭگىسىدىن
نەقنىڭ بىر تەڭگىسى ئەلا.

نېسىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ قالغان.

نېسى ـــ نەس، ھەپتە ئۆتسە بەس.

نېسى ـــ نەسىنىڭ ئوقىتى.

ھ

ھارام پۇل دورىغا كېتەر،
تۈتۈن مورىغا (كېتەر).

ھازىر ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل،
ئۆلمەيدىغاندەك ئوقەت (قىل).

ھاكچىنىڭ پوستەكچىگە ئاچچىقى كەپتۇ.

ھالاللىق ــــ ئامانلىق.

ھايان ماشا بولسۇن،
زىيان ساشا بولسۇن.

ھەپتىنىڭ ئالتىسى «بە»،
بىرى «مە».

ھۈنەرۋەن يالغانچى،
سودىگەر ئالدامچى.

ھېساب باغداتتىن يېنىپتۇ.

ھېسابنىڭ سىرتىدا ئىش يوق،
كالپۇكنىڭ سىرتىدا چىش (يوق).

## ئو

ئوتۇن يىغدىڭ ــــ كۆل يىغدىڭ،
ئوت ـ چۆپ يىغدىڭ ــــ پۇل يىغدىڭ.

ئوقەت «قىل» دىن باشلىنىدۇ.

ئوقەت ــــ ئوقەتنىڭ يولى چۆپقەت.

ئوقەت، ئوقەتنىڭ جۇپتى چۆپقەت.

ئوقەتچىنىڭ پۇلى تۈگىمەس،
ماڭغاننىڭ يولى (تۈگىمەس).

ئوقەتچىنىڭ كۆزى يامان،
سۇخەنچىنىڭ سۆزى (يامان).

ئوۋچىنىڭ دەسمايىسى قىلتاق بىلەن تۇزاق.

ئوماچىنىڭمۇ ئۆتىنىسى بار.

## ئۆ

ئۆتمەس ماتانى زورلاپ ساتار.

ئۆتۈك ئالساڭ قونجا ئال،
تېرەك ئالساڭ بولجا (ئال).

ئۆزۈمدە تۇرسا، تاغار كۆتۈرۈپ نەگە باراي.

ئۆزى تاپمىغان پۇلنىڭ قەدرى يوق.

ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ.

ئۆيدىكى ھېساب تالادا يارىماس.

ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ،
بۇرنىنى ئۇششۇتكەن قېرى.

## ئۇ

ئۇچ ئورتاققا ئوغرى كىرسە، تورىماس.

ئۇستەككە پوستەك، مانجىغا توقماق.

## ئى

ئېشىكى ئۇچ تەڭگە،
توقۇمى بەش تەڭگە.

ئېكىن ساتساڭ يازدا سات،
ئېكىن ئالساڭ قىشتا ئال.

ئېلىمنى ئوقۇپ، بەنى ئوقۇماپتۇ.

ئېلىمشتا شەپىرەڭ،
بېرىشتە زەپىرەڭ.

ئېلىمشنى ياخشى كۆرسەڭ،
بېرىشنى يامان كۆرمە.

## ئى

ئىسراپ قىلىش نەدە — پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.

ئىمارەتكە تۇتۇش قىلغاندىن تارىشمۇ سورىما.

ئىماننى ئېيت ئۈنسىز،
ئوقەتنى قىل غەمسىز.

## ي

ياخشىغا بەرسەڭ ھەم ئۆتەر، ھەم كېتەر،
يامانغا بەرسەڭ ھەم كېتەر، ھەم گەپ ئېتەر.

ياغاچچىنىڭ تۆۋىنى يوق،
تۆمۈرچىنىڭ پالتىسى (يوق).

ياغاق ئالساڭ چېقىپ ئال،
يىپ ئالساڭ بېقىپ (ئال).

ياندىكى كېسەكنىڭ ئەتىۋارى يوق.

يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن.

يوقىدا قىممەت كۆرۈنمەس،
بارىدا ئەرزان كۆرۈنمەس.

يول چاققانىڭ،
پۇل تاپقاننىڭ.

يىتكەن مالنى چاغلاقچا قاتما.

يېگىنى ئايىغان كۈنىسى.

يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن.

يىگىت قەرز كۆتۈرەر، ئۆلۈك — توپا.



# ياخشىلىق - يامانلىق
# توغرىسىدا

# ئا

ئات سەمرىسە، ئىگىسىنى تېپەر.

ئاتنىڭ ياخشىسى قاشقا كېلۇر،
ئادەمنىڭ ياخشىسى ئاشقا (كېلۇر).

ئاتنىڭ يامىنى تەپكەك،
ئادەمنىڭ يامىنى سەكسەك.

ئادەمنىڭ يامىنى ماراقچى،
ئوغرىنىڭ يامىنى قاراقچى.

ئادەمنىڭ يۈزى ئاپتاپتىن ئىسسىق.

ئادەمنىڭ يىلتىزى يوق.

ئالتۇن يەردە قالماس،
ياخشىلىق يولدا (قالماس).

ئالتۇنغا توپا قونماس،
ياخشىلىق ھېچ ئۇنتۇلماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ئالەم جاپاغا جۈپ، ۋاپاغا تاق.

ئالەمگە پاتمىغان گۆرگە پاتار.

ئارپىلىقتا سامانلىق،
ياخشىلىقتا يامانلىق.

ئاغزىدا كۈلكە ـ چاقچاق،
قوينىدا پالتا ـ پىچاق.

ئاندىن قاچقان، مۇندىن قاچقان،
يامانلىق قىلىپ كۆزىنى ئاچقان.

ئاينىڭ يورۇقى بار،
گۇناھنىڭ سورىقى (بار).

## ئە

ئەر ـ يىگىتنىڭ ۋەدىسى تۈز،
تۈز بولمىسا، ئۆمىد ئۈز.

ئەرنىڭ ئاتىقى ئەلگە سىغار،
چاتىقى سىغماس.

ئەرنىڭ ياخشىسى ئەلگە نەپ بېرەر.

ئەسكى دېھقان يەر بۇزار،
ئەسكى خوتۇن ئەر (بۇزار).

ئەسكىنىڭ جاجىسى جازا،
شەيخنىڭ جاجىسى مازا.

ئەسكىدىن خۇدامۇ بىزار.

ئەگرى ئازىدۇ،
توغرا ئۈزىدۇ.

ئەگرى پاچاقتا دوناي توقماق.

ئەگرى كۆڭۈلدە ئەگمە تولا.

## ب

بۇغداي نېنىڭ بولمىسا،
بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى؟

بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار،
ئىككى ياخشى بىر بولغان قەيەردە بار.

بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.

بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس،
بىر يامانلىق (ئۇنتۇلماس).

بىر ياخشىلىق يەردە قالماس،
بىر يامانلىق ئەردە (قالماس).

بىر ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتى مىڭ.

بىراۋغا ياخشىلىق قىلساڭ،
ئۇنىڭ ئون مۇشەققىتىگە تەييار تۇر.

بىر يامان مىڭنى يامان قىلۇر.

## پ

پاقا بىر سەكرەيدۇ، ئىككى سەكرەيدۇ،
ئۈچىنچىسىدە ئورىغا چۈشىدۇ.

## ت

تاش ئاتقانغا ئاش ئات.

تاغدەك ئالتۇن بىر ياخشىلىققا ئەرزىمەس.

تۈزنى يەپ تۈزلۈقتا چىچىپتۇ.
تۇڭگۇز تېرىقنى تۈگىتىپ ئۆلەر.

تۆمۈر زەنجىرنى ئۈزەر ئىككى بىلمەس.

تۆھمەتنىڭ كۆزى يوق.

تىكەندىن تېرىق ئۈندۈ دېمە،
ياماندىن ياخشىلىق كۆرىمەن (دېمە).

ج

جانغا جاننى قوشقان ياخشىلىق،
ئەگرى يولدىن توسقان ياخشىلىق.

جېنىڭ تەندە بولسا ئەگەردە،
ياخشىلىق قىل قولۇڭدىن كەلسە.

چ

چاپار ئاتتىن چاڭ قالار،
ياخشىلاردىن داڭق (قالار).

چاڭقىغانغا سۇ بەر،
مۇزلىغانغا ئوت.

چىراغ يېقىپ يورۇقىنى كۆر،
ياخشىلىق قىپ، ھۆزۈرىنى سۈر.

چىشلەيدىغان ئىت چىشىنى كۆرسەتمەس.

## خ

خام تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقى تولا،
يامانلىقنىڭ سورىقى (تولا).

خەققە سانىساڭ ئۆزگە،
قاشقا سانىساڭ كۆزگە.

خەلق ياخشىنى ئەسلەر،
يامانىنىڭ بېشىغا دەسسەر.

خەير قىلدىڭ، خوپ قىلدىڭ،
مىننەت قىلدىڭ، يوق قىلدىڭ.

خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولساڭ،
بەندە ئالدىدا سازايى بولىسەن.

## د

دەلۋىنىڭ ئاپتىپىغا ئالدانما،
دۈشمەننىڭ كۈلكىسىگە (ئالدانما).

www.uyghurkitap.com

دۈشمەنگە جېنىڭنى بەر،
سىرىڭنى بەرمە.

دوستۇڭ هاراقكەش بولسا، يېيىشىڭ مۇشت.

دىلئازاردىن خۇدا بىزار.

دىلى قىيىقنى ئىت تونۇر.

ر

رازى بولسۇن دېسەڭ يۇرت،
ياخشىلىقنى يېقىن تۇت.

رەھمى يوق ئادەمدىن رەھمى بار ئىت ياخشى.

رەھىم بالانى كەلتۈرەر.

رەھىمسىزدىن ۋەھىمە تۇغۇلار.

رەھىمسىزلىكتىن رەھىمسىزلىك تۇغۇلار.

رەھىمسىزنىڭ قولى قان.

## ز

زامان تۈزەلسە،
يامان تۈزىلۇر.

زورلۇق بىلەن ھۆرمەت تاپساڭ،
خورلۇق بىلەن ئۆلسەن.

زورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى خورلۇق.

## س

ساڭا بېقىپ مەن،
ئىشككە بېقىپ دەم.

ساۋابنىڭ كۆتىگە ئۈي مۈڭگۈزى.

## ش

شەيتان تارتار يامانغا،
كالا تارتار سامانغا.

# غ

غادايغانغا غاداي،
ئۇ ساڭا خۇدا ئەمەس.
ئېگىلگەنگە ئېگىل،
ئۇ سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەس.

غەرەزلىك ياخشىلىقتىن،
غەرەزسىز يامانلىق ئەلا.

رەقىبنى يېقىن قىلاي دېسەڭ،
ياخشىلىققا يېقىن تۇر.

# ق

قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر،
نىيىتى يامان ئەيىبتە (ئۆلەر).

قارا كىگىز ئاقارمايدۇ.

قارنى يۇيغان بىلەن ئاقارماس.

قاغىنىڭ كۆزىنى قاغا چوقۇماس.

## ك

كۆڭۈلنىڭ ئالاسى — خۇدانىڭ بالاسى.

كېڭەشسەڭ، مەرد بىلەن كېڭەش.

كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،
ئۆزۈڭگە بولماس ئامانلىق.

كىشىگە يامانلىق قىلمەن دېگەن ئۆزىگە قىلار.

كىم يامانلىق ئىزدىسە، تاپماس يامانلىقتىن ئامان،
ئۇ يامانلىق ئاپىتى يانغاي ئۆزىگە شۇ ھامان.

## گ

گاسنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمىغان بىلەن كۆزى بار،
ياخشىنىڭ ئۆزى بولمىغان بىلەن يۈزى (بار).

## ل

لاچىن ياتقاننى ئالماس.

لالما ئىتقا نان بەرسەڭ،
يەپ بولۇپلا خىرقىرار.

## ن

نامەرد بىلەن قۇيماق يېسەڭ، قۇستۇرار.

نىيىتىڭ يامان بولسا، بېشىڭ ئامان بولماس.

نىيىتى يامانىنىڭ رەڭگى يىلاندەك سوغۇق،
دىلى پاكىنىڭ چىرايى گۈلدەك ئوچۇق.

## ھ

ھايۋاننىڭ يامىنى قېچىر،
ئادەمنىڭ يامىنى چېقىر.

## ئو

ئورنى كەم كولىسا، ئۆزى چۈشەر.

ئوڭ قولۇڭ قىلغان ياخشىلىقنى سول قولۇڭ بىلمىسۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئون تازنىڭ توققۇزى ھەييار،
ئون سوپىنىڭ توققۇزى مەككار.

ئويلىمىغان يەردىن يىلان چىقتى،
كۈتمىگەن يەردىن چايان (چىقتى).

## ئۇ

ئۇدۇم قىلساڭ ئۇلارسەن.

ئۇرۇقنىڭ ئوسىلى سېرىق،
ئادەمنىڭ ئوسىلى سېرىق.

ئۇزۇندىن ئېتىلغان تاش قاتتىق تېگەر.

## ئۆ

ئۆچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار.

ئۆزى ئۇندەكتە،
كۆزى خوندەكتە.

ئۆزۈڭ قىلغان ياخشىلىقنى يوشۇر،
باشقىلار قىلغان ياخشىلىقنى ئاشۇر.

ئۆزۈڭگە خالىمىغاننى كىشىگە قىلما.

ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە.

## ئۇ

ئۇچ يىل باقسام، ئۇچ كۇندە ئۇنتۇپ قالدى.

## ئى

ئىتمىزغا پاختىلىق يارىشار،
ئادەمگە ياخشىلىق (يارىشار).

ئىشەككە مۇنار قىلساڭ، ئوقۇرغا چىچار.

ئىگىز تاغدا قار بولۇر،
مەرد يىگىتتە ئار (بولۇر).

ئىقىن سۇ ئۇخلار،
دۇشمەن ئۇخلىماس.



www.uyghurkitap.com

## ئى

ئىت سەمرىسە، ئىگىسىنى چىشلەر.

ئىتتىن قالغان سۆنى ئارسلان ئىچمەس.

ئىككى ياخشى ئوتتۇرىسىدا قىل ئۈزۈلمەس.

## ي

ياخشى ئۇرۇشسا، بەرگىلى نەرسە تاپالماس،
يامان ئۇرۇشسا، ئالغىلى نەرسە (تاپالماس).

ياخشى ئىشقا قولى بارماس،
يامان ئىشتىن كۆڭلى قالماس.

ياخشىنىڭ قەدرىنى ئەسكى بىلمەس.

ياخشىنىڭ گېپى ماي بولۇر،
يامانىنىڭ گېپى لاي (بولۇر).

ياخشى ئات قېرىسىمۇ مېڭىشىنى تاشلىماس.

ياخشى ئات ئېغىلغا يۆرەر،
يامان ئات شېغىلغا (يۆرەر).

ياخشى ئات ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى بىلەر.

ياخشى ئات يالسىز كېلۇر،
ياخشى ئادەم ھالسىز كېلۇر.

ياخشى ئاتقا بىر تۇمار.

ياخشى ئاتقا بىر قامچا،
يامان ئاتقا مىڭ قامچا.

ياخشى ئاتنى ئىشلەتسەڭ قۇل،
ساتساڭ پۇل.

ياخشى ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چاڭ چىقماس.

ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېيىش بولۇر، كۆن بولماس،
ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى گاداي بولۇر، قۇل بولماس.

ياخشى ئادەم ئامانلىشىپ كۆچەر،
يامان ئادەم يامانلىشىپ (كۆچەر).

ياخشى ئادەم بىر ئۆلەر تىرىلمەس،
يامان ئادەم مىڭ ئۆلەر بىلىنمەس.

ياخشى ئادەم شادلىنار،
يامان ئادەم دادلىنار.



www.uyghurkitap.com

ياخشى ئادەم ئېشىنى يەر،
يامان ئادەم بېشىنى (يەر).

ياخشى ئادەم يات ئەمەس.

ياخشى ئادەم يېگانە قالماس.

ياخشى ئادەمنى كۆرمەك پەرز.

ياخشى ئاز، يامان كۆپ،
بۇغداي ئاز، سامان كۆپ.

ياخشى ئائىلە بازاردەك،
يامان ئائىلە مازاردەك.

ياخشى ئەقىل كۆپتىن چىقار،
يامان ئەقىل دۆتتىن (چىقار).

ياخشى بايقاپ سۆزلەيدۇ،
يامان چايقاپ سۆزلەيدۇ.

ياخشى بولسا ئۆزىدىن كۆرەر،
يامان بولسا ئۆزگىدىن كۆرەر.

ياخشى بولساڭ ئۆسىسەن،
يامان بولساڭ چۆكىسەن.

ياخشى بولساڭ ئېغىر بول،
ئۇلۇغ بولساڭ كىچىك (بول).

ياخشى بولساڭ يولداش مەن،
ھەر ئىشىڭغا قولداش مەن.

ياخشى بىلەن سۆھبەت،
يامان بىلەن ماجىرا.

ياخشى بىلەن ياشنايسەن،
يامان بىلەن قاقشايسەن.

ياخشى بىلەن يېيىشكىن،
يامان بىلەن دېيىشكىن.

ياخشى توشقان ئىشىك ئالدىدا ئوتلىماس.

ياخشى تۆرقىدىن بىلىنەر،
يامان قىلىقىدىن (بىلىنەر).

ياخشى تۆرگە باقسا،
يامان گۆرگە باقىدۇ.

ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ،
يامان كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ).

ياخشى تىلەككە يامان چېچەك.

ياخشى جەڭدە،
ھۇرۇن كاڭدا.

ياخشى جېنىڭغا يولداش،
يامان نېنىڭغا (يولداش).

ياخشى خوٗيلوٗق توٗرگە بېرىپتوٗ،
يامان خوٗيلوٗق گوٗرگە (بېرىپتوٗ).

ياخشى خىش خوٗمداندىن چىقار،
ياخشى ئىش ئوبداندىن (چىقار).

ياخشى سوٗز دوٗشمەنگە ياراپتوٗ.

ياخشى سوٗز دىلنى ئېرىتىدوٗ،
يامان سوٗز جاننى قېرىتىدوٗ.

ياخشى قەدرىنى يامان بىلمەس،
يامانىنى كوٗرمەي قەدرىگە يەتمەس.

ياخشى كارۋانبېشى توٗگىنى ئېشەككە تەپتوٗرمەس.

ياخشى كەلسە قوٗت چاپلار،
يامان كەلسە جوٗت قاپلار.

ياخشى كەلسە ھالىڭغا يېتەر،
يامان كەلسە كوٗتوٗڭگە تېپەر.

ياخشى كوٗرگەن نەرسەڭ،
قىرىق يىلدىمۇ قىز كوٗرۈنەر.

ياخشى كوٗرگىنىنى ئېيتار،
يامان يېگىنىنى (ئېيتار).

ياخشى كوٗڭوٗل باغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆڭۈل ياخشى جاۋابقا ئېرىشەلمەيتۇ.

ياخشى كۆڭۈل يەردە قالماس.

ياخشى كېلىپ هالىڭغا يېتەر،
يامان كېلىپ ئوتۇڭنى ئۆچۈرەر.

ياخشى كېلىن كۆلگۈنچەك.

ياخشى كېلىننىڭ ئىشىغا باق،
يامان كېلىننىڭ ئېشىغا (باق).

ياخشى كىشىنىڭ ئاچچىقى تاۋار ياغلىق قۇرۇغۇچە.

ياخشى كىشىنىڭ دوستى كۆپ،
يامان كىشىنىڭ غەيۋىتى (كۆپ).

ياخشى كىشىنىڭ قەدرى ئۆلگەندە بىلىنەر،
ياخشى يۇرتنىڭ قەدرى كۆچكەندە (بىلىنەر).

ياخشى كىيىم تەنگە ئامراق،
ياخشى دوست جانغا (ئامراق).

ياخشى كىيىم ـــ تەنگە زىننەت.

ياخشى مال خېرىداردىن ئاشماس.

ياخشى مۇلۇك هېكىمنىڭ،
بۇزۇلغاندا هېچكىمنىڭ.

ياخشى ناخشا ئۆچۈن سۆز تاپ.

ياخشى نەرسە بازاردا تۇرماس.

ياخشى نىيەت ئاشقا تېگەر،
يامان نىيەت باشقا (تېگەر).

ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت.

ياخشى ھاۋا ــ تەنگە داۋا.

ياخشى ئورۇن بوش تۇرماس.

ياخشى ئۇلاغ يولغا تارتىدۇ،
يامان ئۇلاغ يانغا تارتىدۇ.

ياخشى ئۆلسە ھەممە ئۆلەر،
يامان ئۆلسە بىرى (ئۆلەر).

ياخشى ۋەزىر يۇرتقا خىزىر.

ياخشى ئېشىم قالغۇچە،
يامان قارنىم يېرىلغاي.

ياخشى ئېغىزغا ئاش،
يامان ئېغىزغا تاش.

ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس.

ياخشى ئىت يېرىم مال.

ياخشى ئىش قىلساڭ ئېيتماڭ قالۇر،
يامان ئىش قىلساڭ دېمىگىن (قالۇر).

ياخشى ئىش ئۆيدىن چىقماس،
يامان سۆز جاھانغا پاتماس.

ياخشى ئىش قىلسا، سۇكۇت ساقلايدۇ،
ئەخمەق ئىش قىلسا، ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ.

ياخشى ئىشقا كاشىلا كۆپ.

ياخشى ئىشلەپ ئالىدۇ،
يامان چىشلەپ (ئالىدۇ).

ياخشى ئىشنىڭ ئەتە ـ ئۆگۈنى يوق.

ياخشى ئىشى بىلەن ياخشى.

ياخشى ياپىدۇ، يامان ئاچىدۇ.

ياخشى ياخشىغا تىنچلىق تىلەيدۇ،
يامان ياخشىغا پىچاق بىلەيدۇ.

ياخشى يامانىدىن قورقىدۇ،
كەتمەن سامانىدىن (قورقىدۇ).

ياخشى ـ يامانىنى بىلەي دېسەڭ،
ئاۋۋال ئۆز مەيلىگە قوي.

ياخشىدا دىماق يوق،
تاۋاردا ئۇلاق (يوق).

ياخشىدىن نام قالىدۇ،
ئەسكىدىن داغ (قالىدۇ).

ياخشىدىن ئۆچ ئالساڭ دۇشمىنىڭ كۈلەر،
ياماندىن ئۆچ ئالساڭ ۋەتىنىڭ كۈلەر.

ياخشىدىن ئۆگەن،
ياماندىن يىرگەن.

ياخشىدىن ئۇلگە ئالار،
ياماندىن كۈلكە (قالار).

ياخشىدىن ئۇلگە ئالدىڭ،
ياماندىن ياغ (ئالدىڭ).

ياخشىغا ئارام يوق،
يامانغا زاۋال (يوق).

ياخشىغا ئەگەشسەڭ گۆش يەيسەن،
يامانغا ئەگەشسەڭ مۇشت يەيسەن.

ياخشىغا بىر سۆز،
يامانغا مىڭ سۆز.

ياخشىغا دەردىڭنى ئېيتساڭ بىلەر،
يامانغا دەردىڭنى ئېيتساڭ كۈلەر.

ياخشىغا كۈن يوق،
يامانغا ئۆلۈم (يوق).

ياخشىغا گەپ كەتمەس.

ياخشىغا نەزەر،
يامانغا ھەزەر.

ياخشىغا ئىشارەت،
يامانغا جۇۋالدۇرۇز.

ياخشىغا ياخشىلىق قىلساڭ ئېسىدىن كەتمەس،
يامانغا ياخشىلىق قىلساڭ يېنىڭدىن كەتمەس.

ياخشىغا ياغدەك بول،
يامانغا داغدەك بول.

ياخشىغا ياماق بول،
يامانغا تاياق بول.

ياخشىغا يانداش بولساڭ تېگىدۇ ئىشى،
يامانغا يانداش بولساڭ تېگىدۇ مۇشى.

ياخشىغا يېتىشمەك قىيىن،
ياماندىن قۇتۇلماق (قىيىن).



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياخشىغا يىپەك يىپىشار،
يامانغا تىكەن (يىپىشار).

ياخشىلار تېپىشار ھەريەردىن كېلىپ،
يامانلار تېپىشار بىر يەردە تۇرۇپ.

ياخشىلارغا تاتلىق بول،
يامانلارغا قاتتىق بول.

ياخشىلىق بىلمىگەن ئادەمدىن،
بىلمىغان ئىت ياخشى.

ياخشىلىق تېرىغان ياخشىلىق يىغار،
يامانلىق تېرىغان ئازابلىق (يىغار).

ياخشىلىق قېرىمايدۇ.

ياخشىلىق قىل، ماختانما.

ياخشىلىق قىلىپ سۇدا ئېقىت،
يامانلىق قىلىپ قوينۇڭغا سال.

ياخشىلىق قىلىشنى بىلمىسەڭ ياخشىلارغا قوشۇل.

ياخشىلىق قىلىمەن دەپ ئۆزۈمگە دۈشمەن تېپىۋالدىم.

ياخشىلىق قىلغۇەرسەڭ نامىڭ چىقار،
يامانلىق قىلغۇەرسەڭ جېنىڭ (چىقار).

ياخشىلىق كۆرۈنمەس،
يامانلىق كۆمۈلمەس.

ياخشىلىق ياخشى مەقسەتتىن كەلسىمۇ، ئوك بولۇۋەر-
مەيدۇ.

ياخشىلىق يەردە قالماس،
يامانلىق ئۆزىدىن ئاشماس.

ياخشىلىق يېنىپ تۇرغان ئوت.

ياخشىلىققا ئىشەنمەك تەس،
ياماندىن قۇتۇلماق (تەس).

ياخشىلىقنى سۇغا قىل، بېلىق بىلۇر،
بېلىق بىلمىسە، خەلق بىلۇر.

ياخشىلىقنىڭ چوڭى يوق،
يامانلىقنىڭ كىچىكى (يوق).

ياخشىلىقنىڭ يولى ئۇلۇغ،
يامانلىقنىڭ يولى قورۇق.

ياخشىلىق — مېھرىگىيا،
يامانلىق شۇمبۇيا.

ياخشىمۇ، يامانمۇ ئۆلەر ئاقىۋەت،
ياخشى ئىش قىلغانلار تاپار سائادەت.

ياخشىنى دورساڭ بولسەن ئورتا،
ئورتىنى دورساڭ بولسەن چولتا.

ياخشىنى كۆرۈپ پىكىر قىل،
يامانىنى كۆرۈپ شۈكۈر قىل.

ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ،
يامانىنى ماختىساڭ ئادىشىدۇ.

ياخشىنى يات ئىكەن دېمە،
يامانىنى ئۆز ئىكەن (دېمە).

ياخشىنى يانداشتۇر،
يامانىنى ئاداشتۇر.

ياخشىنىڭ ئاغزى ئاشتا،
يامانىنىڭ كۆزى ياشتا.

ياخشىنىڭ ئايىغى جەننەت.

ياخشىنىڭ بىر ئەسكىلىكى بار،
يامانىنىڭ بىر ياخشىلىقى بار.

ياخشىنىڭ چىقار ئاتىقى،
يامانىنىڭ چىقار چاتىقى.

ياخشىنىڭ سۆزى كېپىل،
يامانىنىڭ ئۆزى (كېپىل).

ياخشىنىڭ سۆيپتى تۈگىمەس.

ياخشىنىڭ شاپائىتى يۇقار،
ياماننىڭ كاساپىتى (يۇقار).

ياخشىنىڭ قەدرىگە يېتەي دېسەڭ يامانغا يولۇق.

ياخشىنىڭ قەدرىنى ئايرىلغاندا بىلىسەن.

ياخشىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆرە قىل،
ياماننىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ پۈرە قىل.

ياخشىنىڭ گېپى — لەززەت،
ياماننىڭ گېپى — غەيۋەت.

ياخشىنىڭ ئۆزى بولمىغان بىلەن يۈزى بار.

ياخشىنىڭ ئۆزى تۈگىسىمۇ سۆزى تۈگىمەس.

ياخشىنىڭ ئۆزى قالىدۇ،
ياماننىڭ مېزى قالىدۇ.

ياخشىنىڭ ئۆزى ئۆلەر،
سۆزى قالار.

ياخشىنىڭ ئېتى ئۆلمەس،
ئالىمنىڭ خېتى (ئۆلمەس).

ياخشىنىڭ ئىچى پۇشماس،
يامانىڭ كۆڭلى ئېچىلماس.

ياخشىنىڭ ئىزى قالار،
يامانىنىڭ مېزى (قالار).

ياخشىنىڭ ياخشىلىقى تېگەر تار يەردە،
يامانىنىڭ يامانلىقى تېگەر ھەر يەردە.

ياخشىنىڭ ياخشىلىقى تېگەر ھەر يەردە،
يامانىنىڭ ياخشىلىقى تەگكەن قەيەردە.

ياخشىنىڭ يولى يەتمىش.

ياغلىق قاپاقتىن ياغ تامىدۇ،
تۇزلۇق قاپاقتىن تۇز (تامىدۇ).

يامان ئات ئىگىسىنى يەرگە ئۇرار،
يامان دوست دوستىنى دۇشمىنىگە ساتار.

يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن،
ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن خوپ.

يامان ئاتنى يال باسار،
يامان خوتۇننى ھال (باسار).

يامان ئادەم ئۆز ئۆيىگە مېھمان.

يامان ئادەم ئۆلگەندە ياخشى.

يامان ئادەمنىڭ ئىزىدىن گىياھ ئۈنمەس.

يامان ئەلچى ئىككى تەرەپنى بۇزار.

يامان بولساڭ ئاسار،
ياۋاش بولساڭ باسار.

يامان بولۇش بىردەملىك،
ياخشى بولۇش مەڭگۈلۈك.

يامان بىلەن دوست بولما،
سارالڭ ئالدىدا پەس بولما.

يامان بىلەن گەپ تالاشقۇچە،
قاغا بىلەن پوق تالاش.

يامان بىلەن يامان قاياش.

يامان بىلەن يول يۈرگۈچە،
يالغۇز يۈرگىن ئۆلگۈچە.

يامان تاياق تەندىن ئۆتەر،
يامان گەپ جاندىن (ئۆتەر).

يامان تەرەپنى ئويلىمىغۇچە،
ياخشى كۈنگە يېتىشەلمەيسەن.

يامان تۆر تالىشار،
ئاغرىق گۆر تالىشار.

يامان تۆلكە قاچقانغا يۇگۇرەيدۇ.

يامان چۈش شەيتاندىن كېلۇر.

يامان سۆزدىن تاياق ياخشى،
كىچىك ئاياغتىن يىياق (ياخشى).

يامان سۆزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولماس.

يامان قىزغا ئانىسى ئەلچى.

يامان كۆرگەن ياغاچ سارايغا تۈۋرۈك بوپتۇ.

يامان كۆرۈمدىن،
ياخشى ئۆلۈم ئەلا.

يامان كۆزدىن يىراق بول.

يامان كىشى قىلغاننى بىلمەس.

يامان گەپ سەكسەن قامچىدىن يامان.

يامان گۆشتىن ياخشى شورپا چىقماس.

يامان ئىت چىشلەپ قاچار،
يامان ئادەم ئېتىپ قاچار.

يامان ئىت نەگىلا بارسا تاياق يەيدۇ.

يامان ئىتنى قىسقا باغلا.

يامان ئىش تاشنى يارار،
ئويلانمىسالىڭ باشنى يارار.

يامان ئىشنى يامان تاپار،
سېسىق گۆشنى چىۋىن (تاپار).

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ شىرغا يول بەرمەس،
يامان خوتۇن ئۆيدە يېتىپ ئېرىگە نان بەرمەس.

ياماندىن پۇل سورىغۇچە،
ياخشىدىن ئەقىل سورا.

ياماندىن جىن قورقار.

ياماندىن داغ قالار،
ياخشىدىن باغ قالار.

ياماندىن قاراۋۇل قويسالىڭ،
دۈشمىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە.

ياماندىن قۇتۇلماق تەس،
ياخشىغا يېتىشمەك تەس.

ياماندىن كېلۇر كاساپەت،
ياخشىدىن كېلۇر شاپائەت.

ياماندىن نېرى قاچ،
ياخشىغا قوچاق ئاچ.

ياماندىن ئۇرۇق ئالماڭ،
يولغۇندىن سۇرۇخ (ئالماڭ).

ياماندىن ۋاپا تىلىگۈچە،
خۇدادىن كېسەل تىلە.

ياماندىن ياخشىلىق كۈتمە.

ياماندىن يەرمۇ قورقىدۇ.

يامانغا ئاتا بولغۇچە،
ياخشىغا هاسا بول.

يامانغا ئەگەشكۈچە،
ياخشى بىلەن كېڭەش.

يامانغا ئەل تەگكۈچە،
ئەجەل تەگسۇن.

يامانغا باش بولغۇچە،
ياخشىغا يولداش بول.

يامانغا تاغ ئۈستىدىكى ئىت قاۋاپتۇ.

يامانغا رەھىم قىلىش،
ياخشىغا ئۇۋال قىلىشتۇر.

يامانغا قىلغىنىڭ قوْمغا سىڭگىنىڭ.

يامانغا گەپ قىلساڭ ھار ئالماس.

يامانغا لەنەت،
ياخشىغا مەدەت.

يامانغا نان بەرگوْچە،
ياخشىغا جان بەر.

يامانغا ھاجىتىڭ چوْشسە يوق دەيدوْ،
ياخشىغا ھاجىتىڭ چوْشسە خوپ دەيدوْ.

يامانغا ئېيتسا سىرىنى،
مىڭ قىلىدوْ بىرىنى.

يامانغا ياغ ياراشماپتوْ،
موْشوْككە بەز (ياراشماپتوْ).

يامانغا ياغ ياراشماس،
موْشوْككە يوْمغاقسوْت (ياراشماس).

يامانغا ياغ ياراشماس،
ئۆچكىگە تاغ (ياراشماس).

يامانغا يامان بول،
ياخشىغا ئامان (بول).

يامانغا يانتاياق بولما.

يامانغا ياندىشساڭ، يارغا ئىتتىرەر.

يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار،
قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (يوقار).

يامانغا يولىما،
كەمبەغەلنى بۇلىما.

يامانغا يېقىن،
ئاغزىغا قېرىن.

يامانلار ياخشىلارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
ئىككى ئاقىل ئوتتۇرىسىدا قىل ئۈزۈلمەس.

يامانلىق بىردەملىك،
ياخشىلىق ئۆمۈرلۈك.

يامانلىق قىلساڭ،
يېقىن كىشى يات بولۇر.

يامانلىق قىلغان ئادەمگە،
ياخشىلىق بىلەن ئىزا قىل.

يامانلىق — ياۋنىڭ تامغىسى.

يامانلىق يىلاندىن يامان.

يامانلىقتىن ئامانلىق تىلىمە.

ياماندىقتىن كۆزگە ياش ئۆنەر،
ياخشىلىقتىن ئېغىزغا تاش (ئۆنەر).

ياماندىقتىن ياخشىلىق تاپقان كىشى،
تىكەن تېرىپ ئۈزۈم ئالالايدۇ.

ياماندىقنى يوشۇرۇپ بولماس.

ياماندىقنىڭ يولى يېنىك،
ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر.

يامانىنى تىللىساڭ تەزىم قىلار،
ئىززەتلىسەڭ بوزەك قىلار.

يامانىنى قاراۋۇللۇققا قويساڭ،
ئىشىك قۇلۇپى ئۆگزىدە.

يامانىنى قويۇپ بەرسە ئەركىگە،
كۆندە چىچار بۆكىگە.

يامانىنى كۆرمەي ياخشىنى بىلمەس،
قىرىمىغان ياشلىقنى بىلمەس.

يامانىنى ئىشىكىغا يولاتساڭ يولات،
قېشىڭغا يولاتما.

يامانىنى يامان دېسەڭ ياۋ بولۇر،
ياخشىنى ياخشى دېسەڭ ياغ (بولۇر).

يامانىنىڭ ئاغزى يامان.

يامانىنىڭ بېشى بولغۇچە،
سايىنىڭ تېشى بول.

يامانىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق.

يامانىنىڭ توقىمىقى قېتىدا.

يامانىنىڭ تۇزغا بارغىنى،
قىزغا بارغىنى.

يامانىنىڭ تۇمىقى يېنىدا.

يامانىنىڭ جىنازىسىدىن،
ياخشىنىڭ ھېكايىسى ئەلا.

يامانىنىڭ چوققىسىغا چاقا چىقسا،
تاپىنىدىن يىرىڭ ئاقار.

يامانىنىڭ دېگىنى كەلمەس،
جۆيلۈگىنى كېلەر.

يامانىنىڭ سۆيىنى ئىچكۈچە،
كوزىسىنى چېقىۋەت.

يامانىنىڭ غەيۋىتى تۈگىمەس،
ياخشىنىڭ تەرىپى (تۈگىمەس).

ياماننىڭ قورسىقىدا مىڭ توڭگۇز قاترايدۇ.

ياماننىڭ قويىنىدا ياتقۇچە،
ياخشىنىڭ ئايىغىدا يات.

ياماننىڭ كاساپىتى تېگەر،
ياخشىنىڭ شاپائىتى (تېگەر).

ياماننىڭ كاساپىتى يۈز چاقىرىم ئىلگىرى يۈرەر.

ياماننىڭ گېپى يامان،
ئەسكى چاپاننىڭ پىتى (يامان).

ياماننىڭ گېپى يامان،
كونا چاپاننىڭ مېزى (يامان).

ياماننىڭ ئوتى يامان،
ئاتا ـ ئانىسى تاپماس ئامان.

ياماننىڭ ئېشىغا ئېغىز تەگسەڭ،
قىرىق يىل ئاغزىڭ كۆيەر.

ياماننىڭ ئىزىدىن ئاتلىما.

ياماننىڭ ئىشىنى قىلىپ يامان بولغۇچە،
قىلماي يامان بول.

ياماننىڭ ياخشىسى بولغۇچە،
ياخشىنىڭ گادىيى بول.



www.uyghurkitap.com

ياماننىڭ ياخشىسى بولغۇچە،
ياخشىنىڭ يامىنى بول.

ياماننىڭ ياخشىلىقى يوق،
سۆزىنىڭ تاتلىقى (يوق).

ياماننىڭ يامان بولۇشى ئەلنىڭ قارغىشىدىن.

ياماننىڭ يامانلىقى بار،
كىشى بىلمەس.

ياماننىڭ يامانلىقى ئۆزىگە يانار.

ياماننىڭ ياندىن ئۆتەر،
ياخشىنىڭ جاندىن (ئۆتەر).

ياماننىڭ يولدىشى بولغۇچە،
ياخشىنىڭ قۇربانى بول.

ياماننىڭ يولى قۇرۇق،
ياخشىنىڭ يولى ئۇلۇغ.

ياماننىڭ يېنىدا تۇرغۇچە،
ياخشىنىڭ قوينىدا يات.

ياماننىڭ يىلتىزى بىر.

يامىنىنى ئېيتماي ياخشىلىق يوق.

ياخشىنىڭ يىلتىزى مىڭ،
يامانىنىڭ يىلتىزى بىر.



# سىياسەت - قانۇن، ئىجتىمائىي كرىيىيات، ھەقىقەت ۋە قانۇنىيەت، ئۆملۈك - ئىناقلىق توغرىسىدا

# ئا

ئاپتاپپەرەس ئايغىمۇ باقىدۇ.

ئاپتاپپەرەس كۈنگە باقار.

ئات بىلەن تېپىشكەن تاينىڭ تۇيىقى سۇنار.

ئات قېرىسا مۇدۇرىگەك بولار،
ئادەم قېرىسا مۇگدىگەك (بولار).

ئات هارسا ئېغىل ياخشى،
پاتقاقتا شېغىل (ياخشى).

ئاتا بولمىغۇچە ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەس،
قايتىپ كەلسە سۇ تېشەلمەس.

ئاتقان ئوقنى ياندۇرغىلى بولماس،
چىققان سۆزنى قايتۇرغىلى (بولماس).

ئاتنى ئات ساقلار،
ئاچنى ئاچ (ساقلار).

ئاچ قالساڭ قال، توپتىن قالما.

ئاچچىقنىڭ دورىسى — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش.

ئاخىرەت ئىززىتى كېرەك بولسا،
ئەل بىلەن كېڭەش قىل.

ئادالەت ئالدىدا لىللا ئاقىدۇ،
جاھالەت ئالدىدا تىللا (ئاقىدۇ).

ئادەت ئادەمنى باشقۇرماس،
ئادەم ئادەتنى باشقۇرار.

ئادەم تۇگەپ، ئالەم قالۇر.

ئادەم كۆپ بىلەن ياشار،
مال چۆپ بىلەن (ياشار).

ئادەم ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ.

ئادەمزاتنىڭ كەلمىكى باردۇر،
بىر كۇنى هامان ئۆلمىكى (باردۇر).

ئادەمگە يېگانىلىق ياراشماس.

ئادەمنىڭ كەلگىنى ئوبدان، قاچقىنى يامان.

ئادەمنىڭ ئۆلمەيدىغىنى يوق،
تۆمۈرنىڭ سۇنمايدىغىنى (يوق).

ئادىل پادىشاھلىقتىن ئەلگە ئامەت ياغار.

ئارغامچا ھامان ئاجىز يېرىدىن ئۈزۈلەر.

ئارىنى بۆلگەن يالغۇز قالار.

ئازنىڭ ئەزانچىسى بولغۇچە،
كۆپنىڭ قازانچىسى بول.

ئاسان ئىش ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئاسمانغا قاراپ توكۇرسەڭ، يۈزۈڭگە چۈشەر.

ئاغرىقنىڭ ساقايغۇسى كەلسە تېۋىپ ئۆزى كېلەر.

ئاغزىدا تالقان بار ئادەم ئوت پۈۋلىيەلمەس.

ئاق ئىت كەتسە، قارا ئىت كېلەر.

ئاق ئىت، سېرىق ئىت، بەرىبىر ئىت.

ئاققان دەريا دېڭىزغا قويۇلار.

ئاق قۇ يالغۇز ياشىيالماس.

ئالا ئاسلان ئارسلان بولماس.

ئالەمنىڭ تۆۋرۈكى ھەقىقەت.

ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە.

ئالتۇن بولسىمۇ مونچاقىقا ئېھتىياج چۈشەر.

ئالتۇن تۇپىدىمۇ پارقىرار.

ئالدى ئات كۆچىسە، ئىچ ئات كۆچمەس.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار،
چاقنىڭ چەمبىرىكى (بار).

ئاۋارە بولدى يەككە،
ئەلدىن ئايرىلىپ قالدى دەردكە.

ئاۋۇالقىنى بوران ئالدى،
كېيىنكىنى شامال (ئالدى).

ئاي ئاقىرىپ چىقار،
نان قىزىرىپ پىشار.

ئايالنىڭ ئوردىغا كىرگىنى ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى.

ئايرىلغاننىڭ ئەيىبى بار،
بىرلەشكەننىڭ كۈچى (بار).

ئايغىر ئۇيۇرنى تاشلىماس.

ئاينى ئالىقانغا ئېلىپ بولماس.

# ئە

ئەجەب داڭلايسىز ئەنجاننى،
باقالمايسىز بىر جاننى.

ئەرنىڭ ياخشىسى ئەل بىلەن كېڭەشەر،
خوتۇننىڭ ياخشىسى ئەر بىلەن (كېڭەشەر).

ئەقىللىك ئەلدىن ئايرىلماس.

ئەقىللىك پادىشاھنىڭ ئۆزى ئۆيدە، كۆڭلى ئەلدە.

ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى،
ئەخمەق بولسىمۇ دوست(ياخشى).

ئەگرى كىشى ئازار،
توغرا كىشى ئۈزار.

ئەل ئاغىسىز بولماس،
سوغا چەمبەرسىز (بولماس).

ئەل بىرلىكى — سائادەت.

ئەل بىلەن ئارىلاشمىغان ئادەم ھايۋان بولۇر.

ئەل قۇدرىتى ئەلچە بار.

ئەل ئۆم بولسا ئايماق بولۇر،
سىيىر سېمىز بولسا قايماق (بولۇر).

ئەل يىغىلسا لەشكەر بولۇر.

ئەلدىن ئايرىلغان دۇزاخ تۇۋىدە.

ئەلگە قوشۇلغان ھۆر ئۆتەر.
ئەلدىن ئايرىلغاننى يەر يۇتار.

ئەلگە ياققان ئەرگە ياقار.

ئەلگە ياققان خار ئەمەس.

ئەلگە ياقىمىغ — خۇداغا ياقىمىغ.

ئەلنى كېلىشتۇرگۇچى،
چاپانغا تۈگمە قادىغۇچى.

ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك.

ئەمەل بەردى قۇپقۇرۇق،
ناگان بەردى ئوقى يوق.

ئەمەلدار قېيىق بولسا،
بوستانلىقمۇ جاڭگال بولار.

ئەمەلداردا جان ئىككى.

ئەمەلداردىن غالچا يامان،
ئۆگزىدىن ئۆتكەن تامچە (يامان).

## ب

بار قىلسىمۇ ئەل قىلار،
يوق قىلسىمۇ ئەل قىلار.

بارماق قولدىن ئايرىلالماس.

بارنى ئامبال ئالدى،
قالغىنىنى رەممال (ئالدى).

باش قەيەردە ــ پۇت شۇ يەردە.

باشتا قاتتىق بولسا، ئاخىرى تاتلىق بولار.

باش ــ بۆكتە،
خىيال ــ كۆكتە.

بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس،
پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ.

بالا، قىلغان ئىشى چالا.

بالدۇر چىققان قۇلاقتىن،
كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ.

باي ياتىدۇ باغدا،
گاداي ياتىدۇ تاغدا.

بايتال تارتسا ئايغىر تارتماس،
ئايغىر تارتسا بايتال (تارتماس).

بايلار ئاقچىسى بىلەن،
قانۇن ساقچىسى بىلەن.

باينى باي قىلغان گۆش بىلەن مايدۇر،
گادايىنى گاداي قىلغان بەگ بىلەن بايدۇر.

بوران گىلەمنى سۆرەپتۇ.

بوۋاقنىڭ كۆزى بۆشۈكنى كۆرىدۇ،
چاشقاننىڭ كۆزى تۆشۈكنى (كۆرىدۇ).

بۇ يىلقى قار ئېسەنگە قالماس.

بۇغداي تېرىساڭ ئارپا بولماس،
گەپنى قايتۇرغىلى (بولماس).

بۇلاقلار قوشۇلسا، دەريا بولار.

بۇلبۇل گۈللۈكتە ياشنار،
ئەل ئۆملۈكتە (ياشنار).

بۆرە ئالدىدا قوي هامان گۇناهكار.

بۆرە كۈچۈكى بۆرە بولۇر،
ئادەم ئەل ئىچىدە ئۆرە بولۇر.

بۆرە يەپ بەردى،
قاغا چوقۇپ (بەردى).

بۆرە يىغلىماپ مىلڭ بولماس.

بۆرىدىن قۇتۇلدۇم،
يولۋاسقا تۇتۇلدۇم.

بۆرىسى يوق جاڭگال نەدە،
ئوغرىسى يوق يۇرت نەدە.

بۆرىسى يوق جاڭگالغا مايمۇن پادىشاھ.

بۆرىنىڭ قارغىشىغا يولۋاس ئۆلمەس.

بۆشۈكتىن چىقساڭ،
تۆشۈكتە توختايسەن.

بىگىمنىڭ قىشىغا بارغۇچە، بىلىڭ ئۈشتۈلار.

بىگىمنىڭ كەينىدىن ئالىيىۋالاي.

بىلىق بىشىدىن سىسىيدۇ.



كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلىقنى ئۇزۇشكە ئۆگەتمەس.

بىر تال تۇۋرۇك ئۆزگىنى كۆتۈرەلمەس.

بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى ئىككى قېتىم سويۇلماس.

بىر قاغىنىڭ كېلىشى بىلەن قىش بولماس.

بىر قول — بىر قول،
ئىككى قول — ئىككى قول.

بىر قولدىن چاۋاك چىقماس،
پۇختا ئىشتىن كاۋاك (چىقماس).

بىر قىنغا ئىككى پىچاق سىغماس.

بىر ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم،
مىڭ ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم.

بىرتال سەرەڭگە پۈتۈن بازارنى خاراب قىلار.

بىرلەشكەن ئەل — دەۋرەپ كەلگەن سەل.

بىرلەشكەن دەريا بولۇر،
بىرلەشمىگەن تېرىق (بولۇر).

بىرلىك بار يەردە ئىناقلىق بار.

بىرلىك بولمىسا، تىرىكلىك بولماس.

بىرلىك نەدە بولسا، ئامانلىق شۇ يەردە.

بىرى ياققان ئوت ئون كىشىنى ئىسسىتار.

بىرنى پۈرە قىلمىغۇچە،
بىرى ئۆرە بولماس.

پ

پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغىلى بولماس.

پاختىدىكى تىكەن قولغا بەك سانجىلار.

پادىشاھ دۆت بولسا،
ئوردا ئەمەلدارى ساراڭ بولۇر.

پادىشاھتا بولسا ئادالەت.
پۇقراغا قىلار شاپائەت.

پادىشاھنىڭ كۆزىدە بولغۇچە كۆڭلىدە بول.

پادىشاھ — پىرىم خۇدا.

پارا يەپ بەگ سەمرەر،
سۆڭەك يەپ ئىت سەمرەر.

پاشا دەر: تۇمشۇقۇم مەس،
جاجامنى بېرەر ئەس.

پاشىنىڭ ئۇۋىسى يوق،
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى (يوق).

پاقا سىيگەنگە كۆل تاشماس.

پاقا كوركىرىمىسا يېرىلار.

پۇتاقسىز دەرەخ بولماس،
خاتاسىز ئادەم (بولماس).

پۇچۇق ياماقنىڭمۇ ئىگىسى بار.

پۇقرايىڭنى خار قىلما،
كۆڭلۈڭنى تار قىلما.

پۇل قەيەرگە بارار،
دوستنى دۇشمەن قىلغىلى.

پېقىرچىلىق ئاستا ـ ئاستا.

پىچاق ئۆز سېپىنى يونالماس.

پىرنىڭ غوجىسى ئىككى.

## ت

تادان هاكىم يۇرت بۇزار.

تاشنى سىققان بىلەن سۇ چىقماس.

تاغدىن ئېگىز تاغ بار.

تاغنى ئوقۇرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس،
دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس.

تالاشقان ئىت سورۇندىن ساق چىقماس.

تاما ـ تاما، كۆل بولار،
تاماي قالسا، چۆل بولار.

تەقدىرنىڭ تەدبىرىڭگە باغلىق.

تەقدىرىڭ قولۇڭدا بولسا،
ئىشەنچىڭ يولدا بولۇر.

تەگمىگىن كۆپكە،
كۆپ ئېغىتار چۆپكە.

تەڭلىك ـــ كەڭلىك.

تەلپىكنى ئەكەل دېسە،
بېشىنى ئەكەپتۇ.

تەن بولمىسا روھ بولماس،
روھ بولمىسا تەن (بولماس).

توپ بولدۇق — توق بولدۇق.

توپ ئىتنىڭ قۇيرۇقى دىڭ.

توختام سۆ چۆمۈچتىن قورقار.

تورغاينى سوي دېسەم قوناقنى كەستى.

توغرىلىق سۆزدىن بىلىنەر.

توقماق چوڭ بولسا،
لاتا قوزۇقمۇ يەرگە ماڭار.

توقۇم قاتتىق بولسا،
ئېشەك يېغىردىن ئاجرىماس.

توقۇمى يەڭگۈشلەنگەن بىلەن ئېشىكى شۇ.

توڭگۈزنى يۇساڭمۇ توڭگۇز.

تولا سايرىغان بۇلبۇل قەپەسكە چۈشەر.

توۋلىغاننىڭ تورى بار،
ئايرىلغاننىڭ شورى (بار).

تۆتقاق مۈشۈك بەش ئۆيگە تېتىسا،
سەزگۈر ئىت بەش مەھەللىگە تېتىيدۇ.

تۆخۆمنى تاشقا ئۇرساڭمۇ چېقىلار،
تاش بىلەن ئۇرساڭمۇ چېقىلار.

تۆغ يىقىلسا، پادىشاھ تەختتىن چۈشەر.

تۆت كىشى بىرلەشسە،
تاشتىن گۈل ئۈندۈرەر.

تۆشۈك يىراقتىن كۆرۈنەر.

تۆگە قانچە ئورۇق بولسىمۇ،
ئاتتىن پەس ئەمەس.

تۆگىدەك دۇنيادىن مىغىزدەك مەنسەپ يامان.

تۆگىنى ئۇسسۇلغا سالسا،
يەتتە چۆنەك قوغۇننى بۇزار.

تۆمۈرمۇ تۆمۈر،
سەندەلمۇ تۆمۈر.

تۆمۈرنى تۆمۈردە قىسسىپ،
تۆمۈردە بازغانلا.

تۆھمەتخور ئانت ئىچەر،
قارا نىيەت قان ئىچەر.

تۇگمەن سۇدا چۆرگۈلەر،
دەۋا پۇلدا چۆرگۈلەر.

تېرىمدا كېلىشمىگەن،
ئورمىدا چىقىشالماپتۇ.

تېكىنىڭ ئۇسكىنىگە تاغ تەۋرىمەس.

تىرناق گۆشتىن ئايرىلماس.

تىكەنسىز گۈل بولماس،
قاناتسىز بۇلبۇل (بولماس).

ج

جاڭگالدا غورا يوق،
رەمىالدا دورا (يوق).

جان بىر، قوۋۇرغا ئون سەككىز.

جان خۇدانىڭ،
تەن پادىشاھنىڭ.

جاھاندا جىم تۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق.

جاھانغا بېقىپ ئۇچۇشنى سۇندۇك بىلىدۇ.

جاھانغا ئىگە بولاي دېسەڭ،
ئاۋۋال ئادەمگە ئىگە بول.

چ

چاشقاننىڭ ئەرزىنى مۇشۇك سوراپتۇ.

چاندىر تارتمىنىڭ پاتمىنىنى ئات بىلەر،
يىگىتنىڭ قەدرىنى ئەل (بىلەر).

چەينەك ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ پىيالىگە ئېگىلەر.

چوڭ بىلىق كىچىك بېلىقنى يەر.

چوڭ دەرەخنىڭ سايىسى يەرگە كەڭ چۈشەر.

چوڭ ئېرىققا سۇ كەلسە،
كىچىك ئېرىق قۇرۇماس.

چۈجىسى جىق مېكىيان خورازدىن قورقماس.

چۆگۈن قاينىسا، بوينىغا تاشىدۇ.

چىت بۇزۇلسا، ئىت كىرەر.

چىقمىغان كۆنگە قاقلانماس.

چىۋىندىن ھەسەل چىقماس.

# خ

خانسىز ئەل — ئىگىسىز ئۆي.

خاننىڭ ئاغزى مايمۇن.

خاننىڭ دورى ئۈچ قېتىم.

خاننىڭ ھۆرمىتى پۇقرا بىلەن.

خان — قوزۇق،
پۇقرا — ئوزۇق.

خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى يالغان سۆزلەر،
كۆزى راست (سۆزلەر).

خورازسىزمۇ تاڭ ئاتار.

د

دادىسى خان بولسا،
ئۇرۇق - ئەۋلادى بەگ بولۇر.

دەرد بار، دەرمان يوق.

دەردى يوققا ۋاي چىشىم دىمە.

دەۋا قىرىماس،
ئېقىن سۇ سىسىماس.

دەۋاگەر بوش بولسا،
قازى مۇتتەھەم بولار.

دەۋرىڭ كەپتۇ سۇر بىگىم،
دەۋارانىڭ كەپتۇ ئۇر بىگىم.

دوختۇر دورىسى بىلەن،
دانىشمەن چارىسى بىلەن.

دورغا غىرىبنى ئۇرسا،
جىسا مۇساپىرنى ئۇرۇپتۇ.

دىمىسە دەرد،
دىسە لەت.

دېھقان قېشىدا كەتمەن،
كادىر قېشىدا دەردمەن.

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر،
پىتنىخورنىڭ كۆڭلى كىر.

رەھىمسىز يۈرەكنى ئېزىش ئۈچۈن شەپقەتسىز يۈرەك كېرەك.

روناق تاپىدىغان ئەل بىر ـ بىرىنى باتۇرۇم، دەر.

ز

زالىم يۇرت سورىسا،
ئالۋانغا ئامراق بولار.

زالىمدىن شەپقەت كۈتمە،
بىھايادىن ئىلتىپات (كۈتمە).

زامان ساڭا باقمىسا،
سەن زامانغا باق.

زامان قالار،
زالىم كېتەر.

زىغىر تېرىمىغان يەر قالمىدى،
بەگ بولمىغان ئەر قالمىدى.

# س

ساداقەتتىن ئىناقلىق كېلەر،
ساختىلىقتىن يىراقلىق (كېلەر).

سارنىڭ چۆجىگە ئىچى ئاغرىماس.

سارنىڭ مەقسىتى چۆجە يېمەكتە ئەمەس، چۆكۈلداتماقتا.

ساقلىق جان راھىتى،
ئىناقلىق كۆڭۈل (راھىتى).

سەپسىز پالۋان سەپ يارالماس.

سەپسىز كەلگەن سىيرىلەر،
سەپلىك كەلگەن كىرىلەر.

سەھرادا ھاڭرىغان ئېشەك،
شەھەردە ھاڭرىيالماس.

سوقۇشقاق خورازنىڭ تاجىسى يارا.

سوۋغاتقا ئۈزۈم كېرەك،
ئىسلاھقا تۈزۈم (كېرەك).

سۇ ئاستىدا قۇرۇق تاش يوق.

سۇغا سۇ قوشۇلۇپ ئۇلغىيار.

سۇتسىز ئىنەك ئۆلمىگۈچە سۈتلۈك ئاتالماس،
يامان كىشى ئۆلمىگۈچە ياخشى ئاتالماس.

سىپاگەر سىرىنى يوشۇرالماس،
پۇچۇق بۇرنىنى (يوشۇرالماس).

سىقىمداپ ئۇن يىغساڭ بارچىغا يېتەر.

سىياسەت ئادىل بولسا،
يەرمۇ ئالتۇن بېرەر.

سىياسەت توغرا بولسا،
لاتا قوزۇق يەرگە كىرەر.

# ش

شام نۇرى ئۆينى يورۇتار،
ئاي نۇرى جاھاننى (يورۇتار).

شانىياز ئۇۋغا چىقسا،
كەينىدىن غوۋغا چىقىپتۇ.

شەرىئەتتە چۈشكە داۋا يوق.

شەرىئەتتە شەك يوق،
سەۋەبسىز ئىش يوق.

شەيخ نان سورار،
ئەزرائىل جان (سورار).

# غ

غوجامنىڭ قورسىقى توق،
قۇلى بىلەن ئىشى يوق.

# ق

قاراقچى توپتىن ئايرىلغاننى بۆلار.

قارلىغاچ بالىسىنى يىغىپ ئۇچۇرار.

قازى ئاچ قالسا بازار كېزەر،
سوپى ئاچ قالسا مازار (كېزەر).

قازىنىڭ ئىتى ئۆلسە، مىڭ كىشى يىغلار،
قازى ئۆلسە، بىر كىشى (يىغلار).



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قامچا تېرىدىن ئۆتەر،
ھەقىقەت سۆڭەكتىن (ئۆتەر).

قائىدە قېرىماس،
مۇجۇق چىرىماس.

قاياشنىڭ ئەل بولسا،
قارا يەردە كېمەڭ قاتنار.

قۇدۇق قۇرۇغاندىن كېيىن سۇنىڭ قەدرى بىلىنەر.

قورققان سايىسىدىن ئۈركەر.

قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس.

قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس.

قوغۇننىڭ ئىچىدىن ئاردىغىنى يامان.

قول تۇتۇشقان ئاجىز ئەمەس.

قوماچ ھەرقانچە ئېتىلسىمۇ قازاننى تېشەلمەس.

قوناقسىز ئات قىر ئاشالماس،

قوي ئۆزىنىڭ پېيىدە ئېسىلار.

قۇدۇقتىكى سۇغا ئىتنىڭ بۇرنى تەگمەس.

قوملۇقتىكى ئىز — يوقالمىقى تېز.

قېرىنداش يىقىلسا يۆلىگىن،
ئۆتنە ئالغاننى تۆلىگىن.

قىتىغۇرنىڭ يېنىدا ئادەم تۇرماس،
سۆزۈك سۇدا بېلىق (تۇرماس).

قىزىق ئوتتا كۆمەچ پىشماس.

قىلغۇچىنىڭ كۆزى بىر،
كۆرگۈچىنىڭ كۆزى مىڭ.

قىلىچ يارىسى ساقىيار،
دىل يارىسى ساقايماس.

ك

كالا ئۆلسىمۇ كۆزىنىڭ ئالىسى كەتمەس.

كانايچىدىن يەل كەتتى،
دۇمباقچىدىن دۈڭگۈلدۈك.

كاۋا قوغۇن بولماس.

كوزا سۇندۇرغان ئەزىزدۇر،
سۇ ئەكەلگەن خار - زار.

كوسىغا تاغاق كەتمەس،
سوپىغا باغاق (كەتمەس).

كونىسىز يېڭى بولماس،
يامانىسىز ياخشى (بولماس).

كۆپ بىلەن يۈرگەن يولدىن ئازماس.

كۆپ بىلسەڭمۇ كۆپچىلىكتەك بىلەرسەن.

كۆپ ئۈيۈشسا سىر ئاچىلۇر.

كۆپتىن ياخشى ئەقىل چىقار.

كۆپتىن يامانلىغان كۆمۈكسىز قالار.

كۆپچىلىكتىن قاچقان قۇتۇلالماس.

كۆپكە كەلگەن ئىززامۇ توي.

كۆپنى كۆپچىلىك كۆتۈرەر.

كۆپنىڭ رىزقىغا قول سوزغان ئۆز رىزقىدىن ئايرىلار.

كۆپنىڭ غەيرىتى تاغنى قۇم قىلار.

كۆپنى سۆككەن كۆكەرمەس.

كۆپنىڭ غېمىنى يېگەننىڭ نېنى پۈتۈن.

كۆپنىڭ كۆچى كۆككە يەتكۈزەر.

كۆپنىڭ ھەققى ــــ كۆكنىڭ ھەققى.

كۆرسە ھالى يوق،
كۆرمىسە كارى يوق.

كۆز كۆرمىسە قاراق يانماس.

كۆز كۆرمىگۈچە چىراغ يانماس.

كۆسەي قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، كۆيۈپ تۈگەر.

كۆكتە ئۇچقاننىڭ ھەممىسى شۇڭقار ئەمەس.

كۆككە باقماي كۆپكە باق.

كۆڭۈل ئۆخلىمىغۇچە كۆز ئۇخلىماس.

كۆڭۈلگە كەلگەن قولدىن كەلسە يوتمەيدىغان ئىش بولماس.

كۆلدە يۈرگەن دوغداق چۆلنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

كۈن نۇرى كۆمۈلمەس،
ھەق ئېگىلەر سۇنماس.

كۈن ئۆتەر، يىل ئۆتەر، ئادەمگە قىرىلىق يېتەر.
كۈندە كولىساڭ تاغمۇ يىقىلار.



ئۇيغۇر كىتابلار بىكىتى www.uyghurkitap.com

كۆننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس.

كېچىدە كۈن چىقماس،
يالغۇز قولدىن ئۈن چىقماس.

كېڭەش ئالتۇندىن قىممەت.

كېڭەش قىلسا ئەل،
بولار توققۇزى تەل.

كېڭەشتە كەڭلىك كۆپ.

كېڭەشچىلىك بولمىسا،
دوپپاڭ بىلەن كېڭەش.

كېڭەشسىز ئىش — قېلىپسىز خىش.

كېڭەشلىك ئىش ئۈزار،
كېڭەشسىز ئىش توزار.

كېڭەشلىك ئىشنىڭ پۇشايمىنى يوق.

كېڭەشلىك ئىشنىڭ كېمى بولماس،
كېڭەشسىز ئىشنىڭ — تېگى.

كېڭەشمىگەن ئادەم ئەمەس.

كېڭىشىپ ئاتقان تاش يىراققا بارار.

كېچىكىشىپ كەسكەن قول ئاغرىماس.

گەپ تولا يەردە ئىش بۇزۇلار.

گۆش بار يەردە مۈشۈك جىم ياتماس.

گۈلنىڭ تاجىسى گۈل ئارىسىدا،
يىگىتنىڭ ياخشىسى ئەل ئارىسىدا.

## ل

لاي لايغا قوۋۇشار،
تاش تاشقا قوۋۇشماس.

لەقەم ئۆيدىن چىقار.

## م

مانتىنىڭ قىيمىسى ئىچىدە.

مەسلىھەتسىز ئىش قىلساڭ،
غوۋغا قاينار بېشىڭدا.
مەسلىھەتلىك ئىش قىلساڭ،
باغ چاينايسەن چىشىڭدا.

مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتسام،
توغقانلىرىم گۈل قىسىپتۇ.

موللىدىن ئىمان قاچسا يالغان كۆپىيەر،
پادىشاھتىن ئىنساب قاچسا ئالۋان كۆپىيەر.

مۇشت ھەقىقەتنى يىقىتالماس.

مۆرىمەس كالا يوق،
يىغلىماس بالا يوق.

مۇشۇك مۇشۇكنى چىشلىسە، چاشقان كۈلەر.

مۇشۇك مىياۋلىماي گۆش يېسە كۆپ يەر.

مۇشۇك يۈزىنى يۇغان بىلەن چاشقان يەر.

مىڭ بۇقىنى پىچىۋەتسە،
بىر غۇنجىنىنىڭ پەرۋايىغا كەلمەس.

ن

نادان پادىشاھ كەڭ جاھاننى تار قىلار،
بىلىملىكنى خار قىلار.

ناداننى نادان باشقۇرىدۇ،
ناداننى جاھان (باشقۇرىدۇ).

ناندا كىندىكنى كەسكىلى بولماس.

ە

ھارامغا ئارام يوق،
راستچىللىققا زاۋال (يوق).

ھارۋىدا خوت يوق،
ساراڭغا سوت (يوق).

ھالۋا ياغ بىلەن ئوخشار،
باھالاش گال بىلەن (ئوخشار).

ھايۋان سوقۇشسا دالانى بۇزار،
ئادەم سوقۇشسا ئارىنى (بۇزار).

ھايۋانغا تۈك يارىشار،
يەرگە كۆك يارىشار.

ھەر قولۇپنىڭ ئاچقۇچى باشقا.

ھەركىمنىڭ چىرىغى ئۆزىنىڭ ئۆيىنى يورۇتار.

ھەقنىڭ كۆزى جامدەك.
ھەقىقەت ئىككى پۇتلۇق.

ھەقىقەتكە داۋا يوق.

ھەقىقەتنىڭ تىزگىنى چىنلىقنىڭ قولىدا.

ھۆرۈننىڭ ئەسنىكى قاتتىق،
ھەقىقەتنىڭ تەستىكى (قاتتىق).

ھۆكمى قاتتىق پادشاھ پاختا بىلەن تاش يارار.

ھۆكۈم سۈرسە نادانلىق،
داناغا يوق ئامانلىق.

ھۆل ئوتۇننىڭمۇ كۆمۈرى قۇرۇق.

ھۆل - يېغىن كۆپ بولسا يەرنى بۇزار،
پىتنە - ئىغۋا كۆپ بولسا ئەلنى (بۇزار).

ھېسابتا بار،
ھەمدەمدە يوق.

## ئو

ئوت سوغۇقنى يېڭەر،
بىرلەشكەن ياۋنى (يېڭەر).

ئوت كۆيدۈرۈپ قورۇيدۇ،
شامال چېچىپ سورۇيدۇ.

ئوت ئۇلغايسا، گۇلخان بولۇر.

ئوتنى كەم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيەر.

ئوردا ئىناق بولمىسا،
ئەل روناق تاپماس.

ئوردىدا ھىماتىڭ بولسا،
ئەمەلدار بولمىقىڭ ئاسان.

ئورۇقلۇقتىن ئۆلگەن تۆگە ئاتتىن يوغان كۆرۈنەر.

ئوسۇرمىسا پۇرىماس.

ئوغرى قاپقاندا ئۆلەر،
سارالڭ چاپقۇندا (ئۆلەر).

ئوقى يوق مىلتىقتىن بىر كىشى قورقار، ئىككىسى قورقماس.

ئون ئېقىندىن بىر دەريا ياخشى،
يۈز كۆلچەكتىن بىر بۇلاق (ياخشى).

## ئۇ

ئۇرۇشمىغۇچە ئۆچ بولماس،
ئۇيۇشمىغۇچە كۈچ (بولماس).

ئۆزۈن تېرەكنىڭ سايىسى تۆۋىگە چۈشمەس.

ئۈستىرا كاپ بىلەن،
باھالاش لاپ بىلەن.

ئۈۋىسى چۇۋۇلسا،
تۇخۇمى ساق قالماس.

ئۈيۈشقان كۈچ ئالماستىن چىڭ.

## ئۆ

ئۆچكە ئورۇقلۇقىنى قويغا بىلىندۈرمەس.

ئۆچكىنى شامال ئۇچۇرسا،
ئوغلىقىنى ئاسماندا كۆر.

ئۆز بېشىنىڭ چىۋىنىنى قورۇيدۇ.
ئۆز يۇرتىدا مۇساپىر بولۇپتۇ.

ئۆزىگە يارىغان خانغا يارار.

ئۆستەڭنى يار ئالدۇرغان بىر كەتمەن لاي،
جېدەلنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىككى ئېغىز «ھاي!»

ئۆلمەسنى خۇدا ياراتماس،
سۇنماسنى كوزىچى (ياراتماس).

ئۆلمەيدىغان جان يوق،
ئۆپرىمايدىغان قازان (يوق).

ئۆلمەن دېسە، مىنمەن دەپتۇ.

ئۆم ئەمگەكتە ئۇنۇم بار.

ئۆم بولمىسا ئەل بولماس،
بىرلەشمىسە كۈچ (بولماس).

## ئۈ

ئۈچ ئاچا بىلەن چەللە قۇرغىلى بولماس.

ئۈچەي قۇرۇپ يىپ بولدى،
يىلىك قۇرۇپ نەي بولدى.

ئۈزۈلگەن ئارغامچا ئۇلىغانسېرى قىسقىرار.

## ئي

ئىرىقتا لەھەڭ يوق.

ئىشەك ئارپا تەمىنى بىلمەس.

ئېشەك ئۆلسە تېرىسىنى سويغىلى ئادەم چىقار.

ئېغىر تاش سۇدا ئاقماس.

ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېتىزدا ئوتى ئۈنەر.

ئېگىز - پەس يەردىن سۇمۇ يامانلار.

ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەس.

ئېلى يەكلىگەننى قۇلمۇ يەكلەر.

ئېلىپتەك رۇس بولساڭ، ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.
لام ئېلىپتەك ئەگرى بولساڭ، ھەر بالا باردۇر ساڭا.

ئېلىڭ قۇدرەت تاپسا،
تېنىڭ قۇۋۋەت تاپار.

## ئى

ئىت ھاكىم بولسا، سۆڭەك سېلىق سالار.

ئىت ئۆگزىگە چىققان بىلەن ئىگىسىدىن ئېگىز ئەمەس.

ئىتنى قازى قىلساڭ،
قاۋاشقا قىستار.

ئىتنى قاۋىدى دەپ تىلىنى كەسكىلى بولماس.

ئىچى تارنىڭ سىرتىمقى ئۆزىنى بوغار.

ئىش بۆلگەندە توگەر،
ئادەم ئۆلگەندە (توگەر).

ئىشنى قىلغىن پەم بىلەن،
مەسلىھەتلىشىپ ئەل بىلەن.

ئىككى ئاچال پاتمىغان يەرگە ئىككى يۈز ئەر سىغار.

ئىككى بوغا ئىكەشەر،
ئارىدا كۆكۆيۈن يانچىلار.

ئىككى خوراز چوقۇشسا،
ھەر ئىككىسىنىڭ تاجىسى قان بولۇر.

ئىككى قوچقار سوقۇشسا،
بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچار.

ئىككى كېگەشچى — بىر ئادەمنىڭ خۇداسى.

ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەس.

ئىمام يۆتەلسە، جامائەت زۇكامدار.

ئىناق ئەل پاراۋان،
ئىناقسىز ئەل باياۋان.

ئىناقسىز ئەلدە ئەر جىق،
ئىناق ئەلدە بەرىكە (جىق).

ئىناقسىز ئەلدە بەرىكەت يوق،
جېدەلدىن باشقا ھەرىكەت يوق.

ئىناقسىزنىڭ سۆزى كۆل،
ئىناقلىقنىڭ يۈزى گۈل.

ئىناقلىقتىن روناقلىق كېلەر.

ئىنساب قالمىدى چوڭدا،
ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

ئىنسان ــــ نۇقسان.

## ي

ياتنىڭ بالىسى ــــ يىغا.

ياخشى دېھقان يەر تۈزەر،
ياخشى خان ئەل (تۈزەر).

ياخشى سۆزنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت بولماس.

ياخشى كۆڭنىڭمۇ بوران - يامغۇرى بار.

ياخشى ۋەزىر ــ كۆرۈنەر خىزىر.

يارا ئاغرىقىدىن دىل ئاغرىقى يامان.

يارلىق دېگەن ياسىداق.

ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينار.

ياغاچنى تاشقا تاڭغىلى بولماس.

ياقىغا چىقساڭ ياقاڭ يىرتىلار.

يالغان سۆز بىر پۈتلۈق،

يالغۇز تارنىڭ ئۈنى چىقماس.
يالغۇز قوينى بۆرە يەر.

يالغۇز ئوتۇن قۇرۇق بولسىمۇ كۆيمەس.

يالغۇز ئۆيىنىڭ تامىقى ئۆزىگە يەتسىمۇ، كۆپكە يەتمەس.

يالغۇز يىگىت خان بولماس،
يالغۇز ياغاچ ئۆي (بولماس).

يالغۇزلۇقتا تام قوپماس.

يامغۇر تامچە بولۇپ چۈشۈپ،
دەريا بولۇپ ئاقار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يايلاقتا بارساڭ قارا باشنى تۇت،
ھاشارغا ھەيدىسەڭ ياۋاشنى (تۇت).

يول ماڭسا ئىچىلار،
ئادەم ئىشلىسە، ياشىرار.

يولدىن چىقما،
خاندىن قورقما.

يولۋاسمۇ ئاچ قالسا، قىياق يەر.

يۇرت ئاتىسىز بولماس،
كىيىم ياقىسىز (بولماس).

يۇرت ئىتلىرى تالىشار،
بۆرە كەلسە يارىشار.

يۇرتقا پاتمىغان ھېچيەرگە پاتماس.

يۇڭ يېگەن ئىتنىڭ چىچمىقى تەس.

يۆلەنچۈكۈڭ تاغ بولسا، مۇشتۇمۇڭ بازغان بولار.

يۈز كۈن يەلپۈگەن غالچا بوپتۇ،
بىر كۈن يەلپۈگەن ئاغىچا (بوپتۇ).

يېقىملىق سايرىغان قۇش قەپەستە بولۇر.

يېقىملىق كۆزدىن بىلىنەر.

يېقىنىنىڭ يېقىنى بار،
دەريانىڭ ئېقىنى بار.

يېڭى ئىش — ئۈچ كۈن سۆز - چۆچەك.

يېڭىياچە غەزەل چىقتى،
ئېيتالماي جېنىم چىقتى.

يېنىڭدا تۇرسا پۇلۇڭ توققۇز تۇرار،
ئەلدە قويساڭ پۇلۇڭ ئوتتۇز بولار.

يىغىڭۋالمىغۇچە ئەل بولماس،
چىگىڭۋالمىغۇچە بەل (بولماس).

يىڭنە قاياقتا ماڭسا،
يىپ شۇ ياقتا ماڭار.

يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن قارىساڭ،
ئاسمانمۇ تېرىقتەك كۆرۈنەر.

يىلاننىڭ ئۆزى ئەگرى ئەمەس، يولى ئەگرى.

— جەننەت نەدە؟
— داق بولسىمۇ بارنى كۆرگەن يەردە.



# سىنىپ، تەبىقە، دوست ۋە
# دۈشمەن توغرىسىدا

# ئا

ئاتا دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتما.

ئاتاڭنىڭ بارىدا دوست ئىزدە،
ئېتىڭنىڭ بارىدا يول (ئىزدە).

ئارپا ـ بۇغداي بىر كۈنگىچە يارايدۇ،
سادىق دوستۇڭ سەن ئۆلگىچە يارايدۇ.

ئارتۇق خەزىنە ئەرگە دۈشمەن.

ئاز قايغۇنى ئاش باسار،
كۆپ قايغۇنى دوست (باسار).

ئاغرىغان دوستقا يېقىنلاش، ماختىغان دوستتىن قاچ.

ئاغرىق ئاشتىن، بالا قاياشتىن.

ئاغزى شېكەر، دىلى زەھەر.

ئاغزى مايماق، دىلى مايماق.

ئاغزىدىن ھەسەل تامار،
كۆڭلىدىن زەھەر (تامار).

ئاغىنە بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنىدۇ.

ئاغىنەڭ بايۋەچچە بولسا يېيىشىڭ ھالۋا.

ئاغىنەڭ ساپ بولسا،
تاشلىقتا ئات بولسا.

ئاغىنەڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق.

ئاغىنەڭ ياردەم سورىسا ئەتىگە قالدۇرما.

ئاق پىيازنىڭ پوستى تولا،
ئەخمەقنىڭ دوستى (تولا).

ئاق كۆڭۈل ئامانلىق تىلەر،
ھەسەتخور يامانلىق (تىلەر).

ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر،
دوستلۇق سوتتا (بىلىنەر).

ئالدى گۈل، كەينى تىكەن.

ئالدىدا قول سىقىشار،
ئارقىسىدىن تاش ئېتىشار.

ئالدىدا ماختىغان ھىيلىگەر، ئارقىدىن غاجاپتۇ.

ئالدىدا ماڭساڭ ئوق تېگىدۇ،
كەينىدە ماڭساڭ دوق (تېگىدۇ).

ئالدىدا ھى - ھى - ھى،
كەينىدە خى - خى - خى.

ئالدىدا ھىمەك - ھىمەك قىلادۇر، دىلى نامەرد خۇنسىلار.

ئالدىڭدا تۇرسا ئۇرۇشقۇڭ كېلەر،
يىراقتا تۇرسا ئۇيۇشقۇڭ كېلەر.

ئالدىڭغا بىر قارىساڭ،
كەينىڭگە ئىككى قارا.

ئاۋۋال ئۇرۇشۇپ، ئاندىن دوست بول.

ئايىمايمەن سىنىڭدىن،
تارتىۋالىمەن مىنىڭدىن.

# ئە

ئەخمەق بىلەن دوست بولساڭ ئىشىڭنى بۇزىدۇ،
دۇشمەن بىلەن دوست بولساڭ بېشىڭنى ئۈزىدۇ.

ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىك دۇشمەن ياخشى.

ئەر قانىتى دوست.

ئەقىللىق دۈشمەندىن قورقما،
ئەقىلسىز دوستتىن قورق.

ئەل ئامانلىقنى تىلەر،
دۈشمەن يامانلىقنى (تىلەر).

ئەلدە دۈشمەن يوق دېمە،
چۆلدە بۆرە يوق (دېمە).

ئەيىبسىز دوست ئىزدىگەن دوستسىز قالار.

ب

بارماق ئۆيۈشسا مۇشت بولىدۇ.

باغ سۇسىز ياشىماس،
ئىنسان دوستسىز (ياشىماس).

بايلىق بايلىق ئەمەس، بىرلىك بايلىق.

بايلىق دوست ئەمەس، دوستنىڭ ئۆزى بايلىق.

بەختىڭدىن خۇشال بولغان ــــ ساڭا دوست.

بەش بارماق بىرىككەندە، ئورغاقنى تۇتقىلى بولىدۇ.

بەش پۇلۇڭنىڭ بارىدا دوستمۇ دوست، دۈشمەنمۇ دوست.

بەش پۇلۇمنىڭ بارىدا ئەيسا بېگىم دەيدۇ مېنى،
بەش پۇلۇمنىڭ يوقىدا ئەيسا چولاق دەيدۇ مېنى.

بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى — دۈشمىنى.

بۇلاڭچى ئالانىيەت، قاراقچى قارا نىيەت.

بۇلبۇل گۈل بار يەردە،
ھۆرمەت دوست بار يەردە.

بۇلبۇل گۈل تۈۋىدە،
ھۆرمەت دوست تۈۋىدۇ.

بۆرە بۆرىگە تارتىدۇ.

بۆرە قوي بولماس،
دۈشمەن ئۆز (بولماس).

بۆرىمۇ دوستىغا قەست قىلماس.

بۈگۈنكى دوستلىرىڭدىن ئەتىكى دۈشمەنلىرىڭ زىيەك.

بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغىنى دوست.

بىر «ھايت» دېسە، مىڭى «لەببەي» دەپتۇ.

بىر تال چاچ تارتىلسا پۈتۈن گەۋدە قوزغىلار.

بىر ساپ ئۈزۈم قىرىق كىشىگە يېتەر.

بىر قىر ئاشقۇچە، كۆپ داۋان ئېشىپتۇ.

بىر ئوتنى كىچىك كۆرمە،
بىر دۈشمەننى كىچىك (كۆرمە).

بىر ياقىدىن باش،
بىر يەڭدىن قول چىقىرىش.

بىر يەڭدىن قول چىقارسا تاغنىمۇ يۆتكىگىلى بولۇر.

بىرلەشكەن ئۆزار،
بىرلەشمىگەن توزار.

بىرلىك بار يەردە بەرىكەت بار.

بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس.

بىرلىكسىز كۈچ بولماس.

بىرلىكنى بىلمىگەنلەر، ئۆز بېشىنى يېگەنلەر.

بىرنىڭ ئەقلى بىر بولىدۇ،
كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ (بولىدۇ).

بىرى ئىشلەر، ئون بىرى چىشلەر.

بىللە يېگەن ئاش تەملىك، بىللە قىلغان ئىش ئۈنۈملۈك.

بىھايا دوستلۇققا يارىماس.

## پ

پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.

پەخەس بولغىن دوستۇڭغا،
سامان تىقار پوستۇڭغا.

پۇل تاپقۇچە، دوست تاپ.

پۇل تېپىلار، دوست تېپىلماس.

پۇل يوقتا دوست يوق.

پىياز پوستى بىلەن،
ئادەم دوستى بىلەن.

پىيازنىڭ پوستى تولا،
ئەخمەقنىڭ دوستى (تولا).

## ت

تار يەر دوستلار بىلەن مەيدان بولۇر،
كەڭ يەر دۈشمەن بىلەن زىندان بولۇر.

تارالمىغان چاچنىڭ زىنىنتى يوق،
دوستسىز ھاياتنىڭ قىممىتى (يوق).

تاما ـ تاما كۆل بولۇر،
تامماي قالسا چۆل بولۇر.

تامچە سەل بولماس،
دۈشمەن ئەل بولماس.

تەڭ كۆتۈرگەن يۈك يېنىك.

تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر،
يالغۇز يېگەن يەر (سىڭەر).

تەڭنىدە نان بولسا بىلەكتە جان بولىدۇ.

تەن بىرلىكنى كۈتمەي، دىل بىرلىكنى كۈت.

تەن بىلەن يۈرەك، گۆش بىلەن سۆڭەك،
ياغ بىلەن بۆرەك، پېلەك بىلەن خەمەك، بولمايدۇ بۆلەك.

توڭگۇز قوي بولماس،
ئىشىكسىز ئۆي (بولماس).

تون ياقىسىز بولماس،
ئەل ئاغىنىسىز (بولماس).

تۆت كىشى بىر بولسا تاشتىن گۈل ئۈندۈرەر.

تۈلكىنىڭ تېرىسى ئۆزىگە دۈشمەن.

تۈنۈگۈن — دوست،
بۈگۈن — تونۇش.

تىرىك بولساق بىر يەردە بىز،
ئۆلۈك بولساق بىر گۆردە بىز.

تىكەننىڭ زەھىرى تېشىدا،
دۈشمەننىڭ زەھىرى ئىچىدە.

تىكەننىڭ زەھىرى ئۇچىدا،
دۈشمەننىڭ زەھىرى ئىچىدە.

تىل دىلغا باغلىق،
دوستلۇق ۋىجدانغا (باغلىق).

تىلى شېرىننىڭ دوستى كۆپ.

ج

جان ئاغرىتقان دوست بولماس.

جان دوستۇڭ جېنىدىن كېچەر،
باي دوستۇڭ مېلىدىن كەچمەس.

جان دوستى جىنىدىن كېچىپتۇ،
مال دوستى بەدەر قېچىپتۇ.

جاندىن ئايرىلماق ئاسان،
جان دوستتىن ئايرىلماق تەس.

جانغا كۆيگەن جاندەك دوست،
جانغا كۆيمەس قانداق دوست؟

جېدەلخۇمار دوستۇڭدىن،
جىمغۇر دۈشمىنىڭ ياخشى.

## چ

چوڭ ئۆستەڭدە سۇ بولسا، كىچىك ئېرىق قۇرۇماس.

چوڭ ئۆينىڭ ئورتاق، كىچىك ئۆينىڭ قورداق.

چۈمۈلە بىرلەشسە شىرنىڭ تېرىسىنى يۇلۇۋالار.

چىن دوست بارىڭنى ئاشۇرار، يوقۇڭنى يوشۇرار.

چىن دوست تۇغقىنىڭ بىلەن تەڭ.

چىن دوست يۈز خىزمەتچىدىن ياخشى.

# خ

خەق ھاك باقمايدۇ، ئىزىڭغا باقىدۇ.

خەلق دوستلۇقى — يۇرت بايلىقى.

خىيانەتلىك دوستتىن،
دىيانەتلىك دۈشمەن ياخشى.

# د

داغ — ھەسرەتتە قالغانلىق.

دەرەخ يىلتىز بىلەن كۆكلەر،
ئادەم دوست بىلەن (كۆكلەر).

دەرەخنى يىلتىزى ساقلار،
ئادەمنى دوستى (ساقلار).

دەست تۇرۇپلا دوست تاپماق تەس.

دوست ئاتقان تاش باش يارماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوست ئاشكارا، دۈشمەن يوشۇرۇن.

دوست ئالتۇندىن قىممەت.

دوست ئامانلىقنى تىلەر،
دۈشمەن يامانلىقنى (تىلەر).

دوست ئاينىسا دۈشمەن بولۇر.

دوست ئەقىل تاپسا دوست ئىزدەيدۇ،
دۈشمەن ئەقىل تاپسا قان (ئىزدەيدۇ).

دوست بار، دۈشمەنمۇ بار.

دوست باشقا قارار، دۈشمەن ئاياغقا.

دوست بول سىرىنى بىلىپ،
باشلايدىغان يېرىنى بىلىپ.

دوست بولساڭ ئىناق بول،
دۈشمەندىن يىراق (بول).

دوست بولۇش ئاسان، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش تەس.

دوست بولۇشساڭ ئىناق بول،
بىر ـ بىرىڭگە سىناق (بول).

دوست تاپاي دېسەڭ قىساسكار بولما.

دوست تاپساڭ قۇدرەت تاپسەن.

دوست تاش بەرسە گۆھەر بىل،
دۈشمەن ئاش بەرسە زەھەر بىل.

دوست تولا، توغرىسى ئاز.

دوست تۇتساڭ كەيپ ـ ساپانى،
سىپتىۋالسەن جەبىر ـ جاپانى.

دوست تۇتۇش ئۇچۇن ئاۋۋال باشقىلارنىڭ دوستى بول.

دوست تېپىپ دوست بولغىنىڭغا شادلان،
دۈشمەن بىلەن دوست بولۇشتىن ساقلان.

دوست تىنچلىق تىلەيدۇ،
دۈشمەن پىچاق بىلەيدۇ.

دوست چىللىسا قالما،
دۈشمەن چىللىسا بارما.

دوست خۇشاللىقتا بىلىنەر.

دوست دوستقا ئەينەك.

دوست دوستقا قالقان.

دوست دوستنى ئايايدۇ،
كەمچىلىكنى ساۋايدۇ.

دوست دوستنى كۆلپەتتە سىنار.

دوست زىيانغا تەۋرىمەس،
تاغ قىيانغا (تەۋرىمەس).

دوست سىرىنى دۈشمەندىن پىنهان تۇت.

دوست سىرىنى يوشۇرماس،
پۇچۇق بۆرىنى (يوشۇرماس).

دوست قولىدىن مەرد قول بولماس.

دوست كەينىڭدە ماختار،
دۈشمەن ئالدىڭدا (ماختار).

دوست كۆيۈنەر،
دۈشمەن سۆيۈنەر.

دوست كېڭەشتە بىلىنەر.

دوست لەۋزىنى تاشلىما،
تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.

دوست نامراتلاشقاندا بىلىنەر.

دوست ھېسابى دىلدا.

دوست ئۆت،
خۇش ئۆت.

دوست ئۆلگەندە بىلىنەر.

دوست ئېتىنى مىنگەنگە مەنزىل يېقىن.

دوست ياخشى يېرىڭنى كۆرىدۇ،
دۈشمەن يامان يېرىڭنى (كۆرىدۇ).

دوست يولدا، ئىت قولدا، قۇش ئۇۋدا سىنىلار.

دوست يۈزۈڭگە باقار،
دۈشمەن ئىزىڭغا (باقار).

دوست يۈزىدىن بىلىنەر،
دۈشمەن ئىزىدىن (بىلىنەر).

دوست يىراقتا بولسىمۇ، كۆڭۈل يېقىن.

دوست يىغلىتىپ ئېيتىدۇ،
دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتىدۇ).

دوست ــ ئالتۇنۇك،
دۈشمەن ــ قاتىلىلىك.

دوست ــ دوستنىڭ ئەينىكى.

دوست ـ يارەنلىرىڭ يوق يەرنى يادلىما.

دوستتا دۈشمەننىڭ قۇلىقى بار.

دوستتىن تولا دۈشمىنىڭ.

دوستتىن ۋاپا،
دۈشمەندىن جاپا.

دوستسىز ئادەم بولماس،
پوستسىز پىياز (بولماس).

دوستسىز ئادەم — قاناتسىز قۇش.

دوستسىز باشىم — تۇزسىز ئاشىم.

دوستسىز تۇرمۇش — تۇزسىز ئاش.

دوستسىز ئۆمۈر قانتى يوق قۇشنىڭ كۆنىگە ئوخشايدۇ.

دوستقا بەرگەن بوشقا كەتمەس.

دوستقا تاپا قىلما،
دۈشمەنگە كۈلكە (قىلما).

دوستقا خىيانەت قىلما،
دۈشمەنگە شاپائەت (قىلما).

دوستقا دەرد كەلسە دۈشمەنگە توي بولىدۇ.

دوستقا دۈشمەن بولۇش ئاسان،
دۈشمەنگە دوست بولۇش قىيىن.

دوستقا قىلساڭ يامانلىق،
ئۆزۈڭگە بولماس ئامانلىق.

دوستقا مۇھەببەت،
دۈشمەنگە نەپرەت.

دوستقا ئېيتتىم سۆزۈمنى،
دۈشمەن بىلدى سىرىمنى.

دوستقا دوست، ھېساب قا رۇس.

دوستلار ئارا ئاداۋەت،
دۈشمەن ئۈچۈن تاپاۋەت.

دوستلاردا ئاداۋەت تۇغۇلسا،
دۈشمەننىڭ كۆنى تۇغۇلار.

دوستلۇق سۆز ئاچچىق.

دوستلۇقنى خورلىغان ئۆزىنى خارلايدۇ.

دوستلۇقنى ئۈزگەننى قاتىل دېگۈلۈك.

دوستلىرىڭغا ھېرىس بول،
دۈشمىنىڭگە خىرىس (بول).

دوستنى ئاز سانىساڭ پۇشايماننى يۈز سانايسەن.

دوستنى دۈشمەن قىلار ئاداۋەت،
ئادەمنى ھۆرۈن قىلار قانائەت.

دوستنى دۈشمەنگە يامانلىما.

دوستنى رەنجىتسەڭ، دۈشمەن شاد بولار.

دوستنى سەپەردە سىنا،
قوشنى قەپەستە (سىنا).

دوستنى سېتىۋالغىلى بولماس.

دوستنىڭ ئاتقان تېشى باشنى يارماس.

دوستنىڭ بولغىنى ياخشى،
دۈشمەننىڭ ئۆلگىنى (ياخشى).

دوستنىڭ تەنىسى جاندىن ئۆتىدۇ،
دۈشمەننىڭ تەنىسى ياندىن (ئۆتىدۇ).

دوستنىڭ جاپاسى دۈشمەننىڭ راھىتىدىن ياخشى.

دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.

دوستنىڭ دوستلۇقى كېرەك،
ھېسابنىڭ دۇرۇسلۇقى (كېرەك).

دوستنىڭ دوستلۇقى ھەريەردە تېگەر،
دۈشمەننىڭ دۈشمەنلىكى تار يەردە (تېگەر).

دوستنىڭ دوستلۇقىنى ئۈچ كۈندە بىلمىسەڭ،
ئۈچ يىلدا بىلەرسەن.

دوستنىڭ سۆزى تاتلىق دىلىڭ ئاغرىسىمۇ،
دۈشمەننىڭ سۆزى ئاچچىق مىڭ كۈلدۈرسىمۇ.

دوستنىڭ قەدرى ئايرىغاندا بىلىنەر.

دوستنىڭ كونىسى ياخشى،
چاپاننىڭ يېڭىسى (ياخشى).

دوستنىڭ كۆڭلى قالغۇچە دۈشمەننىڭ بوينى سۇنسۇن.

دوستنىڭ كۈلگىنى گۆھەر،
دۈشمەننىڭ كۈلگىنى زەھەر.

دوستنىڭ ھېسابى دىلىدا،
دۈشمەننىڭ ھېسابى تىلىدا.

دوستنىڭ ئوسۇرۇقى پۇرىماس.

دوستنىڭ ياخشىسى يانچۇق،
دۈشمەننىڭ ئەسكىسى قانجۇق.

دوستۇڭ بولسا يۆلەك بولۇر ئىشىڭغا،
دۈشمەن بولسا تاشلار چاچار چىشىڭغا.

دوستۇڭ بىلەن كۈندە ھېسابلاش،
دۈشمىنىڭ بىلەن يىلدا (ھېسابلاش).

دوستۇڭ بىلەن يولدا بول،
ھەر ئىشىڭغا قولداش (بول).

دوستۇڭ جاپا سالسا يىغلىغىن،
دۈشمىنىڭ جاپا سالسا چىدىغىن.

دوستۇڭ جىق بولسا ھېسابى دۈرۈس بولۇر.

دوستۇڭ خاتالىقنى توغرىلايدۇ،
دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ.

دوستۇڭ ساڭا سۇ بەرسە،
سەن ئۇنىڭغا ھەسەل بەر.

دوستۇڭ شادلىنار كۈلگىنىڭدە،
دۈشمىنىڭ شادلىنار ئۆلگىنىڭدە.

دوستۇڭ كۆپ بولسا، ئەقلىڭ كۆپ بولۇر.

دوستۇڭ كۆپ بولسىمۇ ئاز دەپ بىل،
دۈشمىنىڭ ئاز بولسىمۇ كۆپ دەپ (بىل).

دوستۇڭ كۆپەيسە دۈشمىنىڭ نېرى،
دۈشمىنىڭ كۆپەيسە دوستلىرىڭ نېرى.

دوستۇڭ كۆپىيەر قولۇڭغا پۇل چۈشكەندە،
ھەقىقىيسى بىلىنەر بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە.

دوستۇڭ كۆڭلۈڭنى ئىزدەر،
دۈشمىنىڭ يىلتىزىڭنى (ئىزدەر).

دوستۇڭ گۈل بولسا سەنمۇ پۇرايسەن،
دوستۇڭ تىكەن بولسا سەنمۇ دەسسەيسەن.

ئۇيغۇر كىتاب بىلوگى
www.uyghurkitap.com

دوستۇڭ ئوك يولغا باشلار،
دۈشمىنىڭ زىندانغا تاشلار.

دوستۇڭ ئۆزۈڭدىن ئارتۇق بولسۇن.

دوستۇڭ ئۈچۈن زەھەر يۇت.

دوستۇڭ ئۈچۈن سىلىق بول،
دۈشمەن ئۈچۈن سىرلىق بول.

دوستۇڭ ئۈچۈن قەلبىڭنى دەريا قىل،
دۈشمەن ئۈچۈن كىرپىكىڭنى ئوقيا (قىل).

دوستۇڭ يامان بولسا قېچىپ قۇتۇلارسەن،
ئىتىڭ يامان بولسا سېتىپ (قۇتۇلارسەن).

دوستۇڭ يوق باغدىن،
دوستۇڭ بار تاغ ياخشى.

دوستۇڭ يۈزۈڭگە باقىدۇ،
دۈشمىنىڭ ئىزىڭغا (باقىدۇ).

دوستۇڭ يىراقتىن هال سوراپ كېلۇر،
دۈشمىنىڭ يېقىندىن جان سوراپ كېلۇر.

دوستۇڭدىن ئايرىلساڭ يەتتە يىل ئازاب،
يۇرتۇڭدىن ئايرىلساڭ مەڭگۈلۈك ئازاب.

دوستۇڭدىن جېنىڭنى ئايىما.

دوستۇڭدىن دەردىڭنى يوشۇرساڭ دۈشمىنىڭ خۇشال بولۇر.

دوستۇڭدىن سىر تۇت،
ئۆزۈڭدىن نېرى تۇت.

دوستۇڭدىن سىر ساقلىما بىلگۈسى كېلۇر،
دۈشمىنىڭگە دەرد تۆكمە كۈلگۈسى كېلۇر.

دوستۇڭدىن مەسلىھەت سورا،
ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىل.

دوستۇڭغا باق، ئۆزۈڭدىن كۆر.

دوستۇڭغا بالا كەلسە ئۆزۈڭنى چەتكە ئالما.

دوستۇڭغا پۇل بەرگۈچە ئەقىل بەر.

دوستۇڭغا پىچاق تىققۇچە پوستۇڭغا سامان تىق.

دوستۇڭغا جاپا قىلما،
دۈشمەنگە ۋاپا (قىلما).

دوستۇڭغا خار بولغۇچە،
كۆك يانتاقا يار (بول).

دوستۇڭغا دەرد كەلسە دۈشمىنىڭنىڭ تويى بولۇر.

دوستۇڭغا راست گەپ قىل،
دۈشمىنىڭگە ماختىنىپ (گەپ قىل).

دوستۇڭغا سىر بەرسەڭ ئىچىدە بىلەر،
دۈشمىنىڭگە سىر بەرسەڭ ھەجىيىپ كۈلەر.

دوستۇڭغا قاپاق تۈرگۈچە دۈشمىنىڭگە مۈشت تۈگ.

دوستۇڭغا قەرزدار بولساڭمۇ دۈشمىنىڭنى قۇل قىل.

دوستۇڭغا ئېتىلغان كېسەكنىڭ چېكى سېنىڭ كۆزۈڭگە كىرەر.

دوستۇڭغا ئىناق بول،
دۈشمىنىڭگە يىراق بول.

دوستۇڭنى ئاياشنى بىل،
دۈشمىنىڭنى ساۋاشنى (بىل).

دوستۇڭنى باشلاپ ماڭ،
دۈشمىنىڭنى تاشلاپ (ماڭ).

دوستۇڭنى توختاتما، يولدىن قالار،
دۈشمىنىڭنى توختاتما، سىرىڭنى ئالار.

دوستۇڭنى سورىغۇچە ئۆزۈڭنى سورا.

دوستۇڭنى سىنىماق بولساڭ، كېڭىشىپ كۆر.

دوستۇڭنى سىنىماقچى بولساڭ ئۇنىڭ بىلەن سەپەرگە چىق.

دوستۇڭنى سىيگەندە سىنا.

دوستۇڭنى كۆتەي دېسەڭ ئىتىنى ئوبدان باق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوستۇڭنى يىغلىغاندا تاپ،
دۈشمىنىڭنى كۈلگەندە (تاپ).

دوستۇڭنىڭ ئازلىقىدىن قورقما، ۋاپاسىزلىقىدىن قورق.

دوستۇڭنىڭ بايلىقىدىن ئۆزۈڭنىڭ قەلەندەرلىكى ياخشى.

دوستۇڭنىڭ پوقى پۇرىماس.

دوستۇڭنىڭ دوستى بار.

دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى بولاي دېسەڭ قوينى باق.

دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى دۈشمىنىڭنىڭ دوستى.

دوستۇڭنىڭ سوغۇق سۈيىنى ئىچ،
دۈشمەننىڭ ھەسىلىگە ئېغىز تەگمە.

دوستۇڭنىڭ سىنىغىنى — ئىزدىگىنى،
دۈشمەننىڭ سىنىغىنى — قىينىغىنى.

دوستۇڭنىڭ قەستىدىنمۇ ساقلان،
دۈشمىنىڭنىڭ دوستىدىنمۇ ساقلان.

دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى كۆكسۈڭگە باس.

دوستۇڭنىڭ ئىشىنى دۈشمىنىڭگە يېگۈزمە.

دوستۇڭنىڭ ئىتىغا سۆڭەك تاشلا،
دۈشمىنىڭنىڭ ئىتىغا لاتا (تاشلا).

دوستۇڭنىڭكىنى يە، كۆڭلى قالمىسۇن،
دۈشمىنىڭكىنى يە، ئۆزىگە قالمىسۇن.

دوستۇم دەپ سىر ئېيتما، دوستۇڭنىڭمۇ دوستى بار.

دوستۇم دەيدۇ «خوتۇنغا تويۇك» دەپ،
قېيىنئانام دەيدۇ «قىزىمنى قويۇك» دەپ.

دوستۇم دېگەن كىشىنى،
بىلىپ باقىسەن ئىشىنى.

دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بويۇمدا قاپتۇ.

دوستۇمنىڭ ئۆلگىنىگە يىغلىمايمەن،
قارا ئېشەكنىڭ كەتكىنىگە يىغلايمەن.

دوستى بارنىڭ بەختى بار.

دوستى بارنىڭ بېغى چىمەندۇر،
دوستى يوقنىڭ مىجەزى ياماندۇر.

دوستى بولمىسا ئاسمانچە مەرتىۋىنىڭ نېمە پايدىسى.

دوستى تولا، دوستلۇقى ئاز.

دوستى كۆپنىڭ يولى كەڭ.

دوستى يوقنىڭ ھۆرمىتى يوق.

دوستىدىن ئەيىب ئىزدىگەن دوستسىز قالار.



ئۇيغۇرچە كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دوستىغا خىيانەت ئۆلۈمدىن يامان.

دوستنى ئاز سىنىغان پۇشايماننى كۆپ تارتار.

دوستنى تاشلىغان — دوزاخ تۇۋىدە.

دوستنى قەدىرلىگەن دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ.

دوستنى كەچۈرگەن دانالىق،
دۈشمەننى كەچۈرگەن نادانلىق.

دۆۋە دۆۋىگە قوشۇلار.

دۈشمەن ئاتقان تاشتىن،
دوست ئاتقان پاختا قاتتىق تېگەر.

دۈشمەن بولسا يېنىڭدا،
زەھەر بولۇر نېنىڭدا.

دۈشمەن بىلەن سەپەرداش بولساڭ،
ئايپالتاڭ قوينۇڭدا بولسۇن.

دۈشمەن تاپسا ئامانلىق،
ئەلگە قىلۇر يامانلىق.

دۈشمەن دوست ئارىسىدىن چىقار.

دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلار،
دوست خاتايىڭنى توغرىلار.

دۈشمەن قەست قىلسا، دوست قۇتۇلدۇرار.

دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ،
چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ.

دۈشمەن ئۆز بولماس،
توخگۆز قوي (بولماس).

دۈشمەن ئۆز ئۆيۈڭنىڭ تۆرى بىلەن پەگاھىدىن چىقار.

دۈشمەن ئۆلتۈرۈپ ئاپتاپقا تاشلار،
دوست ئۆلتۈرۈپ سايىغا (تاشلار).

دۈشمەن ئۆلسە هازا تۇتما،
ۋاپاسىزدىن يار تۇتما.

دۈشمەن ئۇچۇن گېپىڭنى ئوقتا قىل.

دۈشمەن ئېشىڭنى يەر،
ئاندىن بېشىڭنى (يەر).

دۈشمەن يوقىلار، دوست قالار.

دۈشمەن يىلتىزىنى يەرگە يوشۇرار،
ئاندىن گۈل بولۇپ ئېچىلار.

دۈشمەنگە سىر بەرگىنىڭ — جان بەرگىنىڭ.

دۈشمەندىن ئاش تىلىگۈچە، تاغدىن تاش تىلە.

دۈشمەنسىز ئەسكەرنى مۈگدەك باسار.

دۈشمەنگە ئەركىلەپ، دوستلىرىدىن رەنجىپتۇ.

دۈشمەنگە باش ئەگسەڭ دەسسەيدۇ،
دوستۇڭغا قول سۇنساڭ ئەسلەيدۇ.

دۈشمەنگە جېنىڭنى بەرسەڭمۇ سىرىڭنى بەرمە.

دۈشمەنگە سىر بەرسەڭ بوغۇپ ئۆلتۈرەر.

دۈشمەنگە شەپقەت ــــ ئۆزۈڭگە كۈلپەت.

دۈشمەنگە قالغان شەھەر ــــ قازانغا سېلىنغان زەھەر.

دۈشمەنگە قولاي بولاي دېسەڭ، سەھەردە ئۇخلا.

دۈشمەنگە ئوت بەر، دوستۇڭغا سۈت.

دۈشمەنلىك بولۇشتىن قورقماي، دۈشمەنسىز بولۇشتىن قورق.

دۈشمەننى ئايىغان ياردار بولۇر.

دۈشمەننى سەل چاغلىساڭ بېشىڭغا چىقىدۇ.

دۈشمەننى ماختاپ ئۆلتۈر،
ساتقۇننى ساقلاپ (ئۆلتۈر).

دۈشمەننى ئۆيۈڭگە يولاتما،
قارىياغاچنى يېرىڭگە (يولاتما).

دۈشمەننىڭ ئالدىشىغا ئىشەنمە،
مەدداھىنىڭ ماختىشىغا (ئىشەنمە).

دۈشمەننىڭ ئالدىمىغا چۈشمە،
شىيلامچىنىڭ ماختىشىغا (چۈشمە).

دۈشمەننىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلساڭمۇ يۇلغان.

دۈشمەننىڭ تېرىسىدىن دوستۇڭ ئۈچۈن پوسما تىك.

دۈشمەننىڭ تىللىشىدىن قورقماي، ماختىشىدىن قورق.

دۈشمەننىڭ سۆزى يامان،
سەتەڭنىڭ كۆزى (يامان).

دۈشمەننىڭ سۆيگۈسىدىن دوستنىڭ ئۇرغىنى ياخشى.

دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقماي،
ئەلنىڭ رەنجىشىدىن قورق.

دۈشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى يوق،
قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى (يوق).

دۈشمەننىڭ كۆلكىسىگە ئىشەنمە.

دۈشمەننىڭ گېپىنى ئاڭلىماق توغرا،
دېگىنىدەك ئىش قىلىش خاتا.

دۈشمەننىڭ مېھمانخانىسىدىن دوستنىڭ سامانخانىسى ياخشى.

دۈشمەننىڭ ئىنىدىن، دوستنىڭ سامىنى ياخشى.

دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىدىن ھىيلىسى يامان.

دۈشمەننىڭ ھىجايىغىنى — خىرىس قىلغىنى.

دۈشمەننىڭ ھىيلىسىدىن پايدىلان.

دۈشمەننىڭ ئۆيىدە ياشىغاندىن، دوستنىڭ ئۆيىدە ئۆلگەن ياخشى.

دۈشمەننىڭ ئىشىنى يىگۈچە، تاغنىڭ تىشىنى توشۇ.

دۈشمەننىڭ يۈرىكىنى مىجىپ، كۆڭلىنى ئال.

دۈشمەننىڭ يىراق - يېقىنى يوق.

دۈشمەنىڭ ئاغزىدا كۈلكىسى بار،
كۆڭلىدە ھىيلىسى بار.

دۈشمەننى تىل بىلەن ئەمەس،
تىغ بىلەن قوغلاش كېرەك.

دۈشمەننى شېكەر بىلەن ئۆلتۈر.

دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى بابلا.

دۈشمىنىڭ چاشقانچە بولسا، كۆچۈڭ يولۋاسچە بولسۇن.

دۈشمىنىڭ قولۇڭغا چۈشكەندە بولۇر ھالى خاراب،
مەسلىھەت شۇكى ئاڭا بەرمىگىن قىلچە ئازاب.

دۈشمىنىڭ قىلدەك بولسىمۇ ئەندىشەڭ پىلدەك بولسۇن.

دۈشمىنىڭ كۆيۈپ قارايدۇ،
دوستۇڭ كۈلۈپ (قارايدۇ).

دۈشمىنىڭ ھومايسا ئۇنتۇپ قالما.

دۈشمىنىڭ ئۈچۈن نان بەرگۈچە،
دوستۇڭ ئۈچۈن جان بەر.

دۈشمىنىڭدىن غالىب كېلەي دېسەڭ،
دوستۇڭدىن رەنجىمە.

دۈشمىنىڭدىن قورقما، مۇناپىق دوستتىن قورق.

دۈشمىنىڭدىن ئۆتەي دېسەڭ، يېرىڭگە ئارپا تېرى.

دۈشمىنىڭگە ئەگسەڭ باش،
كۆزۈڭدىن توختىماس قان - ياش.

دۈشمىنىڭگە ئورا قازغۇچە، دوستۇڭغا ئۆي سېلىپ بەر.

دۈشمىنىڭگە ئۆيۈڭنى كۆرسەتمە،
ئوغرىغا پۇلۇڭنى (كۆرسەتمە).

دۈشمىنىڭگە يېقىنچىلىق قىلغان ساڭا دوست ئەمەس.

دۈشمىنىڭنى دوست دېمە،
يوقلاپ كەلسە خوش دېمە.

دۈشمىنىڭنى دۈشمەن تونۇيدۇ.

دۈشمىنىڭنى سەرسان قىل،
مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىل.

دۈشمىنىڭنى قاتتىق ئۇر، كالتىكىڭنى ئايىماي.

دۈشمىنىڭنى قارغىما، دوستۇڭغا تېگەر.

دۈشمىنىڭنى يېڭەلمىسەڭ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بول.

دۈشمىنىڭنىڭ بىر پارچە گۆش بېرىشى، كالاڭنى بابلاش ئۈچۈن.

دۈشمىنىڭنىڭ تويى — دوستۇڭنىڭ مۇسىبىتىدۇر.

دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى — سېنىڭ دوستۇڭ.

دۈشمىنىڭنىڭ كۈلكىسى — قىش كۈنىنىڭ ئاپتىپىچىلىك بار.

دۈشمىنىڭنىڭ كۈلگىنى،
مەقسىتىڭنى بىلگىنى.

دېڭىز تامچىدىن پۈتىدۇ.

دىدارلىشىپ بىر كۈلسەڭ، توگەپ كېتەر ئۆچمەنلىك.

د

رابات سالما، دوست كۆپەيت.

رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ.

رەقىبلەر ئۇچراشسا قېنى قاينايدۇ.

رەقىبىڭنىڭ ئىززىتىنى قىلما،
دوستۇڭنىڭ خىزمىتىنى قىل.

## ز

زۇلۇم سالغان دوست بولماس.

زىيانكەش دوستقا دوست بولماس.

## س

ساختا دوست ئاشكارا دۈشمەندىن يامان.
ساڭا قاراپ كۈلگەننىڭ ھەممىسى دوست ئەمەس.

سەمىمىي دوستلۇق، تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت.

سەن بۆرىنى ئايىساڭ، بۆرە سېنى تالايدۇ.

سەن دۈشمىنىڭنى كۆشكۈرتسەڭ،
دۈشمىنىڭ سېنى چۈشكۈرتىدۇ.

سۇ توختار، دۈشمەن توختىماس.

سىناشقان دوست مۇڭداشقىلى ياخشى،
سۆيۈشكەن يار ئويناشقىلى (ياخشى).

سىنالغان ياۋ ئۇرۇشقا ياخشى.

سىنالمىغان دوستتىن سايدىكى تاش ياخشى.

سىنالمىغان دوست — چېقىلمىغان ياڭاق.

## غ

غەرەزلىك دوست — جانغا ئاپەت.

غېمىڭنى دوستۇڭغا ئېيتما، ئۆرتىنىدۇ،
دۈشمىنىڭگە ئېيتما، سۆيۈنىدۇ.

## ق

قايتىپ كەلگەن قىز يامان،
قايتىدىن كەلگەن ياۋ (يامان).

قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر.

قوشۇلماق تەس، ئايرىلماق ئاسان.

قوغۇننى دۈشمىنىڭگە كەستۇر،
گۆشنى دوستۇڭغا (كەستۇر).

قول تۇتۇشقان ئاجىز ئەمەس.

قول تۇگۇلسە مۇشت بولۇر،
ئەل يىغىلسا كۈچ (بولۇر).

قۇش ئۇيۇشسا زىيان كەلمەس،
ئادەم ئۇيۇشسا قىيان (كەلمەس).

قىردا بۆرە يوق ئەمەس،
ئوتتۇرىدا دۈشمەن (يوق ئەمەس).

قىرىق ئۆي قۇدا بولسا، قىرىق يىل قىرغىن بولماس.

قىزىلچا گۆش بولماس،
دۈشمەن دوست (بولماس).

## ك

كەپىدىن ئايۋان ياخشى،
يامان دوستتىن هايۋان (ياخشى).

كەلگەن دوستقا تار بولساڭ، كېلەر دوستقا زار بولىسەن.

كونا پاختا بۆز بولماس،
ئەسلىي دۈشمەن ئۆز (بولماس).

كونا دوستۇڭ ــ توقۇقلۇق ئېشىكىڭ.

كوننى يېڭى قىلغىلى بولماس،
دۈشمەننى دوست قىلغىلى (بولماس).

كۆپ ئاز ـ ئازدىن توپلىنار.

كۆپ بولسا چۆپ بولۇر.

كۆپ بىلەن كۆرگەننىڭ ھەممىسى توي.

كۆپ بىلەن ماڭساڭ ئاۋۇيدۇ يولۇڭ،
يالغۇز ماڭساڭ تالىدۇ پۇتۇڭ.

كۆپ بىلەن يۈرسەڭ كۆپ يۈرەرسەن،
يالغۇز يۈرسەڭ كۈن يۈرەرسەن.

كۆپ بىلگەن ئاز سۆزلەيدۇ،
ئاز سۆزلىسىمۇ ساز سۆزلەيدۇ.

كۆپ سورىساڭ ئاداشمايسەن.

كۆپ كۆرگەن نۇسخا، كۆپ ئىشلىگەن ئۇستا.

كۆپ ئوت ياقسا كۆككە يېتەر.

كۆپ ئېغىز بىر بولسا، بىر ئېغىز يوق بولۇر.

ئۇيغۇرچە كىتابلار تورى
www.uyghurkitap.com

كۆپ ئىت كېيىكنى قاچۇرماس.

كۆپ يامغۇر يەرنى بۇزار،
يىتنە ـ پاسات ئەلنى (بۇزار).

كۆپتىن ئايرىلساڭ ئازارسەن،
ئىناق بولساڭ ئۇزارسەن.

كۆپتىن توشقان قېچىپ قۇتۇلماس.

كۆپتىن قاچقان قۇتۇلماس.

كۆپتىن كۆپ ئەقىل چىقار.

كۆپتىن مۇت تەگسىمۇ ئال.

كۆپتىن يامانلاپ كۆمۈلمەي قاپتۇ.

كۆپتىن يامانلىغان كۆزسىز قاپتۇ.

كۆپتىن يامانلىغان ياخشى كۈن كۆرمەس.

كۆپتىن يول سورىساڭ، ئاداشمايسەن.

كۆپچىلىك «پۇۋ» دېسە، بوران چىقىدۇ.

كۆپچىلىك بىر مۇشتتىن ئاتسا ئۆلتۈرىدۇ،
بىر بۇردىدىن بەرسە تويدۇرىدۇ.

كۆپچىلىك بىرلەشسە تاغنىمۇ يىقىتار.

كۆپچىلىك نەدە، توقچىلىق شۇ يەردە.

كۆپكە خانىنىڭ كۈچى يەتمەس.

كۆپكە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن،
كۆپتىن ئايرىلساڭ يەر (بولىسەن).

كۆپكە لازىم بولسا كارۋان تۆگىسىنى سويار.

كۆپكە يۆلەنسەڭ كۆكلەيسەن.

كۆپكە يېقىن، كۆككە يېقىن.

كۆپنى كۆرگەن كۆپ بىلەر،
كۆپ سۆزلىگەن نېمىنى (بىلەر).

كۆپنىڭ ئاغزى زەمبىرەك.

كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.

كۆپنىڭ تەلىپى ئىجابەت.

كۆپنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان تىن تارتماي ئۆلەر.

كۆپنىڭ قولى كۆككە يېتەر.

كۆپنىڭ كۆزى كۆپ بولۇر.

كۆپنىڭ كۈچى تاغ كۆتۈرەر.

كۆپنىڭ كۈچى كۆپ.

كۆپنىڭ كۈچىگە تاغمۇ تەڭ كېلەلمەس.

كۆپنىڭ مېلىنى ئوغرى ئالالماس.

كۆپنىڭ ھەققى تۈپنىڭ ھەققى.

كۆپنىڭ يۈرىكى كۈپتەك.

كۆڭلى كەڭنىڭ دوستى زىيادە،
نەيرىڭى كەڭنىڭ ھىيلىسى (زىيادە).

كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس،
مەيدە ئاغرىتقان ئاش (ئەمەس).

كۈچ بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە.

كۈچلۈك ئالدىدا كۈچسىز گۇناھكار.

كۈچلۈك باسالماس شىرنىڭ ئىزىنى،
ئەقىلسىز باسالماس ئىشەكنىڭ ئىزىنى.

كۈچلۈكنىڭ قولى ئۇزۇن.

كىيىمنىڭ يېڭىسى ياخشى،
دوستنىڭ كونىسى (ياخشى).

## گ

گۇمان دوستنى دوستتىن ئايرار.

گۇمان — دوستلۇقنىڭ دۈشمىنى.

گۈزەللىكنىڭ دۈشمىنى — ھەسەت.

## م

مال كۆتۈرەر ئۆلۈمنى،
دوست كۆتۈرەر كۆڭۈلنى.

مال ـ مۈلۈك بايلىق ئەمەس، بىرلىك بايلىق.

مەسلىھەتچىڭ يامان بولسا، ئىشىڭ ئالغا باسمايدۇ.

مىڭ دوست كۆپلۈك قىلماس،
بىر دۈشمەن ئازلىق قىلماس.

مىڭ سەر ئالتۇن تاپقۇچە،
بىر ياخشى دوست تاپ.

مېنىڭ سەر پۆلۈك بولغىچە،
مېنىڭ دوستۈك بولسۇن.

مېنىڭ كۆرۈشكەن دوست ئەمەس،
ۋاپا قىلغان دوست.

## ن

ناجىنسنىڭ سىرلىق مېھمانخانىسىدىن،
دوستنىڭ سامانخانىسى ياخشى.

نامەرد زادى دوست بولماس.

نامەرد جەڭدە سىنىلار،
دوست موھتاجلىقتا (سىنىلار).

## ھ

ھەر كىمنى دوستۇم دېمە،
تەندىكى پوستۇم دېمە.

ھەقىقىي دوست كۆلپەتتە تېپىلىدۇ.

ھەقىقىي دوستلۇق ئالتۇندىن قىممەت.

ھەقىقىي دوست — ياخشى ئەينەك.

ھەممىدىن قەدىرلىك نەرسە — دوستلۇق.

ھەممىگە دوست بولغان،
ھېچكىمگە دوست بولماس.

ھۆرمەت يوق يەردە دوستلۇق يوق.

ھېسابتىن ئاداشساڭمۇ، دوستتىن ئاداشما.

ھىجايغاننىڭ ھەممىسى دوست ئەمەس.

ھىسابلىق دوست ئايرىلماس.

## ئو

ئون باش — ئوڭلۇق باش،
بىر باش — مۇڭلۇق باش.

## ئۇ

ئۇزاق يولدا ئاتنى سىنا،
مۇشەققەتتە دوستنى (سىنا).

# ئۆ

ئۆپكە ـ قىرىن گۆش ئەمەس،
ئەسقاتمىغان دوست ئەمەس.

ئۆپكە ـ قىرىن گۆش ئەمەس،
ھېسابلاشقان دوست ئەمەس.

ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ دوستۇڭغا شۇنى بەر.

ئۆزۈڭنى بىر ماختىساڭ دوستۇڭنى ئىككى ماختا.

ئۆزۈڭنىڭ كالىسىنى ئايىغۇچە دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى ئايا.

ئۆم بولمىسا ئەل بولماس،
ھېچبىر ئىشى ھەل بولماس.

ئۆم ھەرىكەتتە ئۇنۇم بار.

ئۆملەشكەن ساقلىنار،
ئۆملەشمىگەن دادلىنار.

ئۆملەشكەن ئىتنىڭ قۇيرۇقى دىڭ.

ئۆملۈك ـــ ئۇنۇملۈك.
ئۆملىشىپ قىلغان ھەرىكەت ئۇنۇمسىز بولماس.

## ئۈ

ئۈلپىتىڭ ياخشى بولسا قادالماس تىكەن،
ئۈلپىتىڭ يامان بولسا سانجىلار يېكەن.

## ئې

ئېشەك گۆشى گۆش بولماس.

ئېشەككە باش بولساڭمۇ، دۈشمىنىڭگە تاش بول.

## ئى

ئىتتىپاقلاشسا ئەل بولىدۇ،
توققۇزى تەل بولىدۇ.

ئىتتىپاقلىق بار يەردە كۈچ بار.

ئىتتىپاقلىق — ئوق ئۆتمەس قالقان.

ئىتتىپاقلىق — يېڭىلمەس كۈچ.

ئىش ئۆملۈكتە ياخشى،
كۈچ بىرلىكتە (ياخشى).

ئىككى هارامزادە دوست بولماس.

ئىككى يامان دوستلاشتى،
ياخشى بىلەن خوشلاشتى.

ئىللىق بولغان ۋاپالىق،
سوغۇق بولغان جاپالىق.

ئىناق ئەلدە جاپا يوق،
ئىناقسىز ئەلدە ۋاپا (يوق).

ئىناقسىزلىق ــــ نادانلىق.
ئىنسابلىق دوست ئايرىلماس.

ي

يات يەپ تويغىچە يېقىن،
دوست تاكى ئۆلگىچە (يېقىن).

ياخشى بىلەن بولساڭ يولداش،
ئېچىلار سېنىڭ چېچىكىڭ.

يامان بىلەن بولساڭ يولداش،
يېرىلار سېنىڭ يۈرىكىڭ.

ياخشى بىلەن بولساڭ يولداش،
ئېغىر ئىشىڭدا قولداش.

يامان بىلەن بولساڭ يولداش،
تېگەر بېشىڭغا تاش.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ كۆندە بازار،
يامان بىلەن دوست بولساڭ كۆندە ئازار.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ گۆش يەيسەن،
يامان بىلەن دوست بولساڭ مۇشت (يەيسەن).

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ ئېچىلار چېچەكلىرىڭ،
يامان بىلەن دوست بولساڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ ياخشى يولغا باشلايدۇ.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ يېتەرسەن مۇرادقا،
يامان بىلەن دوست بولساڭ قالىسەن ئۇياتقا.

ياخشى دوست ئايرىلغاندا بىلىنەر.

ياخشى دوست باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.

ياخشى دوست تاشلىماس،
يامان يولغا باشلىماس.

ياخشى دوست جاندىن ئەزىز.

ياخشى دوست دەردكە داۋا،
تادان دوست باشقا بالا.

ياخشى دوست يولدا سىنىلار،
ئۆتكۈر قىلىچ قولدا (سىنىلار).

ياخشى دوست يولداشتۇر،
ئۆتكۈر قىلىچ قولداشتۇر.

ياخشى دوستقا قۇل بول،
چېكىنسەڭ گۇل بول.

ياخشى دوست — جان دوست،
يالغان دوست — مال دوست.

ياخشى كۆرسەڭ جېنىڭنى،
قاقشاتمىغىن دوستۇڭنى.

ياخشى كۆرگەن دوستۇڭغا ياخشى كۆرگەن نەرسەڭنى بەر.

ياخشىدىن جاپا كەلمەس،
ئەسكىدىن ۋاپا (كەلمەس).

ياردەملەشكەن ئۇزار،
ياردەملەشمىگەن توزار.

يالغان دوست ئېشىڭغا كېلەر،

يالغان دوستۇڭ يېغىدىن يامان.

يالغان ئېيتقان دوست ئەمەس.

يامان دوست سايىغا ئوخشاش.

يامان دوست — قارا بۇلۇت سايىسى.

يامان دوستتىن تاياق ياخشى،
ناچار ئاتتىن ياياق (ياخشى).

يامان دوستتىن قىردا ياتقان تاش ياخشى.

يامان دوستۇڭدىن زېرەك دۈشمىنىڭ ياخشى.

يامان كۆز تاش يارىدۇ،
يامان دوست باش (يارىدۇ).

يانچۇقۇڭغا قارىغان دوست — ئايىنىغان دوست.

ياۋلاشماق ئاسان، ياراشماق قىيىن.

يوقسىزلىقتىكى دوست ئايرىلماس.

يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن كۆپ.

يېقىن دوست يىراقتىكى تۇغقاندىن ياخشى.

يىراقتىكى دۈشمەندىن ئايىنىپ كەتكەن دوست يامان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# باتۇرلۇق، جاسارەت، مەردلىك ۋە يارىماسلىق، قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا

# ئا

ئات بالىسى ئات بولۇر،
شىر بالىسى شىر (بولۇر).

ئات توققۇز يېشىدا تولار،
يىگىت ئوتتۇز يېشىدا (تولار).

ئات جەڭگە يارايدۇ،
ئېشەك يانتاققا (يارايدۇ).

ئات مىنسەڭ يۇگەن سال.

ئات ئۇستىدە كارۋانمەن،
جەڭ ئۇستىدە پالۋانمەن.

ئاتالمىغان مۇشتۇڭنى قوينۇڭغا سال.

ئاتقا ئېگەر كېرەك،
ئېگەرگە ئەر (كېرەك).

ئاتمىش كۈن ئاختا بولغىچە،
ئالتە كۈن ئايغىر بول.

ئادالەت قىلىچى تۆتقان قول ئاغرىماس.

ئادالەت كەتسە كاساپەت كېلەر.

ئاداۋەتنى ئاداۋەت يېڭەر.

ئارسلان باغلاقتا بولسا،
توشقان بالىسىمۇ تېپىپ ئوينايدۇ.

ئارسلان بالىسى ئارسلان بولۇر.

ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى يوق،
قورقۇنچاقنىڭ يۈرىكى (يوق).

ئالا قارغا ئالمان بولسىمۇ،
قارچىغىنىڭ ئورنىنى باسالماس.

ئالتۇن ئوتتىن قورقماس.

ئالتۇن يەردىن چىقىدۇ،
باتۇر ئەردىن (چىقىدۇ).

ئالتۇننى ئوتتا سىنا،
باتۇرنى مەيداندا (سىنا).

ئالدىرىغان دۆڭگە مۆكۈپتۇ.

ئالغان خاراب،
بەرگەن ساۋاب.

ئالماس خەنجەر قىنىدا ياتسا دات باسار.

ئالۋاستى بوش كەلگەننى باسىدۇ.

ئالىپلار ئېلىشماستىن تونۇشماس.

ئاياللارنىڭ باتۇرلۇقى تۇغۇتتا،
ئەرلەرنىڭ باتۇرلۇقى ئۇرۇشتا.

## ئە

ئەخمەقتىن باتۇر چىقماس،
يانتاقتىن ئەتىر (چىقماس).

ئەر بەختسىزلىككە ئۇچرىسا نامەردنىڭ بوزەك قىلغۇ-
سى كېلەر.

ئەر بولساڭ جىگەرلىك بول،
ئات مىنسەڭ ئېگەرلىك بول.

ئەزىمەت ئەلگە غەنىيمەت.

ئەلگە كەلگەن ياۋ — ئەرگە كەلگەن ياۋ.

ئەيىبسىز ئارغىماق يوق،
داغسىز ئاي (يوق).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ب

باتۇر ئەردىن تاغ قوتۇلالماس.

باتۇر ئەل تۈزەر.

باتۇر بىر قېتىم ئۆلەر،
قورقۇنچاق مىڭ قېتىم (ئۆلەر).

باتۇر تاغ چوققىسى بىلەن بولۇتقا چىقار،
قورققاق كەڭ شوتا بىلەنمۇ ئۆگزىگە چىقالماس.

باتۇر تۇغۇلسا ئەل بەختى،
يامغۇر قۇيۇلسا يەر (بەختى).

باتۇر جەڭدە بىلىنىدۇ،
دانا گەپتە (بىلىنىدۇ).

باتۇر جەڭدە تۇغۇلىدۇ.

باتۇر جەڭدە، ئاقىل ئاچچىقتا،
دوست كۈلپەتتە سىنىلار.

باتۇر جەڭدە،
ھۇرۇن كاڭدا.

باتۇر جىنىدىن كەچسىمۇ ئىلىدىن كەچمەس.

باتۇر چۈشىدە دۈشمەننى كۆرەر.

باتۇر چۈشىدىمۇ دۈشمەن كۆرۈپتۇ.

باتۇر دۈشمەنسىز بولماس.

باتۇر ساراڭدىن قورقىدۇ،
ساراڭ مۇتتەھەمدىن (قورقىدۇ).

باتۇر شەھەر ئالار،
نامەرد زەھەر (ئالار).

باتۇر قولىدا ئەجدىھا ئۆلەر،
قورقۇنچاق سىنى ئەجدىھا بىلەر.

باتۇر مەككارغا ئالدىنار.

باتۇر ئوق يەپتۇ،
بالىلىرى ئۇھ دەپتۇ.

باتۇر ئوقتىن قورقماس،
ئاقىل دوقتىن (قورقماس).

باتۇر ئۆلەر، نامى قالار.

باتۇر ئۆيدە تۇغۇلۇپ،
جەڭدە ئۆلەر.

باتۇر ئېتى بىلەن قالار.

باتۇر ئېلىنى ياۋغا بەرمەس،
چېچەن سۆزىنى داۋغا (بەرمەس).

باتۇر يالغۇز قېلىشتىن قورقماس.

باتۇردىن ئۆلۈم قورقار.

باتۇرغا بىلەك كېرەك،
مەردكە يۈرەك (كېرەك).

باتۇرغا ئوق كار قىلماس.

باتۇرلۇق بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە.

باتۇرلۇق بىلەن بۆرە تۇت،
ئەقىل بىلەن تۈلكە (تۇت).

باتۇرلۇق بىلەن ئۆلگەننىڭ ئانىسى يىغلىماس.

باتۇرنى باتۇر تونۇر.

باتۇرنىڭ بېشىغا بالا تەگمەس.

باتۇرنىڭ جىسمى ئۆلسىمۇ،
ئىسمى ئۆلمەس.

باتۇرنىڭ قېنى يۈرەككە تامار،
خائىننىڭ قېنى ئورەككە (تامار).

باتۇرنىڭ يارىغى مۇشت.

باغلاقلىق شىرغا توشقانمۇ غوجايىنلىق قىلار.

بايلىق يۇرتنىڭ ئوزۇقى،
باتۇر يۇرتنىڭ قوزۇقى.

بەرگەن مەرد ئەمەس،
«بەر» دېگەن مەرد.

بوراننىڭ گۈركىرىشىگە،
تاغ تەۋرەنمەس.

بوزەك بولۇپ كۆزۈڭگە ياش ئالغۇچە،
جۈرئەت قىلىپ قولۇڭغا تاش ئال.

بوغۇشقىنىڭدىن تۇتۇشقىنىڭ ياخشى.

بۆرىدىن قورققان ئەر بولماس.

بۆرىدىن قورققان تاغقا چىقالماس.

بۆرىدىن قورققان قوي باقماس.

بۆرىنىڭ ئەجىلى ـــ ئىتلىقتىن.

بۈركۈت بوراندىن قورقماس،
باتۇر ئۆلۈمدىن (قورقماس).

بۆركۆت قانتى تالماس،
ئىشچان ئارام ئالماس.

بىر قاشاغا ئۆچ تېرەك،
بىر ئەزىمەتكە ئۆچ يۆلەك.

بىگىز قاپتا تۇرماس،
نامەرد گەپتە (تۇرماس).

بىلەككە قارىما،
يۈرەككە قارا.

بىلىق سۈدىن ئايرىلالماس،
باتۇر ئەلدىن ئايرىلالماس.

## پ

پالۋان دەرد يەيدۇ،
بالىلىرى گۆش يەيدۇ.

پالۋان ئۆكتەم كېلىدۇ،
باتۇر ئاڭقاۋ (كېلىدۇ).

پالۋان يىقىتسا يۆلەپ قويار.

پالۋان — يۇرتنىڭ تۈۋرۈكى.



www.uyghurkitap.com

پەرۋانىگە ئوت ياخشى،
پالۋانغا يۇرت (ياخشى).

پەمسىز باتۇرلۇق — قورۇلى يوق مىلتىق.

پولات تاۋلىنار پىچتا،
ئىشچان تاۋلىنار ئىشتا.

ت

تاشنى تاش بىلەن يارىدۇ.

تەلۋىدىن سارالڭ ياخشى،
قورقۇنچاقتىن قارام (ياخشى).

تەلۋىنى قورقۇتماق — ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەكتۇر.

توشقان كۆلەڭگىسىدىن قورقۇپ قىرىق يىل يۈگۈرۈپتۇ.

توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە،
يولۋاستەك بىر كۈن ياشا.

تۇلپار ئاچلىقنى بىلدۈرمەس،
مەرد يوقلۇقنى (بىلدۈرمەس).

تۇلپار قېرىسىمۇ بەيگىدىن قالماس.

تۈلپارنىڭ ئايغى قىزىسا قانات چىقىرار.

تۆگە تېرىسى ئېشەككە يۈك.

تۆمۈرنى تۆمۈر كېسىدۇ.

تۆمۈرنى ئوتتىن تۆمۈر بىلەن ئالىدۇ.

تېز پۈكۈپ ياشاش نومۇس،
تىك تۇرۇپ ئۆلگەن دۇرۇس.

تېز پۈكۈپ ياشىغۇچە،
تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى.

## ج

جاپادىن قورققان ھۆرمەت تاپالماس.

جانغا جان كەلگەندە باتۇر.

جاھىللىقتىن جان چىقار،
باتۇرلۇقتىن نام (چىقار).

جىگىرى يوقنىڭ كۆنى تەس.

## چ

چاشقان مۈشۈكنى كۆرۈپ،
تاغاردەك كامارغا پاتماپتۇ.

چاشقان ئۆۋىسىدا مۈشۈكتىن قورقماس.

چاشقانغا مۈشۈك شىر كۆرۈنەر.

چېچەن يېڭىلسە هوشىدىن كېتەر.

چىت ئاجىز بولسا، ئىت بۆسەر.

چىۋىن قونسا غىڭشىيسەن،
كالتەك تەگسە جىم.

## خ

خاتالاشمايدىغان دانىشمەن يوق،
يېڭىلمەيدىغان باتۇر (يوق).

## د

داپچىنىڭ دېپى يېرىلسا،
گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بولار.

داستىخان ئۈستىدە دۈشمەنمۇ دوست كۆرۈنەر.

دەرەخ قاتتىق بولمىسا،
قۇرت بوزەك قىلار.

دەرەخ ئۆزىنى تاغ چاغلاپتۇ،
يۆگىمەچ ئۆزىنى باغ (چاغلاپتۇ).

دۈشمەن قاچسا باتۇر كۆپىيىدۇ.

دۈشمەننى تىل بىلەن ئەمەس،
تىغ بىلەن قوغلا.

## س

ساپاسىز سەركەردىدىن ساپالىق نۆكەر ياخشى.

سەركەردە ئەل ئىچىدە تونۇلار.

سەركەردە پەملىك بولسا،
ئەسكەرلىرى باتۇر بولۇر.

سەندەل بازغاندىن قورقمايدۇ.

سۇ كېچىكىدىن ئۆتكەن ھېساب ئەمەس،
قان كېچىكىدىن ئۆتكەن ھېساب.

سۇ ياغ ئورنىنى باسالماس،
قورقۇنچاق ھەرگىز ئالغا باسالماس.

سۇمۇرغىنىڭ كۆڭلىنى قۇشقاچ نەدىن بىلسۇن.

سۆز باتۇرلۇقى — تىلدا،
ئەر باتۇرلۇقى — بەلدە.

سۆزۈڭ ھەق بولسا، خاندىن قورقماي ئېيت،
ئېشىڭ ھالال بولسا، تۆت كوچىدا ئىچ.

# ش

شەڭگىنىڭدىن قورقمايمەن،
قوناقلىقتىن چىقمايمەن.

شىر ئېشەكتىن قورقار،
ئېشەك شىردىن (قورقار).

شىرنىڭ سۈتى كېرەك بولسا،
شىرغا يېتەر يۈرەك بولسۇن.

## غ

غەلىبىدىن كېيىن قەھرىمان كۆپ.

## ق

قاتتىق بولسا، ئوڭاي سۇنىدۇ.

قاچ ـ قاچ بولسا،
ھېچكىم بىر ـ بىرىگە باقماس.

قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ،
قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ.

قارامغا قاراڭغۇلۇق يېقىن.

قارامغا قارام يارىشىدۇ.

قارامنىڭ بېشى تاشقا تېگەر،
زېرەكنىڭ ئاغزى ئاشقا (تېگەر).



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

قارامنىڭ ئىشى كۆچ،
زېرەكنىڭ ئەقلى كۆچ.

قارچىغا قاغىدىن قورقماس.

قارىغاي سوغۇقتىن قورقماس،
قەھرىمان توسۇقتىن (قورقماس).

قارىغاي قىشتا چېنىقار،
يىگىت ئىشتا (چېنىقار).

قالغان ئىشنى قىلغىلى قاتتىق باشلىق ئەر كېرەك.

قەھرى بولمىسا، ئەر ئەمەس.

قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر.

قورققان قويدىن ئۈركۈپتۇ.

قورققان كۆلەڭگىسىدىن قورقار.

قورققان ئىت قېچىپ قاۋايدۇ.

قورققان ئىت ئۆز سايىسىگە قاراپ خىرقىرار.

قورققان ئىشىكنى بۇزىدۇ،
دۈشمەن بېشىكنى (بۇزىدۇ).

قورققان يەردە جىن بار.

قورققانغا چاشقان تۇشۇكى ساراي بوپتۇ.

قورققانغا قوش كۆرۈنەر،
پۇت - قولى بەش (كۆرۈنەر).

قورققانغا قوش كۆرۈنەر،
قارا باسقانغا مۇشت (كۆرۈنەر).

قورققانغا ئوغرى مۇشت تەگلەپتۇ.

قورققاننى ئەجەل قوغلار.

قورققاننى كۆپ قوغلىساڭ، باتۇر بولۇر.

قورققۇچە ئالدىغا چۈشۈپ قاچقان ياخشى.

قورقۇنچاق بار يەردە، شەرمەندىچىلىك بار.

قورقۇنچاق تىرىك تۇرۇپ مىڭ قېتىم ئۆلەر.

قورقۇنچاق مۇرادىغا يەتمەس.

قورقۇنچاق ھەسەتخور كېلۇر،
ئوغرى قەسەمخور (كېلۇر).

قورقۇنچاق ھۇرۇن بىلەن تېپىشار.

قورقۇنچاق ئۆز ھالاكىتىنى ئويلار،
باتۇر ياۋ ھالاكىتىنى (ئويلار).

قورقۇنچاقتا نومۇس يوق.

قورقۇنچاقنى قوتاندا قويما،
ھاڭۋاقتىنى پوستقا (قويما).

قورقۇنچاقنى قوغلاۋەرسە باتۇر بوپتۇ.

قورقۇنچاقنى ئىت چىشلەر.

قورقۇنچاقنىڭ تۇمىقى بولغۇچە،
باتۇرنىڭ چومىقى بول.

قورقۇنچاقنىڭ سايىسىمۇ ئەزرائىل.

قورقۇنچاقنىڭ كۆزى يامان،
چېقىمچىنىڭ سۆزى (يامان).

قورقۇنچاق ــ مۇرادىغا يېتەلمەس.

قۇرغۇي ئاكام كەپتۇ دېسە،
دالىدىغا قاچقان بۆدۇنە.

قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس.

قۇزغىنەكتەك شۇمشىيىپ يۈرگىنىڭدىن،
لاچىندەك قانات قېقىپ ئۆلگىنىڭ ياخشى.

قۇش تۇخۇمى پالاق بولماس،
مەرد يىگىت شاللاق (بولماس).

قۇشنى قۇش تۇتار.

قۇشنىڭ نوچىسى ئېگىز شاخنى تاللاپ قونىدۇ.

قىنىمنى ئويلىسام ئۇيقۇم قاچىدۇ.

قىلتاقتا چۈشكەن قاغا قىرىق يىلغىچە ياغاچقا قونماس.

قىيىن ئىشنىڭ بېشىغا،
باتۇر كېلەر قېشىغا.

قىيىنچىلىق قورقۇنچاقنىڭ يۈكى،
باتۇر ئۈچۈن توخۇ تۈكى.

ك

كاتاڭ يول ئاتنى سىنايدۇ،
مۇشەققەت مەردنى (سىنايدۇ).

كۆپنىڭ سايىسىدا جان ساقلىغۇچە،
لاچىن چاڭگىلىدا ئۆلگەن تۈزۈك.

كۆك كىرسۇن، قىزىل چىقسۇن.

كۆكىنەكتەك مىڭ يىل ياشىغاندىن،
بۇركۈتتەك بىر كۈن ياشا.

كۆلەڭگىدىن قورققان،
شەپىسىدىنمۇ قورقۇپتۇ.

كۈچ ئاتىسىنى ئايىماس.

كۈچلۈكتىن قورقما،
كۈچسىزگە تەگمە.

كۈرەش قىيىن،
غەلىبە شېرىن.

كۆل تۇتقۇچە، چوغ تۇت.

كىم نېمىدىن قورقسا شۇنىڭغا شۇ يولۇقۇپتۇ.

## گ

گۈل ئۈزمەكچى بولساڭ،
تىكىنىدىن قورقما.

گۈلنى ياخشى كۆرسەڭ، تىكىنىدىن قاچما،
ھەسەلنى ياخشى كۆرسەڭ، ھەرىدىن (قاچما).

## ل

لايدىن ياسالغان كوزا سۇغا كىرسە، ساق چىقماس.

لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس.

## ۹۰۰ م ۹۴۰

مەرد بولاي دېسەڭ تەمەخور بولما.

مەرد بولساڭ مەيدانغا چۈش.

مەرد تۇغۇلغان مەردانە ئۆلەر.

مەرد سارائىدىن قورقىدۇ،
ئەنجۈر باراڭدىن (قورقىدۇ).

مەرد سۆزىدىن قايتماس،
يولۋاس ئىزىدىن (قايتماس).

مەرد كۆرەشتە، دوست تەشۋىشتە،
دانا غەزەپتە سىنىلار.

مەرد نامەردكە باش ئەگمەس.

مەرد ئۆزىدىن كۆرەر،
نامەرد ئۆزگىدىن (كۆرەر).

مەرد ئۆلسە نامى قالار،
نامەرد ئۆلسە نىمىسى (قالار).

مەرد يوقلۇقنى بىلدۈرمەس،
تۇلپار ئاچلىقنى (بىلدۈرمەس).

مەرد يېڭىلسە مەيداندا قالار.

مەرد يىقىتىدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ.

مەرد يىگىت مېيىپ بولماس،
مېيىپ بولسا ئەيىب بولماس.

مەردلىك ئەر كىشىنىڭ يولدىشى.

مەردلىكنىڭ مۇكاپاتى ــــ خەلقنىڭ ھۆرمىتى.

مەردمۇ بەزىدە نامەرد قولىدا ئۆلەر.

مەردنى مەيداندا سىنا،
سېخىينى جەننەتتە (سىنا).

مەردنى مەيداندا سىنا،
نامەردنى ھارغاندا (سىنا).

مەردنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن.

مەردنىڭ سۆزى ئاتقان ئوق،
نامەردنىڭ سۆزى تامچە (يوق).

مەردنىڭ سۆزى بىر.

مەردنىڭ مېھمىنى كۆپ.

مەردنىڭ ھەيۋىسىدىن دۈشمەننىڭ ھىيلىسى يامان.

مەردنىڭ دەردىگە مەرد يېتەر.

مۈشت تۈگكەندىن باتۇر چىقىدۇ،
باش ئەگكەندىن ئاسىي (چىقىدۇ).

مۈشۈك قورققاندا، چاشقاننىڭ ئۆۋىسى ساراي كۆرۈنەر.

مۈشۈك يولۋاستۇر چاشقان ئالدىدا،
لېكىن ئۇ چاشقاندۇر يولۋاس ئالدىدا.

مېنىڭ مەردلىكىمنى خاماندا كۆر.

مىڭ تاغار ياڭاقا مۈشتەك تاش.

مىڭ قاغىغا بىر سالغا.

مىڭ كوزىغا بىر تال تاش.

ن

نامەرد بىلەن يۈرسەڭ سەنمۇ نامەرد بولىسەن.

نامەرد قەسەمخور كېلۇر.

نامەردكە سوزساڭ بوينۇڭنى،
پىچەك ياڭاقتا تولدۇرار قوينۇڭنى.

نامەردكە سىرداش بولغۇچە،
مەردنىڭ مۇشتىنى يە تويغۇچە.

نامەردكە قەرز بولما،
هەم يولدا قىستار هەم گۆردە قىستار.

نامەردنى ئۆلدى دېسە ئىشەن،
پەيلىدىن ياندى دېسە ئىشەنمە.

نامەردنىڭ بالىسى بولغۇچە،
مەردنىڭ كالىسى بول.

نامەردنىڭ بېغىدا گۈل بولغۇچە،
مەردنىڭ كۆلۈڭىدا كۆل بول.

نامەردنىڭ سۈيىنى ئىچكۈچە،
مەردنىڭ قاچىسىنى يۇ.

نامەردنىڭ شاهى بولغۇچە،
مەردنىڭ قۇلى بول.

نامەردنىڭ قولىدىن هەسەل يېگۈچە،
مەردنىڭ قولىدىن زەهەر يېگىن.

نامەردنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈچە،
مەردنىڭ دەرياسىدا ئېقىپ ئۆل.

نامەردنىڭ ئۆتىدا كۆيگۈچە،
مەردنىڭ دەرياسىدا ئاق.

نامەردنىڭ قولىدا راھەت كۆرگەندىن،
مەردنىڭ قولىدا رىيازەت چەككەن ياخشى.

نوھنىڭ كېمىسى توپاندىن قورقماپتۇ.

## ھ

ھەر كىشىنىڭ پەيلى يانمىسا، بولۇر قارام،
ئاختارمىدىن چالما تېپىلمىسا، ئېشەك ھارام.

ھەربىر ئىشنىڭ پەيتى بار،
باتۇرلۇقنىڭ ۋاقتى (بار).

ھەردىن قورقمىغان ھەسەل يىغار.

ھودۇققان ئۆردەك كەينى بىلەن سۇغا چۈشەر.

ھىيلىگەر چوكان باتۇرنىڭ قىلىچىنى ئېگەر.

## ئو

ئوتتۇز يېشىدا مەرد ئاتالغان،
قىرىق يېشىدا ئەر ئاتىلار.

ئوتنىڭ ئوتقا سوغ.

ئوغۇل بالا ئوغا ئىچىپ سىڭدۇرىدۇ.

ئوىناقلىغان تۇلپارنى تاغ ئاشقاندا بىلەرسىز،
مەن - مەن دېگەن يىگىتنى ياۋ باسقاندا بىلەرسىز.

## ئۇ

ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇر كۆپىيەر.

## ئۆ

ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن سۇلار سېنى ئاقتۇرسىمۇ،
يېمە نامەرد ئېشىنى، ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ.

ئۆز ئەيىبىنى بىلگەن مەردتۇر.

ئۆزۈڭنى ئويلىساڭ قورقۇنچاق بولىسەن،
ئۆزگىنى ئويلىساڭ باتۇر (بولىسەن).

ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئۆزى قورقۇپتۇ.

ئۆلۈمنى ئۇنتۇغان دۇشمەننى يېڭەر.

ئۆلۈك يولۋاستىن تىرىك چاشقان كۈچلۈك.

## ئۈ

ئۈركۈگەك ئات ھېچنەرسە تاپالمىسا،
تېزىكىدىنمۇ ئۈركۈيدۇ.

## ۋ

ۋارقىرىغاندىن قورقما،
باتنىغاندىن قورق.

## ئې

ئېشەك يۈگۈرگەنگە ئات بولماس.

ئېغىرلىقنى يەر كۆتۈرەر،
بالا ـ قازانى ئەر (كۆتۈرەر).

ئېقىنسىز دەريا بولماس،
يۈرەكسىز باتۇر (بولماس).

ئېيىق بىلەن تۇرماق،
جاننى قولغا ئالماق.

ئېيىقتىن قورققان جاڭگالغا بارماس.

## ئى

ئىت قورقسا، ئارقىسىغا قاراپ خىرقىرار.

ئىت ئۆۋىسىدا كۈچلۈك.

ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك.

ئىرغايدەك چىۋىق بار،
لاچىندەك يىگىت (بار).

ئىرغاينىڭ ئېگىلگىنى — سۇنغىنى،
باتۇرنىڭ ئۇيالغىنى — ئۆلگىنى.

ئىشچان پالاكەتنى يېڭەر،
باتۇر ھالاكەتنى (يېڭەر).

ئىككى ئات سوقۇشسا،
ئېشەك يېقىن كەلمەس.

ئىككى بۇقا سوقۇشسا،
ئوتتۇرىدا چىۋىن ئۆلۈپتۇ.

## ي

يا مەرد بول،
يا مەردنىڭ مۆرىتى (بول).

ياخشى يىگىت ئەلنى قوغدايدۇ.

ياردەمچىسىز پالۋان سەپ يارالماس.

يالاڭ ئاياغ سۇدىن قورقماپتۇ،
قېرى كالا پىچاقتىن (قورقماپتۇ).

يالاڭ ئاياغ سۇدىن قورقماپتۇ،
ھاسىسى بار ئىتتىن (قورقماپتۇ).

يالاڭ ئاياغ سۇدىن قورقماپتۇ،
يالاڭتۆش جىدەلدىن (قورقماپتۇ).

يامغۇردا قالغان شەبنەمدىن قورقماپتۇ.

يەڭگەن سۇلتان،
يېڭىلگەن ئۇلتان.

يوقسۇزلۇق — باتۇرنىڭ قولىنى باغلار.

يولۋاستىن تايغان چۈشمەس،
باتۇردىن نادان (چۈشمەس).

يولۋاسقا يولۇقما،
يولۇققاندا ھولۇقما.

يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،
ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.

يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر،
پاشىنىڭ قولىدا كېتىپ قاپتۇ.

يۈرەك باتۇردىمۇ بار،
قورقۇنچاقتىمۇ بار.

يۈز قاغىغا بىر شۇڭقار كۇپايە.

يۈگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنمەس.

يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل.

يىقىتقان پالۋان يۆلەپ قويار.

يىقىلساڭ، تۈگىدىن يىقىل.

يىقىلغاننى ئۇرمايدۇ.

يىگىت بولساڭ مەرد بول،
ئەلگىمۇ ھەمدەرد بول.

يىگىت بېشىم ئامان بولسا،
ھەر يەردە مېنىڭ يارىم.

يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە تارتىدۇ،
ئات تويغان يېرىگە (تارتىدۇ).

يىگىت تۇغۇلۇپ ئەيىبناق بولمايدۇ،
تۇرۇپ ئەيىبناق بولىدۇ.

يىگىت جەڭدە چېنىقىدۇ.

يىگىت قەرز كۆتۈرەر.

يىگىت ھەقلىققە يارالغان،
قوي قۇربانلىققا.

يىگىت ئۆزى ئۇچۇن تۇغۇلار،
ئەل ئۇچۇن ئۆلەر.

يىگىت ئۆلسىمۇ سۆزى ئۆلمەس.

يىگىتكە باش بول،
دۈشمەنگە تاش بول.

يىگىتكە ئىككى نومۇس ــــ بىر ئۆلۈم.

يىگىتلىك تاجى ــــ دۆلەتتۇر،
قىرلىق قايغۇ ــــ مىننەتتۇر.

يىگىتلىككە ھەشەم كېرەك،
ھاجىلىققا ھەرەم (كېرەك)

يىگىتنىڭ بەختى ئوڭ خوتۇن،
جان قىيىنغان توڭ خوتۇن.

يىگىتنىڭ تاۋىنى ياندۇرۇش،
ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس.

يىگىتنىڭ زىنىنتى مەردلىكتە.

يىگىتنىڭ قىزارغىنى ئۆلگىنى،
پولاتنىڭ قىزارغىنى پىشقىنى.

يىگىتنىڭ مەردلىكى تۇتقۇچە،
جۇۋاننىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپتۇ.

يىگىتنىڭ يىگىتى تاشنى ئېزىپ ياغ چىقىرىدۇ.

يىلان چاققان ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا

# ئا

«ئاپلا» دېگەندىن ئالدىرىمىغان ياخشى.

ئات ئات بىلەن تېپىشەر،
ئاتنىڭ ئېشەك بىلەن تېپىشكىنى نەدە بار؟

ئات بار يەردە ئېشەككە يول بولسۇن،
دوست بار يەردە ھېسابقا يول (بولسۇن).

ئاچ بۆرە ئېيىققا تاشلىنار.

ئاچچىق ئاچچىقنى باسار.

ئاچچىق ئاداشتۇرىدۇ،
ئەقىل ياراشتۇرىدۇ.

ئاچچىق ئالدىدا،
ئەقىل كەينىدە.

ئاچچىق ئەقىلنى كېسەر،
تاتلىق كۆڭۈلنى يېشەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاچچىق بولمىسا تاتلىق بىلىنمەس،
تاتلىق بولمىسا ئاچچىق (بىلىنمەس).

ئاچچىق بىلەن تاتلىقنى تېتىغان بىلەر.

ئاچچىق تەر تۆكسەڭ،
تاتلىق نان يەيسەن.

ئاچچىق دورا — دەردكە داۋا.

ئاچچىق دېگەن پەيلى شەيتان.

ئاچچىق دېگەن پىيازدىمۇ بار.

ئاچچىق قېرىتار،
كۈلكە ياشنىتار.

ئاچچىق مېغىزنى چايناپ بىلىدۇ.

ئاچچىق يۇتماق — تاغ يۇتماق.

ئاچچىق — ئەقىلنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرەر.

ئاچچىقنى يەڭگەن ئاشقازىنىدا تاشنى ئېزىدۇ.

ئاچچىقنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان.

ئاچچىقنىڭ تاتلىقى بار،
يۇمشاقنىڭ قاتتىقى (بار).

ئاچچىقنىڭ دورىسى ـــ سۆكۆت.

ئاچچىقى كەلگەندە كۆلكە قىچىپتۇ.

ئاچچىقى كەلگەننىڭ يېنىدا تۇرما.

ئاچچىقىڭ تۇتسا،
يېڭىڭنى چىشلە.

ئاچچىقىڭ كەلسە بارمىقىڭنى چىشلە.

ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئوڭ قولۇڭنى سول قولۇڭ بىلەن باس.

ئاچچىقىڭغا هاي بەر،
تەمەخورغا ماي (بەر).

ئاچچىقىڭنى ئەقلىڭگە بويسۇندۇر.

ئاچچىقىڭنى دۈشمىنىڭگە سەزدۈرمە.

ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر.

ئارسلان كۆچىگە ئىشىنەر،
تۈلكە ھىيلىسىگە (ئىشىنەر).

ئازغا قانائەت قىلمىساڭ،
كۆپكە ئېرىشەلمەيسەن.

ئازغا قانائەت،
كۆپكە شۈكۈر قىل.

ئاستا ئاققان سۇدىن قورق،
يەر باقتى ئادەمدىن (قورق).

ئاستا ماڭغان ئېشەك كېتەر،
ئالدىرىغان يېنىپ كېلەر.

ئاغچا، تەڭگە تېپىلار،
ياخشى يەڭگە تېپىلماس.

ئاغرىنىشتىن ئىلگىرى گېپىڭنى تەييارلا.

ئاغزى قېشىغا كۆيۈپتۇ.

ئاغزىمدىن چىققتى،
ساقىلىمغا ياماشتى.

ئاكامنىڭ دەرمەن،
يەڭگەم بەرگەننى يەرمەن.

ئالەمنى سۇ باسسا،
ئۇشۇقى ھۆل بولماپتۇ.

ئالتۇن تاقىلىق ئاتمۇ مۇدۇرىدۇ.

ئالتۇن توشۇيدىغان تۆگىمۇ يانتاق يەيدۇ.

ئالدانساڭ، ئەقىل تاپىسەن.

ئالدىدا كەتسە تەسچىلىك، ئارقىدا قالسا سەتچىلىك،
ئوتتۇرىدا ماڭسا ئىشەنچلىك.

ئالدىراپ ئەتكەن تامنىڭ ئۇلى بوش.

ئالدىراپ غورا يېسەڭ پۇتۇن چىقار.

ئالدىراپ قوپۇپ گەپ قىلساڭ،
بېشىڭغا تېگىدۇ چوماق.

ئالدىراپ كەتكەن قىز ئالتە ئەردىن چىقىپتۇ.

ئالدىراپ كېتىپ دۈڭگە كۆمۈپتۇ،
كۆرپىنى دەپ يوتقان سۆكۈپتۇ.

ئالدىراپ ئۇچقان ئۆردەك بېشىچىمۇ،
كۆتىچىمۇ ئۇچار.

ئالدىراشنىڭ كەينى — ئۆكۈنۈش.

ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم ئۆلتۈرەر.

ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ ئىشى.

ئالدىراڭغۇنىڭ تاپىنى قىچىشار.

ئالدىراڭغۇنىڭ ئۆپكىسى يولدا قاپتۇ.

ئالدىرىساڭ قونۇپ قال.

ئالدىرىساڭ ماڭما باق.

ئالدىرىغان پۇتلىشار.

ئالدىرىغان قىز ئەردە يالچىماپتۇ.

ئالدىرىغان مۇرادىغا يېتەلمەس.

ئالدىرىغان مۈشت يەر،
تاقەت قىلغان گۆش (يەر).

ئالدىرىغان نەدە،
ئالدىرىمىغاننىڭ كەينىدە.

ئالدىرىغان ئىت تامدىن سەكرەپتۇ.

ئالدىرىغان ئىشقا شەيتان ئارىلىشار.

ئالدىرىغان يولدا قالار،
ئالدىرىمىغان ئۆيگە بارار.

ئالدىرىغان يولدىن ئازار.

ئالدىرىغاندا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپتۇ.

ئالدىرىغاندا پۇتى تېيىلىپ كېتىپتۇ.

ئالدىرىغاندا دۆڭگە مۆكۈپتۇ.

ئالدىرىغاندا قارىغۇدىن يول سوراپتۇ.

ئالدىرىغاندا قولىدىكىنى قىرىق قېتىم ئىزدەپتۇ.

ئالدىرىغاندا لەببەي تېپىلماس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىرىغاندا ناخشا ئېيتىپتۇ.

ئالدىرىغاندا ئىشتان پۇتلىشىپتۇ.

ئالدىرىغاندا ئىشتانبېغى ئىككى چىگىلىپ قاپتۇ.

ئالدىرىغاننىڭ ئايىغى كۆيۈپتۇ.

ئالدىرىغاننىڭ بۇرنى قانار.

ئالدىرىغاننىڭ بېشى تاشقا تېگەر.

ئالدىرىغاننىڭ ئۇشۇقى تېيىشار.

ئالدىرىغاننىڭ ئېشىكى يېتىۋاپتۇ.

ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر،
تېڭىرقىماڭ تاڭلا (كېلەر).

ئالدىرىماڭ يارەي،
سىزگىمۇ بىر كۈن بارەي.

ئالدىرىمىساڭ باشتا بولۇرمىدىڭ تاز.

ئالدىرىمىساڭ هارۋىدا توشقان ئالسەن.

ئالدىرىمىساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
ئالدىرىساڭ، يۈزۈڭ چۈشەر.

ئالدىغا بار، كەينىگە يوق،

ئاتلىقتا بار، پىيادىگە يوق.

ئالدىڭدىكى توسقۇننى كۆرمىسەڭمۇ،
يىراقتىكى دۈشمەننى كۆر.

ئالما دەپ ئۈزۈۋالما،
سالما دەپ قوينۇڭغا سالما.

ئالمىنىڭ پوستلىقىدىن قورق،
دۈشمەننىڭ دوستلۇقىدىن (قورق).

ئاۋايلاپ ئۈچمىغان قۇش قانىتىدىن ئايرىلىپتۇ.

ئاۋايلىماي ئۆرۈۋىدىم،
ئاغرىماي ئۆلۈپ قالدى.

ئاياغدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئاغزىغا كىرەر.

ئاياغقا سەۋەبسىز تىكەن كىرمەس.

ئايىغى ئىلدام ئاشقا ئۈلگۈرەر،
تىلى ئىلدام مۇشتقا (ئۈلگۈرەر).

# ئە

ئەتە كېلىدىك، ئۆگۈن كېلىدىك،
ھەل بولمىسا سەۋر قىلىدىك.

ئەتىگە بۆگۈن پىلان تۈز.

ئەتىگەن تويمىغان قورساق،
كەچكىچە تويماپتۇ.

# ب

باش تاشقا تەگمىگۈچە،
باشقا ئەقىل كىرمەس.

باشتا بېشىڭنى ئايىساڭ،
بولماس ئىدى بېشىڭ تاز.

بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشى.

بەرگەندىن سورىماق تەس.

بورداۋەرسە، يېرىلىپ كېتەر.

بولسا بولار،
بولمىسا ئىز پۈلى بولار.

بۆك ئال دېسە باش كېسىپتۇ.

بېرىدا چىلىق - چىلىق،
يوقىدا غېرىبچىلىق.

بېرىشتا كۈلۈپتۇ،
قايتقاندا يىغلاپتۇ.

بىر ئاچچىقنىڭ بىر چۈچۈكى بار.

بىر ئالدىراڭغۇغا،
بىر لەقۋاغا قىز بەرمە.

بىر قولۇڭ مۇشت كۆتۈرسە،
بىر قولۇڭ ئۇنى باسسۇن.

بىر قولۇڭدا ئوت ئالساڭ،
بىر قولۇڭدا سۇ ئالغىن.

بىر كۈن ئالدىرىغاندىن،
قىرىق كۈن ئەقىل سورىما.

بىر كۈن ھەسەل يېسەڭ،
بىر كۈن پىياز چاينايسەن.

بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن مىڭ كۈن ئۆگەن.

بىر مۇدۇرۇش — ئۆمۈرلۈك دەرد.

بىرنى بىركىم بېرەر،
كۆپنى ئەمگەك (بېرەر).

بىرنى سال خامارغا،
قالساڭمۇ مەيلى بالاغا.

بىرىنى ئۆرە قىلمىغۇچە،
بىر ئۆرە بولماس.

بىغەمنىڭ مېلىنى بۆرە يەيدۇ،
بۆرە يېمىسە ئوغرى يەيدۇ.

بىھۇدە كۈلكىنىڭ كەينى يىغا.

بىھۇدە ھەرىكەت — بەلنى سۇندۇرار.

## پ

پەيلى شەيتان.

پەيلى يامان،
نەدە ئامان.

پەيلى يامانىنى ئەزرائىل تاپار.

پەيلى يامانىنىڭ خۇيى يامان.

پۇشايمان قىلغان لېۋىنى چىشلەر.

پۇشايماننىڭ دورىسى يوق.

پۇشايماننىڭ قاچىسى يوق.

پىشقان ئاشنىڭ كۆيۈكى يامان.

ت

تاقەت بولسا مالامەت بولماس.

تامنىڭ تۆشۈكى بار، تۆشۈكتە چاشقان بار،
چاشقاندا قۇلاق بار.

تاي تاراقلار،
ئات يورغىلار.

تەردىم تېزەك،
ئۈنىڭدىن چىقتى گېزەك.

تەسۋىنىڭ يىپى بار،
ھەر ئىشنىڭ ئېپى بار.

تەقدىرگە تاللاش يوق.

تەكەببۇر كىشى — قومۇش پۆپۈكى،
كەمتەر كىشى — ئالتۇن كېپىكى.

تەكەببۇرلۇق ئەخمەقنىڭ ئىشى.

تەكەببۇرلۇق ئەقىل ئەمەس،
قارامىلىق باتۇرلۇق ئەمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەكەببۇرلۇق شەيتاننىڭ ئىشى،
مەنمەنلىك ــ ناداننىڭ (ئىشى).

تەكەببۇرنىڭ پىرى شەيتان.

تەلۋە بىلەن تەڭ بولما.

تەۋەككۇل قىلغان ئىشتا ئەندىشە بار.

تەۋەككۇلنىڭ تۇۋى قېلىن، چىقساڭ ئۇتىسەن،
ئەندىشىنىڭ تۇۋى دېڭىز، چۆكسەڭ كېتەرسەن.

توختام سۇ ئادەم ئۆلتۇرەر.

تولا بولسا،
پولا بولار.

تۇلپارنىڭ تۇيىقى قىزىسا،
قانات چىقىرار.

تۆگىدەك بىر - بىر بېسىپ،
مەنزىلگە يەتسە خوپ بولۇر.

تۇز ماڭغان تېيىلمايدۇ.

تۈلكىنىڭ سالامغا كېلىشى ــ يامانلىقنىڭ بېشارىتى.

تېپىۋالساڭمۇ سانىۋال.

تېرىككەككە چىقىلما.

تىلىنى تارتقان بېشىنى قۇتقۇزار.

## ج

جېدەلنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىككى ئېغىز «هاي».

جىق بولسا كېتەر،
ئاز بولسا يېتەر.

جىم ئاققان سۇمۇ غەرق قىلالايدۇ.

جىمىغۇرنىڭ قولتۇقىدا چىشى بار.

## چ

چاپقان ئات مەنزىلىگە يەتمەس،
يول نىسپىدە ھېرىپ قالار.

چاقچاق قىلماڭ چوڭغا،
كۆتۈرۈپ سالار توڭغا.

چىڭ تالىسا،
ئۈزۈلۈپ كېتەر.

## خ

خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق،
ئۇستى يېپىلغان يەردە تالا (يوق).

خۇدادىن باشقا غوجام يوق،
قورساقتىن باشقا قاچام (يوق).
خۇدانىڭ ئاسمىنى كەڭرى،
رىزقى تولا.

خۇشال بولغاندا كۆزگە بالا كۆرۈنمەس.

خۇشاللىقنىڭ خاپىلىقى بار،
كۈلكىنىڭ يىغىسى (بار).

خىرىس قىلغاندىن قورقما،
ھىجايغاندىن قورق.

## د

دەرەخنىڭ ئاچچىسى بار،
سەۋرنىڭ قاچىسى (بار).

دۇشمەن يېرىدە ئۇخلىغان ئۇيقۇ دۇشمەن بولار.

دۈشمەنگە سەپەرداش بولساڭ،
ئاي پالتاڭ قوينۇڭدا بولسۇن.

دېمىگەننى دېگىلى بولۇر،
يېمىگەننى يېگىلى (بولۇر).

ر

رەھىم بالانى كەلتۈرەر،
ساۋاب قازاننىڭ تۈۋىنى تېشەر.

ز

زارلىغانغا كەلمەيدۇ،
قارىغانغا بەرمەيدۇ.

زاغراخان باتۇر، زەردە قايناتۇر،
بىردەم بولمىسا، كۆزنى ئويناتۇر.

زامان بۇزۇلسا، ئاتتىن ئېشەك ئۆتۈپ كېتىدۇ.

زامان قايان،
سەن شۇ يان.

زامانغا قاراپ ئىش تۇت،
يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن.

زېمىنىڭ يەرگە ئوسا بىكار،
تۇغماس خوتۇنغا ئوسما بىكار.

زوردىن زور چىقسا،
زور بوينىنى قىسار.

## س

سايىنى كۆۋرۈك دەپ بېسىپ ئۆتمە.

سەۋەب قىل،
تەلەپ قىل.

سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق،
قىلالمىساڭ ئامال (يوق).

سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.

سەۋەبنى سەۋەب ئىزدەيدۇ.

سەۋەبى ئالەم.

سەۋەنلىك ئۆزۈڭدىن،
رەنجىمىگىن مېنىڭدىن.

سەۋر ئاچچىق،
مېۋىسى تاتلىق.

سەۋر باياشاتلىققا ئېلىپ بارار،
ئالدىراڭغۇلۇق دوزاخقا ئېلىپ (بارار).

سەۋر قىلساڭ سۇلتان بولىسەن،
قىلالمىساڭ ئۇلتاڭ (بولىسەن).

سەۋر قىلساڭ شادلىنىسەن،
ئالدىرىساڭ ئالدىنىسەن.

سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشار.

سەۋر قىلغان مۇرادىغا يېتەر.

سەۋر قىلمىغان ئارماندا قالار.

سەۋر ـ تاقەتنىڭ چېكى بار.

سەۋر — ئەقىلنىڭ بەلگىسى.

سەۋرچان باشنى ئېگەر.

سەۋردىن ئارتۇق غىزا يوق،
رىزادىن ئارتۇق مۇكاپات (يوق).

سەۋرلىك چىدار،
سەۋرسىز يىغلار.

سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن.

سەۋرنىڭ كەينى راھەت.

سەۋرنىڭ مېۋىسى ئالتۇن.

سوراپ ياشنى تاپ،
كۆرۈپ قاشنى (تاپ).

سېكۇنت يول تالاشقان لەھەتكە بېرىپتۇ،
مىنۇت يول بەرگەن مەنزىلگە (يېتىپتۇ).

## ش

شامالنىڭ چىقىشىغا باق،
سۇنىڭ ئېقىشىغا (باق).

شەپشەك ئېرىق ئاتلار،
ئېغىر - بېسىق دەريا (ئاتلار).

شىردەك غەيرەتكە چۈمۈلىدەك تاقەت كېرەك.

## ق

قارىغۇنىڭ كەينىگە كىرسەڭ،
گوداڭغا يىقىلىسەن.

قانائەت تۈگىمەس بايلىق.

قانائەت قىلساڭ خار بولمايسەن.

قانائەت قىلغاننىڭ كۆڭلى ئازادە.

قانائەتتە سائادەت بار.

قانائەتچان كىشىنىڭ قارنى توق.

قانائەتسىز ئالىم ــــ ئىنسابى يوق زالىم.

قانائەتلىك ــــ قورساق تويدۇرار،
بىتاقەت كالا سويدۇرار.

قانائەت ــــ تۈگىمەس خەزىنە.

قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس،
جېدەلنى ئاچچىق بىلەن يۇغىلى (بولماس).

قومۇشنى بوش تۇتساڭ، قولۇڭنى كېسەر.

قىلىقنى بىلمىگەن ئاتنىڭ يېنىغا بارما.

## ك

كاللىمۇ چىشلىمە،
چىشمۇ چاقما.

كەمتەر ئامال تاپار،
تەكەببۇر زاۋال (تاپار).

كەمتەر بولساڭ غالىب بولىسەن،
كەمتەر بولغان ئالغا باسار.

كەمتەر بولساڭ ئۇتارسەن،
مەغرۇر بولساڭ غۇلارسەن.

كەمتەر بولساڭ ئۆسەرسەن،
مەغرۇرلانساڭ چۆكەرسەن.

كەمتەر كامال تاپار،
مەنمەنچى زاۋال (تاپار).

كەمتەر كۆرۈر،
مەغرۇر ئۆلۈر.

كەمتەرلىك ئەلا،
مەنمەنلىك بالا.

كەمتەرلىك ــ سائادەتنىڭ كاپالىتى،
كىبىرلىك ــ جاھالەتنىڭ ئالامىتى.

كەمتەرلىك ئۇلۇغلۇق بىلەن بىر تۇغقان.

كەمتەرلىك ــ سائادەتنىڭ كاپالىتى،
كىبىرلىك ــ زاۋاللىقنىڭ ئالامىتى.

كۆردۈم ــــ تۈتۈلدۈم،
كۆرمىدىم ــــ قۇتۇلدۇم.

كۆلگە سۇ كىرىۋەرسە،
ئاخىر بىر كۈن تاشىدۇ.

كۈل بىلەن كۆمەچ يېسەڭ قۇستۇرار،
يۈگەنسىز شاش ئات مىنسەڭ يىقىتار.

كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن.

## گ

گەپنى تەگسە گەپ چىقار،
كالىنى قوغلىسا پوق (چىقار).

گۇمان شادلىققا دۈشمەن،
ئاچچىق تاتلىققا (دۈشمەن).

## م

مەغرۇرلۇق يۇلتۇز سانىتىدۇ،
سايىسىغا سالام قىلدۇرۇپ بۇرنۇڭنى قانىتىدۇ.

مەيلى بولسا مەيخانە،
چىلىمگە سەيخانە.

مۇئامىلە — يول ئاچار.

مۇنارغا مۇشت تەگلىمە.

ن

نان كەلگۈچە قېتىق تۈگەپتۇ.

ناھايىتى چوڭ پالاكەت
بىردەم سەۋر قىلالماسلىقتىن كېلىدۇ.

ھ

ھاكاۋۇر غادىيىپتۇ، سارغىيىپتۇ،
كەمتەر ھالىنىپتۇ، تالىنىپتۇ.

ھاكاۋۇرنىڭ ئاغىلىشىدىن سۆزلىشى تولا،
كەمتەرنىڭ سۆزلىشىدىن ئاغلىشى (تولا).

ھاكاۋۇرنىڭ دەسمايىسى غالتەكتە.

ھاڭ باققان ئورىغا يىقىلار.

هەر قەدىمىڭنى بىلىپ ماڭساڭ،
ئەلەم كۆرمەيسەن.

ھەركىم قالۇر بالاغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

# ئو

ئوڭ قەدىمىڭنى باسقاندا،
چەپ قەدىمىڭنى ئويلاپ قوي.

ئوڭ قولۇڭ ماجىراچى بولسا،
چەپ قولۇڭ ماداراچى بولسۇن.

ئوڭ قولۇڭنىڭ ھەرىكىتىنى سول قولۇڭغا سەزدۈرمە.

ئوڭ ـ سولغا قارىساڭ تارتىسەن تەڭلىك،
ئالدىڭغا قارىساڭ تاپىسەن كەڭلىك.

ئويچى ئويلاپ بولغىچە،
تەۋەككۈلچى ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولار.

ئويلىماي ئىش قىلساڭ،
سانىماي تاياق يەيسەن.

## ئۇ

ئۇخلىغان يولۋاسنىڭ قۇلىقى ئويغاق.

ئۇزۇنغا يۇگۇرمەكچى بولساڭ،
ئۇزۇڭنى سالماق تۇت.

## ئۆ

ئۆچ بولماڭ مۇپتىلا بولۇرسىز،
ئامراق بولماڭ جۇدا (بولۇرسىز).

ئۆلگەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولماس.

ئۆي مېنىڭ دەپ سۆزلىمە،
ئىشىك كەينىدە كىم بار.

ئۆي ئۆز ئوتىدىن كۆيەر.

## ئې

ئېچىق بېشىدا ئادەم.

ئېشەك بىر قېتىم پۇتى سىيىلغان كۆرۈكتىن ئۆتمەس.

ئېشەكنىڭ تەپكىنىگە ئېشەك چىدايدۇ،
ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات (چىدايدۇ).

ئېگىزدىن يىقىلغان قاتتىق چۈشەر.

ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە،
پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ.

ئېگىلگەن تاياققا تايانما،
ئېگىلگەن شاختا ئېسىلما.

## ئى

ئىتنى چىشلىمەس دېمە،
ئاتنى تەپمەس دېمە.

ئىتنى قاۋايدۇ دەپ تىلىنى كەسكىلى بولماس.

ئىززەت قانائەتتىن كېلۇر،
زەخمەت تەمەدىن (كېلۇر).

ئىككى ئات تېپىشسا،
ئارىدا قالغان ئېشەك ئۆلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككى بۆقا سوقۇشسا،
ئارىدا كۆكۈيۈن يانجىلۇر.

ئىككى پۈت تەڭ بولسىمۇ ئىلگىرى - كېيىن ماڭىدۇ.

ئىككى تەنتەك ئەلگە سىغماس،
ئىككى تۆرە تۆرگە (سىغماس).

ئىككى شۇڭقار تالاشسا،
بىر قاغىغا يەم چۈشەر.

ئىككى قوچقار سوقۇشسا بۆرىنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ.

ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قاينىماس.

ئىككى قۇشقاچ سوقۇشسا ئوغرى مۈشۈككە يەم بولۇر.

ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسىگىلى بولماس.

ي

ياتار قورساق،
كېتەر قورساق.

يازنىڭمۇ سوغۇقى بار.

ياش تۆككەنگە دەرد چىقماس.

يېنىكلىك ـــ شەيتانلىق،
ئېغىرلىق ـــ رەھمانلىق.

يىلان زەھىرى بېشىدا،
بىپەرۋانىڭ دۈشمىنى قېشىدا.

يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن چۈلۋۈردىنمۇ قورقار.





# پىتنە - پاسات، ھەسەتخورلۇق، ھەسرەت - نادامەت توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurbook.com

# ئا

ئاچچىقى يامان ماغدۇرى كەم،
يانچۇقى يوغان دادۇرى كەم.

ئاخشام چۈشكەن پەتىنگان،
لەگمەن ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

ئارقىسىدىن دېگەنلەر،
ئېشەك تېزىكى يېگەنلەر.

ئاشنى بۇزۇپ ئۇماچ قىپتۇ،
ناننى بۇزۇپ كۆمەچ (قىپتۇ).

ئاغزىدا «خۇدا» دەيدۇ،
«خەپ توختا، بۇدا» دەيدۇ.

ئاغزىمنىڭ بوشلۇقىدىن بېشىم كەتتى،
قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىدىن يۈزۈم كەتتى.

ئاللا ـ ئاللاسىغا قىزىم كەتتى،
باركاللاسىغا ئېشىم كەتتى.

ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ، زامانەڭنى تار،
ئىتلىرىڭنى بەگ ياراتتىڭ، ئادىمىڭنى خار.

ئانىسى غەيۋەتچى بولسا،
بالىسى ۋىتتۋالاق.

ئاھ دېسە ئۆپكىسى كۆرۈنۈپتۇ.

ئاھ ئۇرغانغا ھەسرەت توگىمەس.

## ئە

ئەسكى جاڭگالنىڭ تولكىسى كۆپ،
تەخسىكەشنىڭ كولكىسى (كۆپ).

ئەسكى چاپان ئىت قاۋىسىمۇ يىرتىلار.

ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار.

## ب

باتۇرنىڭ كۆز يېشىنى كۆرمىگۈچە،
ھەسرەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن.

بار چېغىدا يوغان گەپ،
تۆگىگەندە ئۇن چىقماس.

بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.

باشتىن ئۆزۈڭنى ئايىساڭ بولارمىدىڭ تاز.

بالا تاپسام بېشى يوق،
سوقا تاپسام تېشى يوق.

بەيگە قېچىرغا قاپتۇ،
ئۇسسۇل توكۇرغا (قاپتۇ).

بويتاق يۈرۈپ تالادا قالدىم،
خوتۇن ئېلىپ بالادا قالدىم.

بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كۆزىدە.

بويتاقنىڭ ئۆيىدىن بوران چىقسا،
تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدىن تۈتۈن چىقار.

بويىغا بويۇم ماس كەلدى،
مىجەزىمىز تەس كەلدى.

بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان،
كەم ـ كەملەردىن قالمىغان.

بېشىغا قازان ئېسىپ،
ئاستىدىن ئوت يېقىپتۇ.

بېغى تۆگەپ تېغى قاپتۇ،
يېغى تۆگەپ دېغى (قاپتۇ).

بىر بۇغداي بىلەن ئورۇقلاپ،
بىر بۇغداي بىلەن سەمرىپتۇ.

بىشەم خوتۇن بېشىنى يارار،
سېمىز كالا قاسساپقا (يارار).

بىشەمنىڭ پوقىنى يېگەن ئىت ئون كۈن قاۋاپتۇ.

بىگىز قاپتا تۇرماپتۇ،
گەپ قورساقتا (تۇرماپتۇ).

پ

پەرىشتىنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

پەسكەش ماختىنىپ بۈيۈك بولالماس،
ئۆچكە يۇگۈرۈپ كېيىك بولالماس.

پۇلنىڭ ناچىرى تەڭگە، ئادەمنىڭ ناچىرى بەڭگە.

## ت

تاختا قىلدىم ئەگرى ـ توقاي،
قايسىبىرىدىن قورقاي.

تالادا غوۋغا قىلغاننىڭ،
ئۆز ئۆيىدە زوۋانى يوق.

تالادا قوشنىسىنى ياراتماپتۇ،
ئۆيىدە ئۆزىنى (ياراتماپتۇ).

تاناپتەك تۈز يول بولغان بولسا،
تىكەنسىز گۈل بولغان بولاتتى.

توشۇپ بارغان گەپ سىيىق،
تۇرۇپ قالغان سۇ سىيىق.

تۇغماس خوتۇن شۇمەك يىغىپتۇ.

تۆت تامنىڭمۇ گەپ تىڭشايدىغان قۇلىقى،
گەپ توشۇيدىغان ئاغزى بار.

تۆگىدەك قىز بىرىپ،
توگمىدەك گۆش يىدىم.

تۇلكىنىڭ سالىمىغا،
خورازنىڭ جاۋابى بار.

## ج

جاھاننىڭ قاتتىقلىقىدا پىت بولدۇم،
گۆشنىڭ تاتلىقلىقىدا ئىت (بولدۇم).

## چ

چالا پىشقان كاۋاپ تاتلىق.

چەككىنىم جەبىر ـ جاپا،
ئاڭلىغىنىم تەنە ـ تاپا.

چۆچۈرە پاتمىغان ئاغزىمغا،
كالا بېشى بوش كەلدى.

## خ

خويمۇ سەنەم سالغۇم بار، تاپىنىم كېلىشمەيدۇ.

## د

دەريا سۈيى مەن بولسام،
شاۋقۇنى سەن بولدۇڭ.

دوپپىغا پاتقان بېشىم جاھانغا پاتمىدى.

دوتەي بولمىسا، پوتەي بولمايتتى،
پوتەي بولمىسا قاغا قونمايتتى.

## س

ساڭا قىلدىم دەمسەن، ئۆزۈڭگە قىلىسەن.

سەن سالۇر، مەن سالۇر،
ئاتقا ئوتنى كىم سالۇر.

سەن كەلسەڭ نىمە ئېلىپ كېلىسەن،
مەن بارسام نىمە ئېتىپ بارىمەن؟

سەن مېنى كىشى دېسەڭ،
يانچۇقۇمدا كىشمىشىم.

سەن مېنى كىشى دېمىسەڭ،
سېنىڭ بىلەن نېمىشىم.

سەن ئۆل مەن تىرىلەي،
سەن ئۆل مەن ياشاي.

سەن يالۋۇرۇپ ئۆتسەڭ،
بالاڭ يىغلاپ ئۆتەر.

سەنمۇ شۈك، مەنمۇ شۈك،
ئوتتۇرىدا قارا مۇشۈك.

سەھراغا چىقسا ئېشىكىنى تونۇماس،
بازارغا چىقسا دوستىنى (تونۇماس).

سەھرالىقنىڭ ساھىبخانىلىقىنى كۆرۈڭ،
شەھەرلىكنىڭ مېھماندارچىلىقىنى (كۆرۈڭ).

سورىغاننىڭ بىر يۈزى قارا،
بەرمىگەننىڭ ئىككى يۈزى (قارا).

سورىمىغانغا گەپ يوق،
ئۆچرىمىغانغا سالام (يوق).

سۇغا چىققان خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار.

سۈنى كۆرسە ئۇسساپتۇ،
قۇمنى كۆرسە ئېغىناپتۇ.

سۆزلىسەڭ تىلىڭنى كېسىمەن،
قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن.

سېنىڭ ماڭغان يولۇڭدىن،
مېنىڭ ئۆتكەن كۆۋرۈكۈم كۆپ.

سېنىڭ ئۆيۈڭگە بارسا گەپلا،
مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلسە يەپلا.

## ش

شام يېقىپ شەيتاننى تىللاپتۇ.

شامال كىرمەيدىغان تۆشۈك يوق،
بەز يېمەيدىغان مۈشۈك (يوق).

شەھەر ئالىمەن دەپ شەرمەندە بوپتۇ.

شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق.

شەھەرنىڭ دوپپىسى سەھراغا تاج بېرىپتۇ.

شەھەرنىڭ ئىتى — سەھرانىڭ يولۋىسىنى تالاپتۇ.

شەيتاننىڭ شاپتۇل يېگىنىگە ھەيرانمەن.



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

شوتىغا چىقسا يىقىلار،
ئۆگزىگە چىقسا سىيىلار.

## غ

غەيۋەت ـ شىكايەت،
جېدەلگە دالاۋەت.

غەيۋەت قىلما ھەريانە،
يۈزدە سۆزلە مەردانە.

غەيۋەت ئۆيۈمنى بۇزدى،
مۇسىبەت كۆڭلۈمنى بۇزدى.

غەيۋەتچى غەيۋەت قىلمىسا كۆڭلى تىنماس.

غەيۋەتچىنى دوست تۇتساڭ ئابرۇيۇڭنى تۆكمدۇ،
ياخشى بىلەن دوست بولساڭ ئىناۋىتىڭ ئۆسىدۇ.

غەيۋەتخور دەپ تويماس،
ئاچ كۆز يەپ تويماس.

غەيۋەتخورنىڭ ئاغزىغا قاغا چىچار.

غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس،
ئاڭلىمىغاننىڭ قۇلىقىنى (كەس).

غەيۋەتنىڭ ياخشىسى يوق.

غوجا ـ بەگكە ئىشلىسەم كۆندە يېدىم دەككە،
كەتمەن بەگكە ئىشلىسەم كۆندە يېدىم بەتتە.

## ق

قاپىقى ئۇششۇق،
ئۆزىگە تۇشلۇق.

قاچان بولۇر ئۆزۈمدەك،
قاراپ تۇرغان كۆزۈمدەك.

«قۇرئان» ئارتقان قېچىر «قارىي» بولالماس.

قازان تەكتىم كۇمۇش دېسە،
چۆمۈچ ئۇنداقتا مەن نەدىتىم دەپتۇ.

قازان كۆمىچى يېمەسمەن،
ھەكىم، لوقمان دېمەسمەن.

قازىنىڭ ئوردىسىدىن قېچىپ،
پادىشاھنىڭ تۇغلۇكىدىن چۈشۈپتۇ.

قاغا قونمىسا ئېشەك ئۈركۈمەيتتى،
ئېشەك ئۈركۈمىسە ئانام ئۆلمەيتتى.

قاغىنىڭ قارغىشىغا ئېشەك ئۆلمەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

قاغىنىڭ ئېقى يوق،
تىككۈچىنىڭ سېقى يوق.

قايناتسىمۇ شورپىسى قېتىلماس.

قەرزدار بولۇپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي،
تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى (كۆرەي).

قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن مەيدەم كۆرۈندى،
چىۋىننىڭ پاچىقى دەمدەك كۆرۈندى.

قوش كەتمەننى مەن چاپسام يېتىپ يېدى گۈيتۇزا.

قوغۇنلۇققا شۇمبۇيا چىقسا،
ھەسەتخور كولۇپ كېتىپتۇ.

قولتۇقۇمدا قاتلىما بولسا،
كەينىمدە ئون بەش كۈچۈك.

قولدىن كەلگىنى كۆڭۈلگە ياقماپتۇ،
كۆڭۈلگە ياققىنى قولدىن كەلمەپتۇ.

قوي ئورۇق چاغدا قۇربان ھېيت كەپتۇ،
ئۆيدە نان يوق چاغدا مېھمان (كەپتۇ).

قوي ئۆلتۈرەي دېسەم ئورۇقچىلىق،
ئۆچكە ئۆلتۈرەي دېسەم چۈپۈرچىلىق.

قۇرۇق گەپكە ھۆپۈپ ئۇسۇرۇپ بەرمەيدۇ.

قۇش سەمرىسە ئىگىسىنىڭ كۆزىنى چوقۇيدۇ.

قۇشقاچ قېرىسا جاڭگالچى بولۇر،
جۇۋان قېرىسا يالغانچى (بولۇر).

قۇشقاچ قىلىدۇ چىرىك ـ چىرىك،
مەن قىلىمەن تىرىكچىلىك.

قۇشقاچ كىچىك بولسىمۇ ھەممە ئەزاسى تولۇق.

قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆش.

قۇشقاچ يېگەن مۇشۇك كەپتەرنىمۇ يېيەلەيدۇ.

قۇشقاچنىڭ چۇشىگە تېرىق كىرىپتۇ.

قۇم قازانغا لاي تۇۋاق.

قۇشناچىم باقىدۇ ئۆچكە،
بىزنى قويىدۇ چۇشكە.

قۇيداڭ سۆڭەكتىن ياغ چىقماس.

قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپتۇ.

قۇيرۇقى ئۇزۇن ئۇششۇمەس،
خوتۇنى ئوبدان شۇمشەيمەس.

قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقان ئىت ھامان چىشلەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتابلار تورى www.uyghurkitap.com

قۆيرۇقىنى قۇم بېسىپتۇ،
پاچىقىنى پىت (بېسىپتۇ).

قۆيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا چىچماي قويمايدۇ.

قېنى يوقنىڭ جېنى يوق.

قېيىدىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.

قېينئانىنىڭ نېنىنى يېيىش ئۇچۇن،
قۇلىقىڭنى گاس، كۆزۈڭنى كور قىل.

قېينئانىنىڭ نېنىنى يېيىشكە تۆمۈردىن چىش كېرەك.

قىتغور ئىچى زېدە،
سېرىق ئوت باسقان بېدە.

قىچقارسا «ھە» دەپ قويۇڭ،
سورىسا «بار» دەپ قويۇڭ.

قىچىشقان يەرنى قاشلاشقا ئۆزۈڭنىڭ تىرنىقى ياخشى.

قىچىشمىغان يەرنى قاشلىما.

قىردا بار، قىرلاشتا يوق.

قىڭغىر قاقشال بولسىمۇ، باينىڭ قىزى ئەر تاللار.

قىل بىلەن قۇيماق يېسەڭ قۇستۇرىدۇ،
يوگەنسىز ئارغىماق مىنسەڭ ئۇچتۇرىدۇ.

قىلنى قىرىق يارىدىغان بەگنىڭمۇ گېپى بار.

قىلنى قىرىق يېرىپتۇ.

قىلىقىنى قىرىق ئىشەك كۆتۈرەلمەيدۇ.

ك

كالپۇكنى مۇزلاتقان سوغۇق چىشنىمۇ مۇزلىتار.

كاللىنىڭ سورىنى پۇت تارتىدۇ،
ئامبالنىڭ سورىنى يۇرت (تارتىدۇ).

كانايغا ياغ يوق،
سۇنايغا نەدە.

كەسسە يىچاق ئۆتمەپتۇ،
چاپسا قان چىقماپتۇ.

كەشنى ئالغان بىر كىشى،
گۇمان قىلغان مىڭ كىشى.

كەكەڭ كارغا كەلمىسە،
پالتاڭنى ئىشلەت.

كوچىدا يىتكەن ئىشەكنى
قازناقتىكى مەستۇرىدىن سوراپتۇ.

كوسا ئامبال بولغۇدەك،
پايتىما تامبال (بولغۇدەك).

كونا تام دىۋاننى بېسىۋاپتۇ.

كۆپ ئەرگە تەگكەن يوتقان ـ كۆرپە يىغمدۇ.
كۆپ خوتۇن ئالغان ئەسكى ـ تۇسكى يىغمدۇ.

كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ قەرزى تولا،
كۆپ ئەرگە تەگكەننىڭ ئەرزى (تولا).

كۆتۈرە، كۆتۈرە، ئۈچ كۆتۈرە،
ئۈچتىن ئاشسا كىم كۆتۈرە.

كۆتۈم مېنى ياراتماي ئۇسۇرۇپ ئۆلتۈردۇ،
مەن كۆتۈمنى ياراتماي باسۇرۇپ يۈرىمەن.

كۆتۈمنىڭ سۆلى يوق،
چېكەم گۈل تارتىدۇ.

كۆتى قىرغاققا چىققۇچە،
خۇيى بارماققا چىقىپتۇ.

كۆتىگە تەپسە ھۆل يۇقماپتۇ.

كۆرمەككە كۆتۈك ياخشى،
كىيمەككە چورۇق (ياخشى).

كۆرمىگەننىڭ كۆجىسى تولا،
مەينەت خوتۇننىڭ بوقچىسى (تولا).

www.uyghurkitap.com

كۆزۈم كۆرمىسۇن، كۆتۈمنى بۆرە يېسە مەيلى.

كۆزى گەجگىسىگە، ئەقلى دۈمبىسىگە ئۆتۈپ قاپتۇ.

كۆزى گەجگىسىگە چىقىپ قاپتۇ،
ئەقلى دۈمبىسىگە (چىقىپ قاپتۇ).

كۆزىگە تىكەن، يولىغا يېكەن بوپتۇ.

كۆڭلۈم تارتتى پولۇ ئاشنى،
تەنتەكلىكىم ياردى باشنى.

كۆڭلىنى كويغا ساپتۇ،
ئۆيىنى ئويغا (ساپتۇ).

كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماپتۇ،
كۆڭۈلسىزگە كۆڭلەك كىيدۈرمەپتۇ.

كۆن ئۆتۈككە مەيلىم يوق،
خۇرۇم ئۆتۈككە ۋەسلىم (يوق).

كۆنچىنىڭ يېرى يوق،
ئىككى تېرىسىنىڭ بىرى (يوق).

كۆنگەن خوي كۆڭۈلدىن قالماس.

كۆنگەن خوي كۆمۈلگۈچە.
كۆنگەن خوي مۆڭگەك ئۆي.

كۆيدۈرىدىغان مۇز بار،
تونگدۇرىدىغان ئوت بار.

كۆيمىسىمۇ كۆتىكىم ئوچىقىمدا ياخشى.

كۈلسە قانىماپتۇ،
يىغلىسا هارماپتۇ.

كۈن كۆرمىگەن كۈن كۆرسە،
كۈندۈزى چىراغ ياقار.

كۈندۈزنىڭ كېچىسى بار،
كېچىنىڭ كېچىسى بار.

كۈندۈزى ئاچ قالساڭ،
كېچىسى يۇلتۇز سانا.

كۈنلىرى كۈلدۈرۈپتۇ، ئايلىرى ئالداپتۇ، يىللىرى يىغلىتىپتۇ.

كۈننى تاپالماي، كۆلەڭگىگە ئېسىلىپتۇ.

كۈننى كۆرمىگەن كۈچۈك،
كۈننى كۆرۈپ هاۋشىپتۇ.

كېمىچى كەلسە، قولۋاقچى قىرغاققا چىقار.

كىشىنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇغىلى بولماس.

كىشى قايغۇسى ئىنەكتە،
ئۆز قايغۇسى يۈرەكتە.

كىشى ھالىغا كىشى يەتمەس،
تۆگە قۇيرۇقى يەرگە (يەتمەس).

كىشىگە دىسە گەپ بولىدۇ،
ئىچىگە سالسا دەرد (بولىدۇ).

كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار.

كىشىنىڭ توخۇسى كىشىگە غاز كۆرۈنۈپتۇ.

كىشىنىڭ تۇگمىدەك ئەيىبى تۆگىدەك كۆرۈنەر.

كىشىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپتۇ.

كىشىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىمەن دەپ ساقىلىنى كۆيدۈرۈپتۇ.

كىشىنىڭ خوتۇنى بويىنىنى ئىسسىتسىمۇ،
قويىنىنى ئىسسىتالماس.

كىشىنىڭ دەردىنى كىشى بىلمەس،
ئاچا قوزۇق يەرگە كىرمەس.

كىشىنىڭ ئىشكىنى چەكمىگىن زىنھار،
سىنىڭكىنىمۇ چېكىدىغان چىقار.

كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

كىم باكار، سەن باكار، ھويلىدىكى ئىت باكار.

كىم كىشىگە قىلسا قەس،
ئاخىر بولۇر ئۆزى پەس.

كىمكى سۇتكە سۇ قاتار،
ۋارقىراپ ـ توۋلاپ ساتار.

كىملەرنىڭ ئەزىزلىرى،
كىملەرگە خار بوپتۇ.

كىمنىڭ مېلى كىمگە قالماس،
كىمنىڭ يارى كىمگە (قالماس).

كىيىمى نوچى پۇلى يوق،
بازار تولا مېلى يوق.

## گ

گال پىچاقتا گۆش توغرىغىلى بولماس،
ئۆتۈك سالماي پۇت قاشلىغىلى بولماس.

گالنى هۆل قىلماي سۇ ئىچكىلى بولماس.

گەپنى ئوخشىتار قىيدام تەلپەك،
ئىشنى ئوخشىتار سالۋا (تەلپەك).

گۆش بولسا، بەز بولمىسۇن،
چىنە بولسا، دەز بولمىسۇن.

گۆش داڭقانغا تۆشلۈق،
خېنىم سالتاڭغا (تۆشلۈق).

گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپتۇ.

گۆش كۆرمىگەنگە ئۆپكە تاڭسۇق.

گۆشگىردىگە ئامراقمەن، ئۆلىدىن قورقىمەن،
مانتىغا ئامراقمەن، پۇلىدىن (قورقىمەن).

گۆشى تۆگەپ بېزى قاپتۇ،
جىقى تۆگەپ ئېزى قاپتۇ.

گۆلنىڭ ئېچىلغىنى كۆلگىنى،
گۆلنىڭ توزۇغىنى ئۆلگىنى.

## ل

لاچىن ئورنىغا سا كەپتۇ،
بۇلبۇلغا شاخ تار (كەپتۇ).

## م

ماتا كىيگەنلەر كەتمەن چاپسا،
چەكمەنلىكلەر ئوڭدا ياتتى.

ماختىسا ئۇچۇپتۇ،
سۆكسە چۆكۈپتۇ.

ماس كەلمىگەن جۈپتىن تاق ياخشى،
ئالدايدىغان ماقۇلدىن «ياق» (ياخشى).

«ماز» دېمەي كىيمۇال،
«تاز» دېمەي تېگمۇال.

«ماقۇل» دىن ئوبدان جاۋاب يوق،
جىگەردىن ئوبدان كاۋاپ (يوق).

ماڭا قاراپ كۈلەرسەن،
سەنمۇ بىر كۈن بىلەرسەن.

ماڭا كەلگەندە سايىنىڭ سۈيى توختاپتۇ.

مال يوقاتقاننى دارغا ئېسىپتۇ،
ئوغرىنى تەختكە چىقىرىپتۇ.

مامۇت بېگىم ئۇڭدا يېتىپ ئاق نان يېدى،
توختى ياۋاش بۇغداي تېرىپ كالتەك يېدى.

مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى،
ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.

مەن كۆرمىگەن يېرىڭ بارمۇ،
يەنىلا سىڭايىقىڭ تارتۇق.

مەن نىمە كويدا، ئاغچام ئوينار تويدا.

مەن ئوغرى بولغان كۈنى كېچىسى ئاي چىقىدۇ.

مەن ئۆي سالدىم دېسەم، ئۆي مېنى ساپتۇ.

مەن ياراتمايمەن خالىم بىلەن،
سەن ياراتمايسەن ھالىڭ بىلەن.

مەندىن ئۆتسۇن، ئېگىلىسە يەتسۇن.

مەنمۇ ئىنەك ساغارمەن،
تامغا تېزەك ياقارمەن.

مەنمۇ ئىدىم سېنىڭدەك،
سەنمۇ بولۇرسەن مېنىڭدەك.

مۇسىبەت كۆڭلۈمنى بۇزدى،
غەيۋەت ئۆيۈمنى (بۇزدى).

مۇنكىر كىشىنى جەننەتكە تەكلىپ قىلسا،
قوتۇر ئېشىكىنى يېتىلەپ كىرىپتۇ.

مۆڭنى گەپدانغا چىقىرىپتۇ،
قوشۇلمىغاننى «بەتنام»غا چىقىرىپتۇ.

مېلى بارنىڭ مېلىغا،
مېلى يوقنىڭ جېنىغا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئېتىم بېگىلى،
ئەرگە تەگدىم يېگىلى.

مېنىڭ ئىدى سېنىڭ بولدى،
بىرئاز بېرىڭ دورا بولدى.

مېھماننى ئۆيگە سولاپ،
ئۆزى يۈرەر ئەر سوراپ.

## ن

نان تەڭ، ئاش تەڭ، سول نېمىشقا كەڭ.

نەپسى يوق سۇلتان بولماس،
ياقىسى يوق چاپان (بولماس).

نەخشىۋەنىنىڭ بىرى مەن،
ئالا قويماي كىرىمەن.

نەرخ ـ ناۋا بازاردا،
مازايى ـ ماشايخ مازاردا.

نەزەر چۈشسە پاشىغا،
سۈمۈرغ قونار باشىغا.

نەزىرى ئۈستۈنىنىڭ نەرخى پەس.

نەس باسقان جۇۋاندىن كالىمۇ قېچىپتۇ.

نوچىلىقى بىر پۇل بولۇپتۇ.

نوخەنچىنىڭ كۆزى يامان،
سۇخەنچىنىڭ سۆزى (يامان).

نوغۇچ بىلەن ئوت يەلپۈگىلى بولماس.

نىمئىششەكتىن ئىششەك ياخشى،
يۈزسىزدىن قوتۇر ئېشەك (ياخشى).

نىجاسەت ئورنىدىن كۆنجۈت ئۈنۈپتۇ،
سېغىزخان ئۇۋىسىدىن بۇلبۇل چىقىپتۇ.

ھ

ھاجى ياتسا، تاجى قوپۇپتۇ.

ھارغانغا ياتاق يوق،
ئاچقانغا تاماق (يوق).

ھارماڭ دېسە ھاپاچ بوپتۇ،
«تىنچمۇ» دېسە بالاغا قاپتۇ.

ھارۋىغا ئېسىپ قويغان ياغلىق قاپاقمۇ ھەجگە بېرىپتۇ.

ھارۋىكەش ــ ئاۋارىكەش.

ھاكچىنى تۇگمەنچى كۆرەلمەپتۇ،
گۈلنى غۇنچە (كۆرەلمەپتۇ).

ھاڭگا ئېشەكنىڭ بۇرنى قېرىماس،
خوتۇنبازنىڭ كۆزى (قېرىماس).

ھالۋا يېگەنگە ئېغىز تاتلىق بولماس.

ھالى خاراب بوپتۇ،
باغرى كاۋاپ (بوپتۇ).

ھالىغا بېقىپ ھەشەم،
داپقا بېقىپ سەنەم.

«ھە» دە بار، ھەمدەمدە يوق،
سەپتە بار، قەدەمدە يوق.

«ھە» دېسە «ھۇ» دەپتىمەن،
قۇرۇق دۇمباقتا دەسسەپتىمەن.

«ھە» دېسە «ھۇ» دەپتىمەن،
قۇرۇق قەغەزگە ياراپتىمەن.

ھە دېسە ھۇ دەپتىمەن،
قۇرۇق دۇمباقتا ئىگە بوپتىمەن.

«ھەج» گە بارغان ئېشەك ھاجى بولالماس.

ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ، مەن دېگەننى دېيەلمەس،
تاپان تۇزاق قۇرمىغۇچە، توشقان تۇتۇپ يېيەلمەس.

ھەسەت قىلغۇچە، ھەسرەت قىل.

ھەسەتخور پىتنە قىلسا، مىيىقىڭدا كۈلۈپ قوي.

ھەسەتخوردا كۆز يوق،
قەسەمخوردا يۈز (يوق).

ھەسەتخوردىن بەختىڭنى يوشۇر،
سۇخەنچىدىن دەردىڭنى (يوشۇر).

ھەسەتخورنىڭ ئاغزىدا ئىت كۈچۈكلەيدۇ.

ھەسەتخورنىڭ دىلى قارا،
قەسەمخورنىڭ يۈزى قارا.

ھەسەتخورنىڭ كەسپى غەيۋەتچىلىك،
باسار ئۇنى مەينەتچىلىك.

ھەسەتخورنىڭ كۆزى جەننەتتە، كۆڭلى دوزاختا.
ھەسەتخورنىڭ كۆڭلى خۇش بولماس.

ھەسەتخورنىڭ مېلى ئۆزگە نېسىپ بولماس.

ھەسەت ــــ داۋاسىز دەرد.

ھەسرەت تاپا ـ تەنىدە بىلىنەر،
مۇھەببەت ۋاپادا (بىلىنەر).

ھەسنكام ئاچچىق،
ئامۇتى تاتلىق.

ھەممە ئىشنى ئوڭ قول قىلسا،
ئۇزۇك چەپ قولدا نېمىش قىلىدۇ؟

ھويلىسىنىڭ تېمى يوق،
دەرۋازىسى قۇلۇپلاقلىق.

## ئو

ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا،
ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ.

ئوتتۇز چىشتىن چىققان سۆز،
ئوتتۇز ئەلگە ياراپتۇ.

ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ،
پوقتا ئېغىز ئېچىپتۇ.

ئوتقا چىدىغان ئويىنايدۇ،
پۇلغا چىدىغان چاينايدۇ.

ئوتۇن يارغان پالتا تالادا قاپتۇ،
ئوتۇن توشۇغان غالچا بالاغا (قاپتۇ).

ئوتۇنغا پانا، پالتىغا شىنا.

ئوتىدا كۆيۈپ كۇل بولدۇم،
سۇيىدە ئېقىپ لاي بولدۇم.

ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقچە،
قىزىمغا بەردىم قىڭراقچە،
ئۆزۈمگە قاپتۇ تىرناقچە.

ئوۋغا چىقسام ئارماندا،
چىقمىسام پۇشايماندا.

ئويلىغاننىڭ كېمى كۆپ،
تول خوتۇننىڭ غېمى (كۆپ).

ئويناي دېسەم ئۇلپەت يوق،
قىلاي دېسەم ئوقەت (يوق).

## ئۇ

ئۇرۇشقاق خوتۇن ئەرنى قېرىتار،
ئاپتاپپەرەس يىلتىزى يەرنى (قېرىتار).

ئۇرۇشقاق سايىسى بىلەنمۇ ئۇرۇشىدۇ.

ئۇسسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا ئۆينىڭ تارلىقى باھانە.

ئۇماچىنىڭمۇ ئۆتنىسى بار.

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.

ئۇنى يامان دېسىڭىز ئەيسا غوجىكام،
بۇنى يامان دېسىڭىز مۇسا غوجىكام.

ئۇننى بۇزۇپ يوبدان قىپتۇ،
قىزنى بۇزۇپ جۇۋان (قىپتۇ).

## ئۆ

ئۆپكىنى گۆش كۆرسىتىدۇ،
بىر تۆشۈكنى ئون (كۆرسىتىدۇ).

ئۆتكەمىدىن ئۆتۈپ،
غەلۋىردە توختاپتۇ.

ئۆتمەس پىچاققا غىلتاك بىلەي.

ئۆتمەس ماتا،
زورلاپ ساتا.

ئۆتمەيدىغان ئۆمۈر يوق،
سۇنمايدىغان تۆمۈر (يوق).

ئۆز قىزىغا ئىلەڭگۈچ،
يېتىم قىزغا يەلپۈگۈچ.

ئۆزۈم كېلىن چېغىمدا، قىلدىم قېيىنئانامدىن شىكايەت،
ئەمدى بولدۇم قېيىنئانا، كېمدىن قىلاي شىكايەت.

ئۆزۈمدە يوق، ئالەمدە يوق.

ئۆزۈمنىڭ دەرمەن،
ئولتۇرۇپ قوپۇپ يەرمەن.

«ئۆزۈمگە» دېسە، ئۆلۈكمۇ تىك قوپار.

ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى جانان چىنىسى،
ئۆزگىنىڭ كۆڭلى قاپاق پوچۇقى.

ئۆزى بوندا يۈرگەن بىلەن،
كۆڭلى گۈزەردە پالاس قېقىپتۇ.

ئۆزى تۆرگە چىقسا،
قۇيرۇقى تورۇسقا چىقىپتۇ.

ئۆزى كەلسە كەلسۇن،
بۆز خالتىسى كەلمىسۇن.

ئۆزى ئۇندەكتە، كۆزى خوندەكتە.

ئۆزىنىڭ ئۆيىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپتۇ،
كىشىنىڭ ئۆيىگە مىشقىرىپ - تۈكۈرۈپتۇ.



ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ئۆيىنى يالاپ سۈپۈرەر،
خەقنىڭ كۆرپىسىگە تۈكۈرەر.

ئۆلەي دېسە جان تاتلىق،
يېمەي دېسە نان (تاتلىق).

ئۆلگەن ئەزىز، تىرىك خار بوپتۇ.

ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن» ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ،
ئەسكى تامدىن پوتلا (سوراپتۇ).

ئۆلمەس ئاغرىق، چىقماس جان.

ئۆلۈكتىن كېيەن تىلەپتۇ،
قۇملۇقتىن يېكەن (تىلەپتۇ).

ئۆلۈكنى كۆرۈپ ئۆلگۈسى كەپتۇ،
تىرىكنى كۆرۈپ يىغلىغۇسى (كەپتۇ).

ئۆلمەن دېسە مىنىمەن دەپتۇ.

ئۆي دېسە مورىسى يوق،
باغ دېسە غورىسى (يوق).

ئۆي قېشىدىكىنى ئالماپتۇ،
يىراقتىكىنى ماراپتۇ.

ئۆي ئىگىسىدىن ئوغرى چوڭ،
قاپىقىدىن نوگىيى (چوڭ).

ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆز سالدىم،
ھەممە يەرگە يول سالدىم.

ئۆيى باشقىنىڭ مۈڭى باشقا.

## ئۇ

ئۇجمە تۇگىگەندە سوپسوپىياڭ كەپتۇ.

ئۇسكەككە مۈڭگۈز،
تەپكەككە تۇۋاق بەرگەن تەڭرىم.

## ۋ

ۋاراقلىسا ئوقۇغان بولامدۇ،
موكا ئاتسا توقۇغان بولامدۇ.

## ئې

ئېتى ھېرىپ يولدا قاپتۇ،
ئۆزى كېتىپ دەڭدە (قاپتۇ).

ئېتى يوق چېپىشقاق،
ئىشتىنى يوق چېلىشقاق.

ئېتىم يانداق، كالام تارتماس،
ئىككى كېلىن بىر ئۆيگە پاتماس.

ئېتىنى بەختىيار قويسام،
خۇدا بەرمەپتۇ بەختىنى.

ئېتىنى ئۇتتۇرۇپ ياياق قاپتۇ،
خوتۇننى ئۇتتۇرۇپ بويتاق (قاپتۇ).

ئېدىرلىقنىڭ چۆپى تۈگىمەس،
بويۇننىڭ گۆشى (تۈگىمەس).

ئېشەك ئۆلسە ئىتنىڭ تويى بوپتۇ،
ياخشى ئۆلسە، ياماننىڭ بەزمىسى (بوپتۇ).

ئېشەكنى سەمرىتسەڭ ئۆزۈڭنى تېپەر.

ئېشەكنىڭ ئەسكىسى تۇرۇپ چىچار،
خوتۇننىڭ ئەسكىسى ياتناپ تۇرار.

ئېشەكنىڭ دۇمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىسسىت.

ئېشەكنىڭ قاشىڭى سالپاڭ قۇلاق ـ هارغاق،
كۆيۈ ئوغۇلنىڭ قاشىڭى قېيىنئانىسىنىڭكىدە قونغاق.

ئېشى پىشماسنىڭ بەرگۈسى يوق،
داستىخان تۈۋىگە كەلگۈسى يوق.

ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە، قازىنىم نەزىر،
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالسا، توكى نەزىر.

ئېشىكىم ئوبدان ئېشەك، تاغقا چىقالايدۇ،
جوزىغا چىقالايدۇ.

ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ،
مەن «تولپار» دەپتۇ.

ئېشەكمۇ ئەدەپسىزنى ئايمايدۇ.

ئېشىكىم قانداق بىلۇر،
كۈنجۈرە ـ ناۋاتنىڭ قەدرىنى.

ئېشىكىم ئوبدان ئېشەك،
كۆتۈرۈشى قىرىق جىڭ كېسەك.

ئېشىكىم ئورۇق دېسە،
يوغان تاغارنى ئارتىپتۇ.

ئېشىمدا يوق پۇرچاق پوقۇمدا نېمە قىلسۇن،
خىيالىمدا يوق كاۋا قاسقىنىمدا نېمە قىلسۇن.

ئېشىمنى ئاز دېمەڭ،
بېشىمنى تاز دېمەڭ.

ئېشىنى يەپ تاۋىقىنى چېقىپتۇ،
ئاش بەرگەنىنىڭ چىشىنى (چېقىپتۇ).
ئېگىز يەرنى يونۇپ تۈرساڭ تۆۋەن ئۆزىنى ئوڭشايدۇ.

ئېگىزگە بويى يەتمەي،
ئېڭىكى يېغىر بوپتۇ.

ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ.

ئېيتالمىغانچە بېيىت باغلاپتۇ،
ئۇن قالمىغانچە چۆپ (باغلاپتۇ).

# ئى

ئىت «ئىگەم باي بولسا» دەر،
مۈشۈك «ئىگەم قارىغۇ بولسا» دەر.

ئىت چورۇقىنى يەپ ئاياغسىز قاپتۇ.

ئىت ئىتلىقىنى قىلۇر،
ھەسەتخور پىتلىقىنى (قىلۇر).

ئىتتىن كۆرۈك ئۇستىخان يېيىشنى،
يۈزسىزدىن كۆرۈك ۋىجدان سېتىشنى.

ئىتمىكىن دېسەم قۇيرۇقى يوق،
كالىمىكىن دېسەم مۈڭگۈزى (يوق).

ئىچە ـ ئىچە تويماس،
كۆزى ئالايمىغۇچە قويماس.

ئىچىم يىغلايدۇ، تېشىم كۈيىدۇ.

ئىسمىنى ئاتىسا يۈزى قىزىرىپتۇ،
مەنسىپىنى ئاتىسا جېنى ياشىرىپتۇ.

ئىسنى بۆلۈت كۆرمەپتۇ،
يۈندىسىنى ئىت (كۆرمەپتۇ).

ئىسنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ.

ئىسنى چىقارماي كاۋاپ يەپتۇ،
ھورىنى چىقارماي مانتا (يەپتۇ).

ئىش بىلمەس ئىشلەمچى بوپتۇ،
نان يېمەس ئىش بېشى (بوپتۇ).



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىش قىلالمايدۇ گەپكە ئۇستا،
نان ياقالمايدۇ چۆپكە (ئۇستا).

ئىش قىلسا چىتىگە تارتىدۇ،
ئاش ئىچسە چۆپىگە (تارتىدۇ).

ئىش قىلىشقا بېلى بوش،
گەپ قىلىشقا ئاغزى (بوش).

ئىش كۆرمىگەن خام بالام،
ئەقىل - هوشى كەم بالام.

ئىشەندىم دەپ ئىشىمدىن قالدىم،
ھەسرەتكە چۆكۈپ ئېشىمدىن قالدىم.

ئىشتانسىزنىڭ خورىكى چوڭ،
ئاشلىقى يوقنىڭ چارىكى (چوڭ).

ئىشقا چىقار قارانچۇق،
بىكار يۈرەر ياسانچۇق.

ئىلگىرى باغدادتىن كەلسە،
هازىر باغنىڭ كەينىدىنلا كېلىدۇ.

ئىلىپتەك قەددىم يا بولدى،
كەڭرى جاھان تار بولدى.

# ي

ياتتىن تۇغقان چىقىپتۇ،
ھالۋىدىن ئۇستىخان (چىقىپتۇ).

ياراپ قالسا مېنىڭ دەيدۇ،
يارىمىسا سېنىڭ دەيدۇ.

ياراشمىغان تاۋاردىن،
ياراشقان تاغار ياخشى.

ياز بار، قىش بار، ئالدىرىماڭ ئىش بار.

ياماپ يېيىشنى كۆزلەپتۇ،
ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپتۇ.

يامان كۆرگەن ياغاچ — مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈۋرۈك بوپتۇ.

ياۋاش كېيىك ئوۋچىغا ئۇچراپتۇ،
خۇنۇك خوتۇن نوچىغا (ئۇچراپتۇ).

ياۋاشقا بۆرە كەپتۇ،
يامانغا تۈلكە (كەپتۇ).

يەيدىغان ئېغىزنى يېمەيدىغان ئېغىز باغلاپتۇ.



www.uyghurkitap.com

يوغان هارۋىغا قومۇش يۈك بولدى،
چېچەن خوتۇنغا گومۇش جۈپ بولدى.

يوغان يېقىپ پايلىماي يەپتۇ،
كىچىك يېقىپ ساتالماي قاپتۇ.

يول بىلمەسكە يول تار كەپتۇ،
ئۇسسۇل بىلمەسكە سورۇن تار كەپتۇ.

يولدا چارىسى يوق،
قىردا قارىسى (يوق).

يولۋاسنىڭ بەستى يامان،
دۈشمەننىڭ قەستى (يامان).

يولۋاسنى سۈرلۈك قىلغان تېرىسى،
باينى يۈزلۈك قىلغان غالچىسى.

يولى بار يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئالدىدا.

«يوق» دېسە چېلىپ ئىچىڭ.

«يوق» دېسە يېتىپ ئىچىڭ،
لاي دېسە سۈزۈپ (ئىچىڭ).

يۈلغۈن چېچىكى سايدا،
تاز خوتۇنغا ئەر قايدا؟

يۈرىكى ئېچىشىمۇ،
سىرتى كۈلۈپ تۇرۇپتۇغۇ.

يۈرىكىم قاپتەك يوغان،
ئۆلگەن موزايدىن قورقىمەن.

يۈز كىمدە بولسا، ساقال شۇنىڭ.

يۈزۈم قېلىن، كۆڭلۈم نازۇك.

يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى.

يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى يېرىم دۆلەت.

يۈزى بار يۈز كۆرىدۇ،
يۈزى يوق مۆز (كۆرىدۇ).

يۈزى بارغا سوۋغا كېلەر،
يۈزى يوققا دورغا (كېلەر).

يۈزى قېلىنغا ساقال چىقماس.

يۈزى قېلىنىنىڭ ساقىلى قاتتىق.

يېغى يوق قازاندا قورۇلۇپتۇ.

يېقىن كېلىڭ تۇمشۇقۇم،
كەملەپ ئېلىڭ قوشۇقۇم.

يېقىننى بىزار، ئامراقنى يىراق قىلغۇچى غەيۋەت.

يېگەن ئاش - ناننى تېتىشقا ئۆزىنىڭ تامىقى ياخشى.

يېگەن ئېغىز، كۆرگەن كۆز.

يېگەن ـ ئىچكەندەك،
سوقا ـ سەندەلدەك.

يېگەن ئاش قورساقتا تۇرماپتۇ،
كىيگەن كىيىم بويدا (تۇرماپتۇ).

يېگەننىڭ يېلى بار،
چىقارمىسا دېگى بار.

يېگەننىڭ يېلى بار،
قارا قاشنىڭ ئېرى بار.

يېگەننىڭ يېلى بار،
كىيگەننىڭ كىرى (بار).

يېگەننىڭ يېلى بار،
يېمىگەننىڭ دەردى (بار).

يېگىنى چىرايىغا چىقماپتۇ.

يېڭى چىققان ئاينى ھەممە كۆرىدۇ.

يېڭىچە غەزەل چىقتى،
ئېيتالماي جېنىم چىقتى.

يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىسىدىن كېچىپتۇ.

يىغلىغاندىن كۆلگەن ياخشى،
رەسۋالىقتىن ئۆلگەن (ياخشى).

يىقىلغان توۋا قىلماپتۇ،
توۋا قىلسا كۆڭلى قويماپتۇ.



# ھەزىل - مەسخىرە، ئىسبلەش - سۆكۈش، ھىيلە - مىكىر توغرىسىدا

# ئا

ئات كۆركى ئېگەر ــ توقۇم،
يىگىت كۆركى ئەخلاق ــ ئۇقۇم.

ئات كۆرمىگەن ئات تاپسا مىنىپ ئۆلتۈرەر.

ئات مىنسەڭ يۇگەن سال.

ئات ئىگىسنى مىندۇرمەپتۇ.

ئاتاڭ گاداي، بۆكى ياماق،
ساڭا نېمە يوغان دىماق.

ئاتالمىدىم دەپ كېلەر،
ئالتە ناننى يەپ كېلەر.

ئاتالمىسا ئوقىدىن كۆرۈپتۇ،
ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىدىن (كۆرۈپتۇ).

ئاتالمىغان ئەر ئېتىدىن كۆرۈپتۇ.

ئاتالمىغان مۈشتۈكنى قوينۇڭغا تىق.

ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرۈپتۇ،
چىچالمىغان پوقىدىن (كۆرۈپتۇ).

ئاتالمىغاننىڭ ئوقى ئالتە غۇلاچ كېلەر.

ئاتنىڭ خۇيىنى ئىگىسى بىلىدۇ.

ئاتتىقى يوق ئەردىن خەشىكى يوق دۆڭ ياخشى.

ئاچچىق دېگەن پىيازدىمۇ بار.

ئاخشام چۈشكەن قاپاقنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھالى بار.

ئادەمنىڭ ئىنجىقى يامان،
ئىتنىڭ قانجۇقى (يامان).

ئاران پىشقان ئۈمىچىمنى،
بوران چىقىپ ئۆرۈۋەتتى.

ئاسماندا پۇل بار دېسە، شوتا ئىزدەپتۇ.

ئاسماندىكى ئايغا ئوغرىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ،
زاغرا كەلسە مېھمان (قېچىپتۇ).

ئاشتىن يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنى بوش.

ئاق كىگىزنى ياراتماي،
لايدا ياتقان باراتباي.

ئاقساقالنىڭ ئەقلى قىسقارسا،
ئاغزىدىكى گېپى كۆپىيەر.

ئاكام ياماللىسا يەڭگەمگە زىيان،
يەڭگەم ياماللىسا، خورجۇنىغا (زىيان).

ئالتۇننى دەسسەپ تۇخۇم ئوغرىلاپتۇ.

ئالتۇننى كۆرگەن پەرىشتە يولدىن ئېزىپتۇ.

ئالتىنچى ئايدا ئالتە چاپان،
بىرىنچى ئايدا كالتە چاپان.

ئالدى ئىشىكتىن يىڭنە پاتمايدۇ،
ئارقا ئىشىكتىن پويىز قاتنايدۇ.

ئالدىرىماڭ يارەي،
سىزگىمۇ بىر كۈن بارەي.

ئالمىغان ئاتقا ئوقۇر ساپتۇ.

ئالمىغان بايتالنىڭ بالىسىنى تالىشىپتۇ.

ئايغى مەينەت تۆرنى بۇلغايدۇ،
ئاغزى مەينەت ئەلنى (بۇلغايدۇ).

## ئە

ئەتە قىچىشىدىغان جايىنى بۆگۈن قاشلاپتۇ.

ئەتىرنى تولا چاچسا، ئەۋرەز پۇرايدۇ.

ئەتىيازدا قايماق يەپ،
كەچ كۈزدە كېكىرىپتۇ.

ئەجەب ماختايسەن ئەنجاننى،
باقالمايسەن بىر جاننى.

ئەر كىشى ئېشەكنى «خىت» دېسە، «خوش غوجام» دەرمىش،
خوتۇن كىشى «خىت» دېسە، «مالڭ نېرى» (دەرمىش).

ئەرزىمەس تاۋار بەك پارقىرايدۇ.

ئەرگە تەگكۈسى كەلگەن خوتۇننىڭ كۆزى يوق.

ئەستىرىدىن پەۋىزى چوڭ.

ئەسكىگە گەپ توشۇماس،
ئاچچىق ئۆرۈككە قوڭ (توشۇماس).

«ئەسسالام» دېسە،
«بەش تەڭگەمنى بېرىڭ» دەپتۇ.

ئەمچەكنى تاپالماي،
پورداقتا ئۇسۇپتۇ.

ئەيسانىڭ ئەلمىنى مۇسادىن ئاپتۇ.

ئەيىبسىز دوست ئىزدىگەن يالغۇز قاپتۇ.

## ب

باش كىچىك، تۇماق يوغان،
پىچاق كىچىك، غىلاب يوغان.

باشقا كۈن چۈشكەندە بىر ئۆيلۈك بىر ـ بىرىنى تونۇماپتۇ.

باشقا كۈن چۈشكەندە مازارغا بېرىپتۇ،
قولغا پۇل چۈشكەندە بازارغا بېرىپتۇ.

باغنىڭ ئاچقۇچى مەندە تۇرسا،
جىننىڭ شاپتۇل يېگىنىنى كۆرۈڭ.

بەرسەم يېمەيسىز،
تام تۆشۈكىدىن مارايسىز.

بەرسىڭىز كۆتۈرۈپ بېرىڭ،
ئۈنچىقمىسا يۆتىلىپ (بېرىڭ).

بەرگەككە بەگ ئەگىشەر،
چىچقاققا ئىت ئەگىشەر.

بەرگەن ئالغانغا يېقىپتۇ،
بەرمىگەن دەريادا ئېقىپتۇ.

بەرگەن بەگكە ياراپتۇ،
بەرمىگەن كىمگە (ياراپتۇ).

بەرگەن خۇداغا يېقىن،
بەرمىگەن گۇناھقا يېقىن.

بەرگىنى بەگكە يارىماپتۇ،
بەرمىگىنى تازغا (يارىماپتۇ).

بەزىدە ئىتتەك تالىشىدۇ،
بەزىدە مۇشۇكتەك يالىشىدۇ.

بەشىنچى ئايدا ئېشىنى كۆردۇم،
ئالتىنچى ئايدا ئىشىنى (كۆردۇم).

بورا كوچىسىدىن بورا ئالسام باغلىقى يوق،
باغ كوچىسىدىن چوكان ئالسام ياغلىقى (يوق).

بورىچى ھالۋىچى بولسا،
كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ.

بۆز چاپانغا كىمخاب ياقا،
ئورۇق ئېشەككە ئالتۇن تاقا.

بوش تۇرغانىنىڭ بويىنىغا مىنىۋال.

بولۇمىسىزنى بولدۇرالمىدىم،
خۇرجۇن ـ قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم.

بۇ ئىتىم قالماق ئىتىم،
گۆشىنى جىڭلاپ سېتىڭ.

بۇ يەردە ئوغرى يوق،
ھېلى قويغان ھېلى يوق.

بۇخارادىن كەپتۇ ۋېلى،
ئەڭ ئاخىرىدا كەپتۇ گېلى.

بۇرنى ئۇچلۇق،
ئۆزىگە تۇشلۇق.

بۇرنىغا سۇ كىرمىگۇچە ئادەم بولماس.

بۇرۇت دېگەن تۈك،
ساقال دېگەن يۈك.

بۇرۇتقا خاپا بولسام، ساقال چىقىپتۇ.

بۇرۇتىدىن ئۆتمەن دەپ ساقالغا دەسسەپتۇ.

بۇرۇتىنى پىلىكتە ياغلىۋېلىپ،
«پولۇ يېدىم» دەپتۇ.

بۆرۆت ــ يىگىتنىڭ ياغرىسى،
ساقال ــ پوقاقنىڭ مەلەغزىسى.

بۆرۆن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئې-
شىپ كېتىپتۇ.

بۇلاق بۇلاقتا بولماي، قۇلاقتا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

بۆرىدىن قورققان چوپان قويىدىن قۇرۇق قاپتۇ.

بۆرىدىن قورققان ئەر ئەمەس.

بۆزچىنىڭ كىيىمى يوق،
ياغاچچىنىڭ ئۆيى (يوق).

بېشىنى كۆرۈپ باش قاشلاپتۇ،
ئايىغىنى كۆرۈپ ئاچچىقلاپتۇ.

بىر ئەر بىر خوتۇن ئالسا،
ئاتمىش خوتۇن سۆزلەپتۇ.

بىر بىكار مىڭنى بىكار قىلار.

بىر پۇل بېرىپ ئۇسسۇلغا سالسا،
ئون پۇل بېرىپ توختىتالماپتۇ.

بىر تۈلكىنى ئىككى قېتىم سويغىلى بولماس.

بىر كۆزى قاسساپقا قارايدۇ،
بىر كۆزى ناۋايغا (قارايدۇ).

بىر كۈن يامغۇردا قالسا ھەپتە چۈشكۈرەر.

بىر مۈشت يېسە بىر ئەقىل تاپار.

بىر نان تاپسا داپ چېلىپ،
ئىككى نان تاپسا چەللىدە ئات چېپىپتۇ.

بىر يۇرتقا ئۈچ بەگ.

بىراۋنىڭ ئەيىبىگە كۈلمە.

بىرسىنىڭ كۆزى ئەما،
بىرسىنىڭ كۆڭلى ئەما.

بىرگە بالىسى بار پاتماس،
بىرگە كالىسى بار (پاتماس).

بىرنىڭ ئەجىلى ئوقتا،
بىرنىڭ ئەجىلى پوقتا.

بىرنى سۆيگەن ياخشى قىز،
ئوننى سۆيگەن پاخشى قىز.

بىرى يوق ئۈچنى كۆرۈك،
ئۈيىقۇ يوق چۈشنى (كۆرۈك).

بىغەرەز ـــ پادىشاھتىن چوڭ.

## پ

پاختا ئىچىگە كىرىۋالغان تىكەن بەدەنگە بەك سانجىلار.

پاختەكلىدە شال تېرىيدۇ، مىڭبىر جاپادا،
كۆمىكنى ئۆزى يەيدۇ، گۇرۇچى بازاردا.

پادىچىنى ئۆيگە باشلىسا،
چورۇق بىلەن تۆرگە چىقىپتۇ.

پاسىقنى پىت باسار،
مەينەتنى چاقا (باسار).

پاك بىلەن ئورتاق بولدۇم،
گەپ ئاڭلىماي پورداق بولدۇم.

پايتىما چورۇق،
بەترەك ئورۇق.

پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگەپتۇ.

پايتىمىنى خارلىساڭ ئۆتۈكۈڭنى قوڭالتاق كىيەرسەن.

پوسما يوغان باش كىچىك،
ئوسما يوغان قاش كىچىك.

پولۇ بىلەن مايلاپتۇ،
لەگمەن بىلەن باغلاپتۇ.

پۇتنى قىستىغان كەش جىبدەلخور خوتۇنغا ئوخشايدۇ.

پۇچقىقىغا پىت چۇشۇپتۇ،
ئۇمىچىغا چىۋىن (چۇشۇپتۇ).

پۇل بولسا قوللايدۇ،
پۇل بولمىسا قوغلايدۇ.

پۇل دىسە توكۇرمۇ ئۇسسۇلغا چۇشەر.

پۇل سۆزلىگەن يەردە باشقا نەرسە سۆزلىيەلمەس.

پۇل يىغار مىنىڭ ئاتام،
سىرقىرايدۇ ئىككى يوتام.

پۇلغا جاننى تىكىپتۇ،
بۇ ئالەمدىن كىتىپتۇ.

پۇتمىگەن قەرزگە يوق بەرسىمۇ ئال.

پىچاردا تارتماي، چىچاردا تارتقاننىڭ پايدىسى يوق.

# ت

تادان گەپ بەرمەس،
بېخىل نەپ (بەرمەس).

تاز ئاچچىقىنى تىرنىقىدىن ئاپتۇ.

تاز بازارغا بارسا، شۇم خەۋەر تاپار.

تاز باشقا زەرباب دوپپا.

تاغامدىن تاغار ياخشى،
هامماMDىن باداڭ (ياخشى).

تاڭ ئاتمايدىغان كېچە يوق،
ياغ چىقمايدىغان قىچا (يوق).

تامچە سۇ بەڭگىگە كۆل كۆرۈنۈپتۇ.

تاۋار داستىخان — قۇرۇق ئۇستىخان.

تاۋۇتنى كۆرمىگۈچە ياش تۆكمەپتۇ.

تايغا ئالدىراپ ئېگەر توقۇغان بىلەن سۇندۇرىدۇ.

تەشمىدە ئىشلەپ، ئەشمىدە قىشلاپتۇ.

تەڭ تېگى بىلەن،
تېزەك قېپى بىلەن.

توققۇزى تولۇق،
پۇت - قولى بوغۇق.

تولغاننىڭ تۆرى بار،
ئايرىلغاننىڭ دەردى بار.

تومۇزدا تەلپەك،
چىللىدە بۆك.

تونۇرنىڭ چىشى يوق، ئۇتۇن تاللىماس،
كۆپ ئۆيلەنگەن خوتۇن (تاللىماس).

توي بولغۇچە جىرلايدۇ،
تويدىن كېيىن يىغلايدۇ.

تويماس قورساققا توختىماي كېسەل تېگىپتۇ.

چاپاق خوتۇننىڭ ئېرى جىرتاق.

تۇتۇپ تۇرغاننى توختاپ يەر،
كېتىپ بارغاننى قوغلاپ (يەر).

تۇغۇلمىغان تەخەينى مىراس ئاپتۇ.

تۆمۈر ئىشتاندا ئۇسۇرسا،
بۇخاراغا ئاڭلىنىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap

جاڭگال يوقلىغان قىشتا كۈلۈپتۇ،
ئويناپ يايرىغان توڭلاپ ئۆلۈپتۇ.

جاڭگالدا داڭگال تولا،
شەھەردە ئامبال (تولا).

جاڭگالنىڭ تۈلكىسى تولا،
خۇشامەتچىنىڭ كۈلكىسى تولا.

جانغا تېگىشەلمىگەن گۆھەرنى نانغا تېگىشىپتۇ.

جاھان توقچىلىق بىر نان تېپىلماس،
بېشىڭغا كۈن چۈشسە بىر دوست (تېپىلماس).

جاھان ھەلقۇمىغا يەتكەندە قەرزنى قىستاپتۇ،
قولى لېگەنگە يەتكەندە تەرەت (قىستاپتۇ).

جاھاننى بۇزغان چېقىمچى،
كېلىننى بۇزغان بېقىمچى.

جاھاننى سۇ باسسا تەرەپ ـ تەرەپتە،
ئۆكۈزنىڭ غېمى ئوقۇردا ـ ھەلەپتە.

جېدەل بار يەرگە داستىخان كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ.

جىسەكچىنىڭ ئۆلۈكى ساقچى بولۇپ تىرىلىپتۇ.

جىم تۇرغان تامغا ئۇسۇسەڭ بىشىڭ يېرىلار.

جىندىن قىچىپ ئالۋاستىغا ئۇچراپتۇ.

جىننىڭ گېپى چىقسا، جىنى چىقىپتۇ.

## چ

چاپان كۆيسىمۇ كۆيسۇن،
قازان كۆيمىسۇن.

«چاپسانراق» دېسە،
«زاغرامنى يېۋالاي» دەپتۇ.

چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىپتۇ.

چاپىنى تىزىدىن ئاشماپتۇ،
ئالدىنى ياپسا كەينىگە يەتمەپتۇ.

چاپىنى يىرتىقنى پىت تونۇر،
بەدىنى ئوچۇقنى ئىت (تونۇر).

چاپىنى يىرتىقنى ئىت تالاپتۇ.

چاقتا گۇناھ يوق، تانىسى بۇزۇق،
قىزدا گۇناھ يوق، ئانىسى بۇزۇق.

چاقچاق قىلىشنى بىلمىگەن بالا،
ئانىسىنىڭ كۆتىنى كولاپتۇ.

چاۋار ـ چاتقال ئوتۇن بولماس،
كۆپ نىكاھلىق خوتۇن (بولماس).

چورۇق بىلەن خامىنغا سەكرەپتۇ.

چۇمۇلىنى بازغان بىلەن ئۇرۇپتۇ.

چىدىماسىنىڭ باھانىسى تولا،
ئۇششۇقنىڭ دەۋاسى (تولا).

چىرايلىقنى كىم سۆيدى؟
يولدىن ئۆتكەن ئېشەكچى.

چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس،
سەت دەپ ياخشىدىن كەچكىلى (بولماس).

## خ

خان ـ غوجامدىن «شەھەر» كېتىدۇ،
ئامبىلىڭدىن «ھە» كېتىدۇ.

خۇدايىم بار دەپ ئاچ قاپتۇ،
ئېشىكىم بار دەپ كەچ قاپتۇ.

خۇشياقماسنى ئىشقا بۇيرۇساڭ،
ئالتىنچى ئايدا قولى توڭىدۇ.

د

داڭقىڭ چىقمىسا جاڭگالغا ئوت قويۇۋەت.

دەرۋازا يوغان بىر نان يوق.

دوك ئۆزىنى تاغ چاغلاپتۇ،
لويلا ئۆزىنى باغ چاغلاپتۇ.

دۇتار چالدىم يۇسۇپ ـ ئەھمەتكە،
ھېچنېمە كەلمەس قورۇق رەھمەتكە.

دۆلەت باردا ئاتنى كۆرۈڭ مىنگىلى چۆل يوق.

دۆلەت قۇشى قونسا تازنىڭ بېشىغا،
سۇمۇرغ كېلەر ھەركۈنى ئۈنىڭغا قېشىغا.

دۆلەت كېتىپ ئات تۇگۇل تۇتقىلى قول يوق.

## ر

رەللە ئىلغىنىنى قويماس،
دەللە قىلغىنىنى (قويماس).

## ز

زاتى پەسنىڭ تېگى پەس.

زاغراڭنى يەپ،
ناغراڭنى چال.

زەردەك ـ چامغۇر يەر ياراتماپتۇ،
ئەسكى خوتۇن ئەر (ياراتماپتۇ).

## س

«سادىق» دەپ ئىسىم قويسا،
«تۇلكە» دەپ لەقەم ئاپتۇ.

سارايىنى سالغاندا كۆرۈك،
كېلىننى كەلگەندە كۆرۈڭ.

ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماپتۇ.

ساقىلىغا چاڭگا تىزىپتۇ.

سالاچى بولساڭ تۆرگە ئۆت.

ساناقسىزغا سان تەگدى،
ئىشتانسىزغا ئاغ (تەگدى).

ساھىبجامال سەتنىڭ تەلىيىگە ھەۋەس قىپتۇ.

ساينى بۇغداي تېرىمىسا، ھەر يان بۇدۇشقاق بولغۇدەك،
يانچۇقتا كوچەن بولمىسا، خوتۇن ئۇرۇشقاق (بولغۇدەك).

سەتنىڭ ھالى يامان،
چىرايلىقنىڭ دەردى (يامان).

سەككىز ئاتقۇچىغا بىر جىڭ پاختا.

سەللە بىلەن يوتقانغا كىرىپتۇ.

سەللە يوغان ئىمان يوق.

سودىگەرگە بوش كۆرۈندۈك،
يەيدىغانغا گۆش (كۆرۈندۈك).

سوراقچىدىن تۆڭچى يامان.

سوقۇرنىڭ ھىيلىسى شەيتانغا دەرس.

سۇ ئاققان ئېرىقنىڭ ئېچىقى تولا،
چىرايلىقنىڭ چاتىقى (تولا).

سۇ قاپاقتا سۇزۇك،
قوغۇن ساپاقتا سۇزۇك.

سۇ كۆرۈنسە، تەيەممۇم بۇزۇلار.

سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ،
ئوسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ.

سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق.

سۇغا بېرىپ چېلەكنى ئۇنتۇپتۇ.

سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى،
قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى.

سۆلتى بەش ئېشەككە يۈك.

سۇتسىز ئىنەكنىڭ يېلىنى قېلىن،
ۋاپاسىزنىڭ يۈزى (قېلىن).

سۇڭگۇچتىن پاتمايدۇ،
شىشىقتىن كىرىدۇ.

سېزىكى بار سەكرەيدۇ،
خۇدۇكى بار مارايدۇ.

سىبسىق گۆشنى چىۋىن تاپار،
ئەسكى ئىشنى يامان (تاپار).

سىيگەك سۇغا ئامراق،
پۇلى يوق بەزگە (ئامراق).

سىيگەك سۇغا ئامراق،
توڭغاق مۇزغا (ئامراق).

سىيگەك سۇغا ئامراق،
يىگىت ئۇزغا (ئامراق).

## ش

شاپاقتا تېپىلىپ ئۇرۇقتا دۇم چۇشۇپتۇ.

شاكىچىك تىككەن توقۇمنىڭ،
ئالدى ـ كەينىنىڭ پەرقى يوق.

شەھەرمۇ شەھەر باش كۆتۈرگەن،
پۇچۇق تاۋاقتا ئاش (كۆتۈرگەن).

شەيتاننىڭ شاپتۇل يىگىنىگە ھەيرانمەن.

شۇمشەيگەنگە سوغۇق ئۆتۈپتۇ.

شىيلامچىلىق قىلغۇچە،
تىلەمچىلىك قىل.

شىۋىرلىغان يەردە ئىش بار،
قىچىشقان يەردە پىت (بار).

شىۋىقەدىر ئۇچرىمىغان بىلەن قوتۇر ئۆچكە ئۇچراپتۇ.

## غ

غاجايدىغان ئاياغدىن كەچ،
كۆنلەيدىغان خوتۇندىن (كەچ).

غادىيىپ ئوڭدا چۈشۈپتۇ،
ئېگىلىپ ئەۋرەزگە (چۈشۈپتۇ).

غازاڭنىڭ چۈشكۈسى كەلسە بىردەمچىلىك.

غەرەزدە غەرەز بار،
تاز باشتا مەرەز (بار).

غەلۋىردە سۇ توختىماس،
ھاياسىزدا نومۇس (توختىماس).

غەلۋىسى جىق ئۆينىڭ شېكىرىمۇ ئاچچىق.

غوجايىن خوش بولمىسا،
قىلغان خىزمىتىڭ بىكار.

غودۇراپ بەرگەن تاماقنىڭ تەمى يوق.

غورىلاينىڭ پۇتىغا قان تەگسە، جېنى چىققۇدەك.

غورىنى ئانىسى يېسە،
قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ.

غۇلاچقا چىداپ، غېرىچقا چىدىماپتۇ.

غۇلىچى تۇگەپ غېرىچى قاپتۇ.

## ق

قاپاق بېغى بىلەن،
تاسما يېغى بىلەن.

قاپاق سۇنسا قايغۇ يوق،
قېرى ئۆلسە يىغا (يوق).

قاپىقى جۇتنى قىچقىرىدۇ،
كالپۇكى يەرنى سۈپۈرىدۇ.

قاتىلدىن ئىمان كەلسە،
پالتىدىن زۇۋان كېلەر.

قاچىسىدىكىنى ئىچمەي تۇرۇپ، قازانغا قاراپتۇ.

قارىغۇنى ياردا قىستاڭ،
تۇگىنى تاردا (قىستاڭ).

قارىغىن ئىچى پور قاقشال تېرەككە،
غادىيىپ تۇرىدۇ، كەلمەس كېرەككە.

قاغا جىگدىسىنىڭ مېۋىسى تولا،
تەخسىكەشنىڭ ھىيلىسى تولا.

قاغا جىگدىنى يېمەڭ،
مەيدەم ئاغرىيدۇ دېمەڭ.

قالپىقى يوق ۋاڭدىن،
قانتى يوق سا ياخشى.

قانجۇق سەكرىسە كۈچۈك قاۋاپتۇ.

قەرزىڭ مىڭ تەڭگىگە يەتسە،
مانتا بىلەن پولۇ يە.

قوپاللىق — تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئوساللىق.

قورساق ئاچ دەپ خام يەپتۇ،
چوكا ياغ دەپ شام (يەپتۇ).

قورساقنىڭ ئاچقىنى — ئەقىلنىڭ قاچقىنى.

قوڭغۇز ئاتالماسىنىڭ بالىسى توڭگۇز ئېتىپتۇ.

قوڭۇم سىسىق دەپ كېسىۋەتكىلى بولماس.

قولىدا زەي ئاتالمىغان ئاغزىدا پىلمۇت ئېتىپتۇ.

قوناق دانغا ماڭغاندا ساقىلى كۆپ چىقىدۇ،
سەتەڭ تويغا ماڭغاندا چاتىقى (كۆپ چىقىدۇ).

قوناقلىقتا تاش ئاتسام،
كېۋەزلىككە تو كەتتى.

قورۇق چىلەك تاراقشىيدۇ،
بىلىمسىز ئادەم ۋالاقشىيدۇ.

قورۇق دۇئاغا پىت ئۆلمەس.

قورۇق رەھمەتكە مۇشۇك ئوسۇرۇپ بەرمەيدۇ.

قورۇق سۆزگە ئۆي پۈتسە،
ئېشەك ھاڭرىغانغا شەھەر پۈتەر.

قوشقاچچىلىك گۆشى يوق،
ئىلاھا ــ ئامىنغا تورۇپ بولمايدۇ.

قوشناچىم نىمىش قىلىدۇ،
تىكىپ ــ سۆكۈپ ئىش قىلىدۇ.

قول ئات مىنسە چىقمايدىغان دۆڭى قالماس،
دېدەك مونچاق ئاسسا، كىرمەيدىغان ئۆيى (قالماس).

قولنى باريكاللا ئۆلتۈرەر.



ئۇيغۇر كىتابخانىسى www.uyghurkitap.com

قۇلىقى يوق قىزغا،
ئالتۇن يىڭنىلىك تويلۇق ئاپتۇ.

قۇلىقىنى كېسىپ قوغنىنى ياماپتۇ.

قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى،
قاچا يالىغان تۇتۇلدى.

قېلىنلىق — يېرىم دۆلەت.

ك

كادىر ياماندىن قورقىدۇ،
كەتمەن ساماندىن (قورقىدۇ).

«كاللا» دېسە، «پاقالچاق» دەپتۇ،
«پىشۇرۇپ بېرەي» دېسە، «خام يەيمەن» دەپتۇ.

كەپتەرنىڭ يامىنى موللاقچى،
ئادەمنىڭ يامىنى پورداقچى.

كەپسىز، كەپتەر پوقىنى يەپسىز.

كەپسىزنىڭ ئىشى ئەپسىز،
ئەلگە نەپسىز.

كەتمەن چاپقانغا توقۇقزنى بېرىلىك،
ئوكدا ياتقانغا ئوتتۇزنى (بېرىلىك).

كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال.

كۆز دېگەن كامار نېمە،
كۆرمىسە بىكار (نېمە).

كۆز ئۇيقۇغا كەتسە،
قولۇڭ پۇخادىن چىقىپتۇ.

كۆز ئۇيقۇغا كەتكەندە،
قولۇڭ بۇخاراغا كېتىپتۇ.

كۆسەي تۇتقاننىڭ قولى قارا.

كۆڭلى بۇلۇنگەن ئادەم،
يوتقانغىمۇ كىرەلمەس.

كۆڭلى زەھەرنىڭ ئىچىمۇ زەھەر.

كۆڭلى غەشنىڭ يېگىنى لەش.

كۆڭلى قارىنىڭ يۈزى قارا.

كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق.

كۆيۈپ ئۆيلەنگەننىڭ كۆزى يوق.

كۆچۈك ئاز بولسا پور ئات.

كۆشەندىلەر كۆۋرۈكتە ئۇچرىشىپتۇ.

كۆلەلمىسەڭ ھىجايما.

كۆلگەك قىزغا يىگىت ئەگىشەر،
چىچقاق بالىغا ئىت (ئەگىشەر).

كۆلگۈنچەك چوكانغا يىگىت ئامراق.

كېپەنسىز كېپەننى كۆرسە ئۆلگۈسى كەپتۇ.

كېلەڭسىز ئۇسسۇلغا چۈشسە بىر مو يەرگە پاتماپتۇ.

«كىتابتا بار» دەپ قورساق تويدۇرۇپتۇ،
«ئايەتتە بار» دەپ ئادەم قورقۇتۇپتۇ.

كىچىك باشقا مانا دوپپا،
يوغان باشقا قېنى دوپپا.

كىچىك بالا بىر توغرام نانىنىڭ قۇلى.

كىچىك بالا تويغىنىنى بىلمەس،
قېرى ئادەم قويغىنىنى (بىلمەس).

كىچىك بالىغا تىللا بەرسەڭمۇ،
ئېلىپ يەيدىغىنى لەڭپۇڭ.

كىشى قولىدا قۇش تويماس.

## گ

گۆمپىسى يوق چېلىشچىنىڭ دۇمبىسى يەرگە تېگىپتۇ.

گۆشنى يېسەڭ چىشقا كىرىدۇ،
يېمىسەڭ چۆشكە (كىرىدۇ).

گۆھەرنى تاشقا ئۇرۇپتۇ،
ئالتۇننى تېزەككە تاشلاپتۇ.

گېپى گەپكە ئوخشىماس،
ئاغزى گەپتە توختىماس.

## ل

لالما بولغۇچە سالما بول.

«لالما» نىڭ ئابرۇيى بولماس،
«قۇل» نىڭ مەنسىپى (بولماس).

لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس،
ئەرگە تەگكەن قىز (ئەمەس).

## م

مازاقچى مازاقتا ئۆلەر.

ماقۇلنىڭ نەرخى ئەرزان.

مەتنىيازنىڭ بىگىزى كەشكە كىرىپ ئۇخلاپتۇ.

مەخمەل تۆشەك قىينالدى جان،
سامان تەكىيە راھەتى جان.

مەدداھ ئۇيالماس گەپ سېتىشتىن،
ئاچ كۆز قورقماس يۈز كېتىشتىن.

مەزىناخۇنۇمنىڭ كەشى ئالدىدا،
ئۆزى كەينىدە.

مەقسەت يېمەك ـ ئىچمەكتە ئەمەس،
قورساق تويدۇرۇشتا.

مەڭگەننى ھاسا قىپتۇ.

مەن قورقمەن دۆڭدىن،
گەپ قىلمىغان مۆڭدىن.

مەيدىسى قىچىشسا دۇمبىسىنى قاشلاپتۇ.

مولـلا ھوشۇر، تېمىگنى قوپۇر،
تېمىگنى قوپۇرمىساڭ، ئۆيۈگنى كۆچۇر.

موماي موماينى ئانا دەپتۇ.

مۇزنى كۆرگەن بالىنىڭ ناۋات يېگۈسى كەپتۇ.

مۇسا، ۋەجىگگە بېقىپ ئوسا.

مۇشت تەگلىگۈچە مەيدىسىنى چىقىرىپتۇ.

مۇشتنى پارچىلاپ ئاتقىلى بولماس.

مۇگى بار مۇڭ تۆكسە،
مۇگسىز بىگىز تەگلەپتۇ.

مۇنارنى يېتىمغا يۆلەت،
جېنىنى مۇشۇككە تۆلەت.

مۇنەججىمنىڭ ئارپىسى خام قاپتۇ.

مىس ـ مىس گەپ تاشنى يارار،
بايقىمىساڭ باشنى (يارار).

ن

نائۇستىنىڭ گېپى يوغان،
چالا ساتىراشنىڭ كاپلىغۇچى (يوغان).

نەپ ئالار پەس كېلىدۇ،
تەمەگەر گاس (كېلىدۇ).

نەپ بولسا نەپ بار،
نەپ بولمىسا دەرد (بار).

نۇرى يوق چىراغنى پەرۋانە ئايلانماس.

نېنى كىچىك ناۋاي بەك ۋارقىرايدۇ.

نېنى كىچىك ناۋاينىڭ ئاۋازى بوم.

ھ

ھاپىتىغا شاپىتى،
توخرىلىققا مەرەزدا.

ھاتەملىككە ھەشەم كېرەك.

ھاجىتىڭ چۈشسە ئىتنىمۇ «قېرىنداشىم» دەرسەن.

ھاراق بىلەن جايلاپتۇ،
سەتەڭ بىلەن جان ئاپتۇ.

ھاردىم دېسە ھاپاچ بوپتۇ.

ھارماڭ دېسە، خامان باقتىم دەپتۇ.

ھارۋىكەش ياۋاش كالىغا ئامراق.

ھارۋىكەشنىڭ دېگىنى بار،
بىرى كەتسە مىڭى (بار).

ھارۋىنى ئات تارتىدۇ،
كۆلەڭگىسىنى ئىت تارتىدۇ.

ھازازۇل خوتۇننىڭ زىبالىقى بىلىنمەس.

ھازىغا بارغان خوتۇن ئۆز يىغىسىنى يىغلاپتۇ.

ھاكىم پەرىشان،
كىيگىنىم تېرە ئىشتان.

ھاك يەپ شاخا كېكىرىپتۇ.

ھاڭرىمىغان ئېشەكتىن جەرىمانە ئاپتۇ.

ھاڭگا ئېشەك تەخىيگە ئىگە بولماپتۇ.

ھاڭۋاقتى ئوردىغا يىقىلار.

ھاڭۋاقتىغا ھارامزادە ئامراق.

ھالۋىنى ھېكىم يېسە،
تاياقنى يېتىم يەپتۇ.

ھاۋانىڭ يامىنى تىنچىق،
ئادەمنىڭ يامىنى ئىنجىق.

ھايان ماڭا قالسۇن،
زىيان ساڭا (قالسۇن).

ھايۋان بولساڭ مويلۇق بول،
ئادەم بولساڭ خۇيلۇق (بول).

ھايۋان ئىگىسىنى تارتمىسا ھارام.

«ھە، ھۇ» بىلەن ئىش پۈتمەس،
سۆڭەك كەلسە چىش ئۆتمەس.

ھەر جۇۋاز ئۆزگىچە غىچىرلايدۇ.

ھەر چاپاندا تۆت يانچۇق،
خەجلەي دېسە بىر پۇڭ يوق.

ھەر يەرنىڭ تولكىسىنى شۇيەرنىڭ تايغىنى بىلەن ئوۋ-
لىغان ياخشى.

ھەركىم ھەر كويدا،
تاز خوتۇن ئەر كويىدا.

ھەسەلخاننىڭ ئۆيىدە ئۇن يوق،
دۇتار سېتىۋاپتۇ.

ھەسەلدىن قىلنى ئىلغاپتۇ،
ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يەپتۇ.

ھەلەمشاھ ئوۋغا چىقسا،
كەينىدىن غوۋغا چىقىپتۇ.

ھورى تۆگەپ شورى قاپتۇ.

ھوناق ھوناقتا يەتمىدى،
چوڭ ئىتىز قوناقتا (يەتمىدى).

ھېرىپ قالغان ئوق شايىنى تېشەلمەس.

ھېكىم بەگكە نەچچە يىل ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

ھېيتتا تەكلىپ يوق،
كەلمىسىلە تەگلىك (يوق).

## ئو

ئوت بار يەردە تۈتۈن بار.

ئوتۇننىڭ ئەسكىسى كەندىر شىخىدان،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى بەڭگى يېغىدان.

ئوسما قويغان قېشى يوقنىڭ ئىشى،
چىلاپ يېگەن چىشى يوقنىڭ (ئىشى).

ئوسمىغا ئامراقتا ئەر ئامراق،
يۆگىمەچكە يەر (ئامراق).

ئوسۇرغاقتا ئارپا نېنى باھانە بوپتۇ.

ئوسۇرۇقنى يۆتەلدە باستۇرۇپتۇ.

ئوغۇل تەرەپتىن خەۋەر يوق،
قىز تەرەپ ناغرا چاپتۇ.

ئوڭ كاچىتىڭنى ئۇرغانغا،
سول كاچىتىڭنى تۇتۇپ بەر.

ئوڭدا يېتىپ يەپتىمەن،
تۇگىمەسمىكىن دەپتىمەن.

ئولاينى يەپ بولاي سېمىز،
كەڭ قىردىن ئۇچاي ئېگىز.

ئولتۇرسا ئوچاقنى ئۆرۈپتۇ،
قوپسا مورىنى ئۆرۈپتۇ.

ئون ئامبالدىن بىر چېقىمچى يامان.

ئون دوراشتىن بىر سوراش ئەلا.

ئون قات لاتىدىن بىر قات تېرە ئەلا.

ئون ئىتقا يېگۈزگەندىن بىر بۆرىگە يېگۈزگەن خوپ.

«ئويناڭ» دېسە پۇزۇر - پۇزۇر،
«ئىشلەڭ» دېسە تاپۇر قۇسۇر.

ئويلىمىغان يەردىن تۆرەلمىگەن توشقان چىقىپتۇ.

ئويناشسا ئۆكىسى كېلەر،
مۆشتىلاشتىسا ئاكىسى (كېلەر).

ئويۇندىن ئويماق چىقتى،
قازاندىن قوماق (چىقتى).

## ئۇ

ئۇپا چىراينىڭ تاپقىنى — توپا چىراي.

ئۇراي دېسەم قولۇم چولاق،
تېپەي دېسەم پۇتۇم توكۇر.

ئۇرغىنىڭدىن ماختىغىنىڭ ئېشىپ كەتتى.

ئۇرۇقۇقا تېيىلىپ، شاپاققا دۇم چۈشۈپتۇ.

ئۇستا سەيپۇڭ پىچىمچى كېلۇر،
دەللە خوتۇن چېقىمچى (كېلۇر).

ئۇستام ئەتسە ئالمايدۇ،
مەن ئەتسەم قالمايدۇ.

ئۇستام ئېتىدۇ كالا گۆشىدە قالمايدۇ،
مەن ئېتىمەن قوي گۆشىدە ئالمايدۇ.

ئۇستىغا قىلغان ھەش - پەشنىڭ مانجىغا پايدىسى يوق.



ئۇيغۇر كىتابخۇمار تورى www.uyghurkitap.com

ئۈستىغا ئۈستەك، مانجىغا توقماق.

ئۈستىلىق قىلىمەن دەپ ئۈستامغا يولۇقۇپتۇ.

ئۈسسۈزنىڭ كۆزى چەشمىدە،
چاچسىزنىڭ كۆزى ئەشمىدە.

ئۈماچ ئىچىپ چىش كولاپتۇ،
چىراغ پىلىكىدە بۇرۇت مايلاپتۇ.

ئۈماچ ئىچىپ چىش كولاپتۇ،
مۈز يالاپ بويۇن تولغاپتۇ.

ئۈماچقا زەدەك توغراپتۇ،
پولۇغا مەدەك (توغراپتۇ).

ئۈمچى يوق مازاردىن شەيخ قېچىپتۇ.

ئۈياتسىز مۈشۈككە قازناقنىڭ ئىشكى ئوچۇق.

# ئۆ

ئۆت ئاچچىقىدىن كۆت ئاچچىقى يامان.

ئۆتمىگەن قىلىچنىڭ پوقى چاپ.

ئۆتنە ئالغاندا «رەھمەت»،
قايتۇرغاندا «ۋات ـ ۋات».

ئۆتۈكنى ياماپ كىيىپتۇ،
پايپاقنى مايلاپ (كىيىپتۇ).

ئۆتۈكى يىرتىق تۆرگە چىقالماس،
يېڭى يىرتىق ئاش يېيەلمەس.

ئۆچەر چىراغنىڭ يورۇقى سۇس.

ئۆرە تۇرسا بېشى دوققا تېگىپتۇ،
ئولتۇرسا سۆڭگىچى پوققا (تېگىپتۇ).

ئۆرۈك يەپ گاداي بوپتۇ،
ئۈجمە يەپ لاغاي (بوپتۇ).

ئۆز ئانىسىغا «ئايجان» دەپتۇ،
قېيىنئانىسىغا «ۋايجان» (دەپتۇ).

ئۆز ئۆيىدە «پوق» دەپ ئىچەر دوغىنىمۇ،
خەق ئۆيىدە يالماپ يۇتار چوغىنىمۇ.

ئۆز ئۆيىدە مېھرىگىياھ،
ياقا يۇرتتا شومبۇيا.

ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن،
ئەسكى پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن.

ئۆزۈمنىڭ دېسەم ئۆيدەك كۈچۈم بار،
كىشىنىڭ دېسەم ئانچە ـ مۇنچە ئىشىم بار.

ئۆزۈمنىڭ يامانلىقىمدىن،
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.

ئۆزى بىر غېرىچ،
ساقىلى ئىككى غېرىچ.

ئۆزى پەستە تۇرۇپ،
ئۆگزىدىكى ئادەمگە پەشۋا ئېتىپتۇ.

ئۆزى قوڭغۇزدەك،
گېپى توڭگۇزدەك.

ئۆزى كەلگەن يارەي،
ئۆزى كەتكەن يارەي.

ئۆزى مۇشتتەك،
قۇيرۇقى نوغۇچتەك.

ئۆزى ئۆلۈپ، ئۆزى يىغلاپتۇ.

ئۆزى ئۆيگە كىرگۇچە،
نەپسى تۆرگە چىقىپتۇ.

ئۆزى ئۇچۇن ئۇخلاپ،
باشقىلار ئۇچۇن چۈش كۆرۈپتۇ.

ئۆزى ئىزا تارتمدۇ،
كۆڭلى غىزا (تارتمدۇ).

ئۆگزىگە چىقىۋالسام ئىتتىن قورقمايمەن،
قومۇشلۇققا كىرىۋالسام بەگدىن (قورقمايمەن).

ئۆلۈپ يېتىپ ئۆپكە تىلەپتۇ،
چىچىپ يېتىپ كۆرپە (تىلەپتۇ).

ئۆلۈپ ـ ئۆلۈپ ئاز قالدى،
ئاران ئىككى تاز قالدى.

ئۆلۈكتىن ئىمان سورىماق،
كونا تامدىن زۇۋان (سورىماق).

ئۆلىدىغان بالا گۆرىستانغا يۈگۈرۈپتۇ.

ئۆمىلەپ كىرگەن، دومىلاپ چىقىپتۇ.

ئۆي خالىي قالسا، توڭگۇز تۆرگە چىقىدۇ.

«ئۆيگە كىرسىلە» دېگەن تىلىمغا ئېشىكىڭنى باغلا.

ئۆيدە شورپا بولسا،
ئىت بوسۇغىدىن كەتمەس.

ئۆيدە قىلغان مەسلىھەت بازاردا قاملاشماپتۇ،
چىغ تۇۋىدە ئېيتقان ناخشا، تويدا (قاملاشماپتۇ).

ئۆيدە ئۇسۇرۇپ ئۆگەنگەن،
تويدىمۇ ئۇسۇرار.

ئۆيگە خىزىر كەلسە،
ئىشىك تاقىلىپ قاپتۇ.

ئۆيگە ئوغرى كىرگەندە،
ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ.

ئۆيگە ئۆگەنگەن ئۆچكە جاڭگالغا كۆنەلمەپتۇ.

ئۆيگە يولاتماڭ قېرى دەللىنى،
ئىشنى بۇزىدۇ ئۆرۈپ پەللىنى.

ئۆينى ئوغرى ئالغاندىن كېيىن ئىشىك تاقاپتۇ.

ئۆينى ئىجارە بېرىپ،
مېڭىسىنى ئۇششۇتكەن قېرى.

ئۆينىڭ نەم بولۇشى نەمدىن،
ئادەمنىڭ دېۋەڭ بولۇشى يەمدىن.

## ئۇ

ئۇجمە يېگەن سەھەر يېسۇن،
چۈشتە يېگەن زەھەر (يېسۇن).

ئۆزگەك كالىغا ئارقان توشۇماس،
ئىچى سۆرگەنگە ئىشتان (توشۇماس).

ئۆگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،
يۆرتنى تاشلاپ ئارمان (يەپتۇ).

# ۋ

ۋالاقتەگكۆر گەپ بەرمەس،
تۆشۈك قازان نەپ (بەرمەس).

ۋەلىۋاي سۆرگە ئىچسە،
ئاپپاقباينىڭ ئىچى سۆرۈپتۇ.

# ئې

ئېشەكنى ياراتماپتۇ،
ئېشەكچە بولالماپتۇ.

ئېشىكى بەش تەڭگە،
توقۇمى ئون تەڭگە.

ئېگىز ئادەم ئىزا تارتسا،
قارىغىلى يەر تاپالماپتۇ.

ئېگىزدە قويۇپ ئىتقا يېگۈزۈپتۇ،
پەستە قويۇپ پىتقا (يېگۈزۈپتۇ).

ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە،
پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ.

ئېلىپ باقتىم، سېتىپ باقتىم،
يەنىلا ئاتام ئېيتقان بايىقى.

ئېلىپ ـ ئېلىپ ئالتە بولماپتۇ،
يەپ ـ يەپ قورساق تويماپتۇ.

ئېيىقنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋال تېرىسىنى سېتىپتۇ.

ئى

ئىت باغلاقتا سۈرلۈك،
ئادەم سىمىزلىكتە (سۈرلۈك).

ئىت بىلەن بىر بولساڭ،
ئىت خۇيلۇق بولۇرسەن.

ئىت بىلەن خامان تەپسەڭ،
پوق بىلەن چەش ئالارسەن.

ئىت بىلەن دوست بولساڭ سۆڭەك ساقلا.

ئىت بىلەن سايە تالىشىپتۇ،
مۈشۈك بىلەن تۆر (تالىشىپتۇ).

ئىت پادىشاھنى تونۇماس.

ئىت تويسا ئىگىسىنى چىشلەپتۇ.

ئىتتىرىپ بەرگەننى، ئىت يېمەس.

قاتتىق سۆڭەك ئىت ئاغزىدا ئېرىيدۇ.

ئىتتەك ماڭسا غولدۇر ــ غولۇپ دەيدۇ،
ئاستا ماڭسا مىس ــ مىس پوق دەيدۇ.

ئىتنى تۆرگە ئېلىپ چىقساڭ غىڭىلداپ پەسكە چۈشەر.

ئىتنىڭ بالىسى گوسلانخان،
مۈشۈكنىڭ بالىسى ئاسلانخان.

ئىزا تارتقىنىم ــ غىزا تارتقىنىم،
دەشنام يېگىنىم ــ بەش نان يېگىنىم.

ئىسسىق گەپتە ئېرىپ،
سوغۇق گەپتە توڭلاپتۇ.

ئىسسىق ناننىڭ جېنى بار،
يەنە يېسەڭ يەنە بار.

ئىش باشقا چىقتى،
ئىشتان ئاياغقا چۈشتى.

ئىش تەس كەلسە، كەتمەن سېپىنى سۇندۇرۇپتۇ.

ئىش ئوڭغا تارتسا، ئىشتان سوڭغا تارتار،
ئىككى قاغا پوق تالاشسا ئوۋچىغا پايدا.

ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن.

ئىشنى قىلغان كانايچى،
بالاغا قالدى سۇنايچى.

ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسىگەننىڭ چېتى يېرىلار.

ئىككى يامان دوستلاشتى،
ياخشى بىلەن خوشلاشتى.

ئىلاھە ئامىن،
هارام پۇل جانغا زامىن.

ئىلىنىڭ دەرياسىغا،
ئالتايدا تورۇپ ئۆتۈك ساپتۇ.

ئىمام ئاخۇنۇم يۆتەلسە،
جامائەت زۇكامداپ قاپتۇ.

ئىنساب قالمىدى چوڭدا،
ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

## ي

ياتنىڭ ئوتنى پۈۋلەپ ساقلى كۆيۈپتۇ.

ياخشىلار يوقالسا، خۇدانىڭ مۈلكىنى ئىشەك ئىگىلەيدۇ.

يارىنىڭ ئۈستىگە كۆيدۈرگە چىقىپتۇ.

ياسانچۇق توخماي تىترەيدۇ.

ياسانچۇق ياسانغۇچە توي تارقاپتۇ.

ياسانچۇقتىن قارانچۇق ياخشى.

ياغاق ئاتىنىڭ مايماق ئىگىرى بار.

ياغلىق ئۈچەيگە ياغ تىققاندەك.

ياڭاق شۆپۈكىدە سۇ ئىچكەن قىز،
تاۋۇز شاپىقىدىمۇ چاي ئىچىدۇ.

يالاقچى يالاپ تويماس،
غالچا غاجاپ (تويماس).

يالاقچى يالاق تۈۋىدە،
ئىجمەل تاياق (تۈۋىدە).

يامان ئوتۇن «ۋش - ۋش»،
يامان خوتۇن «ۋىت - ۋىت».

يامان ئىت زەنجىردە توختايدۇ،
يامان ئادەم خەنجەردە (توختايدۇ).

يانچۇقۇمدا بىر پۇڭ يوق،
ئېتىم مارجانبۇۋى.

ياندا بولسا يالىغلى ياخشى.

ياۋاشنى بوزەك ئەتمىسەڭ،
قىيامەتتە سورىقى بار.

ياۋاشنى تاپسام،
قوڭغا يىپنى ساپسام.

يورغا مىنگەن يولدا قاپتۇ.

يوغاننى يونۇپ يەپتۇ،
كىچىكنى شۇمۇپ (يەپتۇ).

يولسىز ئادەم لەنەتكە ئامراق.

يۇندىسىنى ئىت كۆرمەپتۇ،
ياقىسىنى پىت (كۆرمەپتۇ).

يۇندىنى ئالتۇن تاۋاقتا ئىچىپتۇ،
ئابى زەمزەمنى ساپال تاۋاقتا (ئىچىپتۇ).

يۇندىنى ئەينەك قىلغىلى بولماس.

يۇز خان بىر تازغا يارىماپتۇ.

يۇزىنى يۆگەپ كۆتىنى ئوچۇق قويۇپتۇ.

يۇگەنسىز ئاتنى پالۋان مىنمىسۇن.

يېمەيمەن دەپ تۇرۇپ يەتمىش قۇيماق يەپتۇ.

يىلان ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئاياپ قويمايدۇ.

# قوشۇمچە (1):



# «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىكى
# ماقال - تەمسىللەر

# ئا

ئارىماز نەچە يۇسا قان بىرلە قان.
(ئېرىماس قانچە يۇسا قان بىرلە قان.)

ئاژۇن كۆلچىرەر باز ئالىن قاشى چانار،
بىل ئەلگىن تۇتۇپ شەھد بىرىن زەھر قاتار.
(جاھان گاھ كۈلۈپ، گاھ قاپاقنى تۈرەر،
ئۇ قولىدا ھەسەل بار، بۇ قولدا زەھەر.)

ئاغىز تىل بەزەكى كۆنى سۆز تۈرۈر.
(بېزەكتۈر ئېغىز ـ تىل ئۇچۇن راست لەۋز.)

ئاقى بول، ئاقىلىق سەنى سەۋدۇرۇر.
(سېخىي بول، سېخىيلىق ئىززەتلىك قىلار.)

ئايا مال ئىدىسى ئاقى ئەدگۈ ئەر،
بەيات بەردى ئەرسە ساڭا سەن مە بەر.
(ئەي، باي ـ مۇلۇكدار، سېخىي ياخشى ئەر،
خۇدايىم بېرىپتۇ ساڭا، سەنمۇ بەر.)

ئايا دوست بىلىگلىگ ئىزىن ئىزلەگىل،
قالى سۆزلەسەڭ سۆز بىلىپ سۆزلەگىل.
(ئەي دوست، بىلىملىك ئىزىن ئىزدىگىن،
ئەگەر سۆزلىسەڭ سۆز، بىلىپ سۆزلىگىن.)

## ئە

ئەگىلمەز كۆڭۈلنى ئاقى ئەر ئەگەر.
(ئېگىلمەس كۆڭۈلنى مەرد ئەر ئېگەر.)

ئەرەن كۆركى ئەقل ئول سۆڭەكنىڭ يىلىگ.
(ئەرنىڭ كۆركى ئەقىل، سۆڭەكنىڭ يىلىك.)

ئەسەل قايدا ئەرسە بىلە ئەرسى،
ئەرى زەھرى تاتغۇ ئەسەلدىن ئورا.
(تېتىيسەن زەھەرنى ھەسەلدىن بۇرۇن،
ھەسەل نەدە بولسا، قېشىدا ھەرە.)

ئەمەل قۇددى ئالىم ۋە زاھىد ۋەرەئـ.
ئارىف رەقس چىقارىپ ئەتەر خۇش سەمائـ.
(ئىلىمنى ئۇ، تەقۋانى بۇ تاشلىدى،
بىلىملىك ئويۇنچى ساما باشلىدى.)

## ب

بايىنقى بۇلۇت تەگ يا تۇش تەگ ھالى،
دىرەڭسىز كەچەر بەخت يا قۇش تەگ ئۇچار.
(بەخت خۇددى يازغى بۇلۇت ياكى چۇش،
دېرەكسىز كېتەر، يا ئۇ قۇشتەك ئۇچار.)

بەخىل ناكەس ئوتۇن تاۋار پاسبانى،
يىغار يەمەز ئىچمەز تۇرار بەرك ئانى.
(بېخىل ھىممىتى يوق، مېلىغا چاكار،
يىغار، يەپ ـ ئىچىشكە ئايار، چىڭ تۇتار.)

بەخىللىق ئوتالاپ ئوڭۇلماز ئىگ ئول،
بەرىمەدىن بەخىل ئەلگى كەد بەركلىگ ئول.
(بېخىللىق كېسەل، يوق داۋاسى غۇلى،
بېرىشكە بېخىلنىڭ يومۇق چىڭ قولى.)

بەقاسىز ئەرۇر بۇ ئاژۇن لەززەتى،
كەچەر يىل كەچەر مەزە مۇددەتى.
(تۇراقسىز بولۇر بۇ جاھان لەززىتى،
شامالدەك ئۇتنىڭ تەم ـ تېتىق مۇددىتى.)

بەھالىغ دىنار ئول بىلىگلىگ كىشى،
بۇ جاھىل بىلىگسىز باھاسىز بېشى.
(باھالىق دىناردۇر بىلىملىك كىشى،
بىلىمسىز نادانىنىڭ باھاسىز بېشى.)

بىلىگ بىرلە بولنۇر سەئادەت يولى.
(ئېچىلار بىلىمدە سائادەت يولى).

بىلىگ بىرلە ئالىم يوقلادى،
بىلىگسىزلىك ئەرنى چۆكەردى قۇدى.
(بىلىمدۇر ئالىمنى ئەزىز ئەيلىگەن،
يەر بولار ئەقىلسىز، بىلىم بىلمىگەن.)

بىلىگ بىلدى، بولدى ئەرەن بەلگۈلۈگ،
بىلىگسىز تىرىكلەر يىتۇك كۆرگۈلۈگ.

(بىلىمدە بولۇر ئەر تونۇش بەلگىلىك،
بىلىمسىز تىرىكلەر قالار كۆمۈلۈپ.)

بىلىگكە يا دوست ئۆزۈڭنى ئولا.
(تۇتۇپ ماڭ بىلىملىك كىشى قولىنى.)

بىلىگلىگ ئەر ئۆلدى ئاتى ئۆلمەدى.
(بىلىملىك ئەر ئۆلسە، ئىتى ئۆلمىگەي.)

بىلىگلىگ بىرىڭە بىلىگسىز مىڭىن،
تەڭەگلى تەڭەدى بىلىگنىڭ تەڭىن.
(مىڭ نادان ـ بىلىمەسنى بىر بىلگەن يېڭەر،
بىلىمنىڭ سالمىقى شۇندىن بىلىنەر.)

بىلىگلىگ بىلىگنى ئەدەرگەن بۇلۇر،
بىلىگ تاتغىن ئاي دوست بىلىگلىگ بىلۇر.
(كىشى ئىزدىنىشتە بىلىگلىك بولۇر،
ئۇنىڭ تەمىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر.)

بىلىگلىگ كىشى كۆر بىلۇر ئىش ئودىن،
بىلىپ ئىتەر ئىغنى ئۆكۈنمەز كىدىن.
(بىلىملىك كىشى ئىشتا پەيتنى تۇتار،
شۇڭا ھېچ ئۆكۈنمەس، ئىشىدا ئۇتار.)

بىلىگسىز يىلىگسىز سۆڭەك تەگ ھالى،
يىلىگسىز سۆڭەككە سۇنۇلماس ئەلىگ.
(مىسالى بىلىمسىز يىلىكسىز سۆڭەك،
يىلىكسىز سۆڭەككە سۇنۇلماس ئىلىك.)

بىلىگسىزكە ھەق سۆز تاتىغسىز ئەرۈر،
ئاڭا پەند نەسىھەت ئاسىغسىز ئەرۈر.
(بىلىمسىزگە ھەق سۆز تېتىمسىز ئىرۈر،
ئاڭا پەند ـ نەسىھەت يېقىمسىز ئىرۈر.)

بىلىگلىگ كىشى كۆر بىلۈر ئىش ئۇدىن.
(بىلىملىك كىشى ئىشنىڭ پەيتىنى تۇتار.)

بىلىگلىگ كەرەكلىگ سۆزۈگ سۆزلەيۈر،
كەرەكسىز سۆزنى كۆمۈپ كىزلەيۈر.
(بىلىملىك بىلىپ جايىدا سۆزلىگەي،
كېرەكسىز سۆزنى كۆمۈپ تۈزلىگەي.)

بۇ ئاژۇن ما كۆرمەككە كۆركلۈگ تاشى،
ۋە لېكىن ئىچىندە تۇمەن ناخۇشى.
(كۆرۈملۈك كۆرۈنگەي جاھاننىڭ تېشى،
بىراق بار ئىچىدە تۇمەن ناخۇشى.)

بۇ ئاژۇن رىبات ئول تۇشۇپ كۆچگۈلۈگ،
رىباتقا تۇشۇگلى تۇشەر كەچكۈلۈگ.
(بۇ ئالەم سارايدۇر چۈشۈپ ئۆتكىلى،
سارايغا چۈشەرمىز قونۇپ ئۆتكىلى.)

بۇ ئاژۇن مەزەسى قاتىغلىغ مەزە،
ئىزادى ئۆكۈشرەك مەزاسى ئارا.
(جاھان تاتقى ئەبجەش، بولار بىمەززە،
ئۇنىڭ دەردى كۆپ، لەززىتى ئاز ـ بىمزە.)

بۇ بۇدۇن تالۇسى ئاقى ئەر تۇرۇر،
ئاقىلىق شەرەف جاھ جەمال ئارتۇرۇر.

(خەلق ئىچرە ياخشى كىشى مەرد ئىرۇر.
سېخي بول، ئۇ ئىززەت ـ ئىناۋەت بېرۇر.)

بۇ يالغان سۆز ئىگ تەگ كونى سۆز شىفا.
(راست سۆزلۈك شىپادۇر، يالغىنى كېسەل.)

كەدىم تون تالۇسى كونىل ك تونى.
(كىيىمنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونى.)

بۇ يالغان سۆز ئىگ تەگ كونى سۆز شىفا.
(يالغان سۆز كېسەلدۇر، راست سۆز شىپا.)

بۇكۇن بار يارىن يوق بۇ دۇنيا نەڭى،
مەنىڭ دەمىشىڭ نەڭ ئادىنلار ئوڭى.
(بۇگۇن بارى ئەتە جاھاندىن يىتەر،
«مېنىڭ بۇ» دېسەڭ خەق قولىغا ئۆتەر.)

بۇرۇن باشقا بۆركنى كەدەر باش كېرەك.
(بۆكنى كىيمەك ئۈچۈن باش كېرەك.)

بىلۇرمەن دەسە ئەيب ئۆزى بىلمەسىن.
(ئەيىبتۇر بىلمىگەننى بىلمەن دېيىش.)

ت

تاۋار ئاسىغى نە ئول بارۇرسەن يالىڭ.
(مۇلۇك پايدا بەرمەس كېتەرسەن يالاڭ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەكەببۇر لىباسىن كەدىپ تاپ سالىن،
كەرىپ خەلقغا كۆگزۈڭ تاپ ئۇسلان تىلىن.
(كىبىرنىڭ تونى بولسا ئۇستۇڭدە، سال!
تىلىڭ يىغ، غادايما تۇزەت بىھايال.)

تەكەببۇر قاموغ تىلدە يىرلۇر قىلىق.
(كىبىر ـ بارچە تىلدا ئەيب، بەتقىلىق.)

تىلى يالغان ئەردىن يىراق تۇر تەزە،
كەچۈرسەن مە ئۆمرۈڭ كونىلىك ئۆزە.
(يالغانچىدىن تەز ئاراڭنى ئۈزۈپ،
ياشا راست لەۋزدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ.)

تىكەن ئەدلەگەن ئەر ئۈزۈم بىچمەز ئول.
(تىكەن تىرىغانلار ئۈزۈم ئالالماس.)

# خ

خىرەدلىغ بولۇر تىلى بوش كىشى،
تەلىم باشنى يەدى بۇ سۆز تىل بوشى.
(ئەقىللىك سانالماس تىلى بوش كىشى،
تالاي باشقا چىقتى ئىغىز ـ تىل بوشى.)

## س

سۆڭەككە يىلىك تەگ، ئەرەنكە بىلىگ.
(سۆڭەككە يىلىك تەگ، ئوغۇلغا بىلىم.)

## ق

قەزا بىرلە سانچىلۇر ئاداققا تىكەن.
(ئاياغقا بىسوراق تىكەن كىرەلمەس.)

قەزا كەلسە يۈگرۈك يۈگۈرمەز ئۆرۈپ.
(قازا كەلسە ئۆرساڭمۇ چاپماس ئېتىڭ.)

قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۇر.
(بوشاڭ تىل چىشىڭنى چاقار - سۇندۇرار.)

## ك

كەرەم بىر بىناتەگ ئاڭا ھىلىم ئۇل ئول،
يا بوستان تەگ ئول ھىلىم كەرەم ئال گۈل ئول.

(كېرەمدۇر ئىمارەت، ھەلىملىك ئۇلى،
بىرىدۇر گۈلىستان، بىرىدۇر گۈلى.)

كۈدەگىل تىلىڭنى كەل ئاز قىل سۆزۈڭ،
كۈدەزىلىسە بۇ تىل كۈدەزلۇر ئۆزۈڭ.
(تىلىڭنى بوشاتما، ئازايسۇن سۆزۈڭ،
ئۇ تىزگىندە بولسا، ئامان سەن ئۆزۈڭ.)

كۆكى كۆلۈگ ئەرنىڭ خۇيى كۆركلۈگ ئول،
بۇ كۆركلۈگ قىلىققا كۆڭۈل ئۆركلۈگ ئول،
(تېگى ئۇز كىشىنىڭ خۇيى ھەم بەلەن،
كۆڭۈل باغلىنۇر شۇ خۇيى ئۇز بىلەن.)

كىم ئول يولىۇغ ئەرسە ئانىڭ يولى يوق.
(كىمكى يوللۇق بولسا، شۇنىڭ يولى تار.)

م

ماڭا بولسا فەزلىك قۇتۇلدى ئۆزۈم،
ئەگەر بولسا ئەدلىك قاتىغلىق ماڭا.
(ئەپۇغا ئېرىشسەم قۇتۇلدۇم، ئەگەر،
ئۇنىڭ ئەكسى بەرھەق پالاكەت ماڭا.)

مۇمىنلىق نىشانى تەۋازۇ ئەرۇر.
(مۆمىنلىك نىشانى كەمتەرلىك ئىرۇر.)

مىڭ ئەر دوستۇڭ ئەرسە ئۆكۈش كۆرمەگىل.
بىر ئەر دۇشمەن ئەرسە ئانى ئازلاما.

(مىلق ئادەم ساڭا دوست بولسا كۆپ دېمە،
ئەگەر دۈشمىنىڭ بىر بولسا، ئۇنى ئاز دېمە.)

## ن

نە كىم كەلسە ئەركە تىلىندىن كەلۇر،
تىلىندىن كىم ئەدگۈ كىم ئىسىز بولۇر.
(جىمى ئىش كىشىگە تىلىدىن كېلەر،
ياخشى - يامانىنى ئەل تىلىدىن بىلەر.)

نەچە تەتىك ئەردىن بىرلە سەھۋ كەلۇر،
نەچە پۇر ھۇنەرلىغىدا بىر ئەيىب بولۇر.
(زېرەكمۇ خاتالاشقۇسى گاھىدا،
ئۆتەر ئەيىب ھۇنەرگە كامىل ئۇستىدا.)

نىقاب كۆترۇر ئاژۇن بىرەر يۇز ئاچار،
يازار قول قۇچار تەگ يانا تەرك قاچار.
(جاھان بەزى قايرىپ نىقاب، يۇز ئاچار،
يايار قول، قۇچاقلار دېسەڭ غىپ قاچار.)

## ھ

ھۇنەرسىزقا مۇندىن جەفا ئازراق ئول.
(ھۇنەرسىزگە جاھانىنىڭ جاپاسى ئازدۇر.)

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

## ئۇ

ئۇقۇپ سۆزلە سۆزنى ئېۋىپ سۆزلەمە،
سۆزۈڭ كىزلە كىمدىن باشىڭ كىزلەمە.
(بىلىپ سۆزلەپ، قىلغىن ئۇنى پىشۇرۇپ،
بېشىڭچۇن گېپىڭنى دېگىن يوشۇرۇپ.)

ئۇلۇغلۇققا تەگسەڭ ياڭلىما ئۆزۈڭ،
قالى كەدسەڭ ئەتلەس ئۇنىتما بۆزۈڭ.
(ئۆسسە مەرتىۋەڭ يۇر ئۆزۈڭنى بىلىپ،
ماتانى ئۇنۇتما ئەتلەسنى كىيىپ.)

## ئۆ

ئۆكۈش سۆزلەگەندە ئۆكۈنگەن تەلىم،
تىلىن بىكلەگەندە ئۆكۈنمىش قانى.
(گېپى جىقلىقىدىن ئۆكۈنگەن تالاي،
تىلىنى يىغىشتىن ئۆكۈنگەن قېنى؟)

## ئى

ئىسسىز قىلغان ئەركە سەن ئەدگۈ قىلا.
(يامانلىق سېغىنغانغا سەن ياخشىلىق قىل.)

ئىشى ئەدگۈ بولسا ئەر ئەدگۈ بولۇر.
(كىشى دوستى ياخشى، ئۆزى ياخشىدۇر.)

## ي

ياراغلىق ئاشىڭنى كىشىگە يەدۈر،
ياراغ بۇلساڭ ئۇپراق يالىڭنى بۇتۇر.
(تېتىملىق ئېشىڭنى كىشىگە يېگۈز،
يارامىلىق ئىگىننى يېلىڭغا كىيگۈز.)

يازۇقلۇغ كىشىنىڭ يازۇقىن كەچۈر،
ئەداۋەت كۆكىنى قازىپ سەن كۆچۈر.
(ئەيىبكار كىشىدىن ئەيىبنى كەچۈر،
ئاداۋەتنى قاز، يىلتىزدىن كۆچۈر.)

يەتەر باشقا بىر كۈن بۇ تىل بوشلاغى.
(تىلىڭنىڭ بوشلۇقى بېشىڭغا چىقار.)

يىگىت قوجا بولۇر، ياشى ئەسكىرۇر.
(يىگىتلەر قېرار، يېشى كونىرار.)

يىقىلىغقا تىرەپ كەسۈكلۈگ ئولا.
(يىقىلغاننى يۆلە، كېسىكنى ئۇلا.)

يىلان تەگ بۇ ئازۇن يىلان ئوقلاغۇ،
يوقاماققا يۇمشاق ئىچى پور ئاغۇ.
(يىلاندەك بۇ ئالەم ئۇنى ئۇرغۇلۇق،
يوقاتماققا يۇمشاقۇ، زەھىرى تولۇق.)

يىمىشسىز يىغاچ تەگ كەرەمسىز كىشى.
(يېمىشسىز دەرەختۇر ئىچى تار كىشى).



www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
قايتا تەكشۈرگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن
بەت ياسىغۇچى: ئابلەت ئاۋۇت
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

كىتاب نامى: ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى (1)
تۈزگۈچىلەر: ئادىل مۇھەممەت، روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 23.25
نەشرى: 2016 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2017 - يىلى 1 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 8734 - 7
باھاسى: 68.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى - شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5469-8734-7
9 787546 987347 >
定价：68.00 元